ISSN 1005—5878

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى

1

2013

新疆大學學報

哲学社会科学维吾尔文版

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

## پەسىللىك ژۇرنال


باش مۇھەررىر

**ئابلىكىم ياسىن**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

**ئابدۇروسۇل كىچىككىئاخۇن**

**قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى**

بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى

**ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

**مۇقىم سەھىپىلەرنىڭ مەسئۇللىرى**

«غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»نىڭ مەسئۇلى

**ئابلىكىم ياسىن**

«سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**تۇرسۇن قادىر**

«تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

«ئەدەبىيات تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**ئابدۇروسۇل كىچىككىئاخۇن**

«قانۇن، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى**

**2013 ـ يىللىق 1 ـ سان**

**(ئومۇمىي 133 ـ سان)**

بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى
ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلپىقار ئابدۇرېشىت
رۇسچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلھايات ئامانۇللا
بەت ياسىغۇچى: ئەخمەتجان ئۆمەر



**تەھرىر ھەيئەتلەر**

ئابدۇكېرىم رەھمان بۇچى
ئابلىكىم ياسىن
ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان
ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر
ئابدۇقادىر جالالىدىن
ئابدىلىم ئابدۇرېھىم
ئابلىكىم ھەسەن
ئابدۇشۈكۈر مۇللەك يۇرچى
ئابدۇۋەلى ھامۇت
ئادىل مۇھەممەت تۇران
ئابدۇبەسىر شۈكۈرى
ئابدۇروسۇل كىچىككىئاخۇن
ئاسىمە نىياز
پەخرىدىن ھېسامىدىن
تۇرسۇن قادىر
چىمەن نەجمىدىن
راھىلە داۋۇت ئەلچىن
شېرىن قۇربان
غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر
قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى
كۈرەش مەھمۇتجان رەئىسى
مۇختەر مەخسۇت
مۇھەببەت قاسىم
ئوسمان ئىسمايىل تارىم
ئۆمەر مەھمۇت

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
34 ـ يىللىق 1 ـ سان(ئومۇمىي 133 ـ سان) 2013 ـ يىلى 3 ـ ئاي

# بۇساندا

«خەلق رازى بولىدىغان» يۇقىرى سەۋىيەلىك ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇشنىڭ يېڭى تەرەققىيات يولى.....تاشپولات تېيىپ (1)
پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى.......................ئابلىكىم ھەسەن ئۆگەن (6)

## غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيەسىدىكى ئۈچ مەشھۇر غەزەل ھەققىدە ........................ غ. ئو. ئوتغۇر (15)
شىنجاڭ قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئەنئەنىۋى يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە ئىزدىنىش.........
..................................................... چىمەن نەجمىدىن، مەمەت زۇنۇن ئابدۇكېرىم (24)
ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا جەدىتىزم.......................... ئابدۇشۈكۈر مولالەك يۇرچى (31)
ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدىكى باياننىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدا..............................سۇلايمان قەييۇم (37)

## سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى

مىللىي ئىستۇدېنتلىرىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىستېمال قارىشى ۋە ئىستېمال ھەرىكىتى توغرىسىدا..................
.........................................................................................ئابدۇللا ئىسمائىل(43)
كارخانىنىڭ «پاي چېكى قەرەل ھوقۇقى پىلانى»نى قوللىنىش جەريانىدا ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش ..................................ئەسقەر ئەنۋەر ئەلسۆيەر(50)

## تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

فۇيۈ قىرغىز تىلى توغرىسىدا.......................... مەھمەت ئۆلمەز، زەمىرە ئەخمەت(تەرجىمە قىلغۇچى) (54)
قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى «ئىرق بىتىك» ئۈستىدە مورفولوگىيەلىك تەھلىل............. ئابابەكرى ئابدۇرەشىد(68)
خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدىكى قوش ئىسىملارنىڭ ياسىلىش ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مۇلاھىزە.......................
..................................................................................... غەيۇر ئابدۇقادىر(73)
يەر ناملىرى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا..........................
.........................................................................................قەييۇم مىجىت(79)
زامان ۋە ماكان نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى چار بازارلىرىغا نەزەر ..........................خالىدە ئىسلام (83)

## ئەدەبىيات تەتقىقاتى

بەدىئىي زوقلىنىش مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى..................................ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن(88)
«قۇم پەسلى»دىكى بالىلار ئوبرازى ................................................بۇلبۇل ئەكرەم(93)
ئۇيغۇ رومان ئىجادىيىتىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.........................................................................مەريەم قۇربان (104)
20ـ ئەسىردىكى يېتىلگەن تىل سەنئەتكارى.........................................شاۋكەت ئېلاخۇن(109)

## قانۇن، تارىخ تەتقىقاتى

شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنىڭ قانۇنچىلىق ئاساسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا... ئەخمەت مامۇت(116)
تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھازىرقى كۆرگەزمە ئەھۋالى توغرىسىدا............ گۈلنۇر ھەمدۇل(122)
يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن مىراس ـــ كارىز...........................رۇقىيەگۈل مەخمۇت (131)

## كۇتۇپخانا تەتقىقاتى

كۇتۇپخانىلاردا مىللىي تىل-يېزىقتىكى كىتاب-ماتېرىياللارنى باشقۇرۇشتا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر توغرىسىدا.............................................. رېيقەت ئابدۇرېشىت(135)

ژۇرنالنىڭ ئاساسىي پارامېترى: CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2013-1

新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版）

第34卷第1期（总133期）　2013年3月

# 目　录

建设“人民满意”高水平大学的新思路……塔西甫拉提·特依拜(1)

《党的正确领导与祖国的崛起》……阿布里克木·艾山(6)

## 西域文化研究

论析 18 世纪维吾尔文学史上的三首名诗……海热提江·乌斯曼(15)

新疆喀什维吾尔族传统饮食文化特点探析……奇曼·乃吉米丁，买买提祖农·阿布都克力木(24)

现代维吾尔文学中的革新改革思想……阿布都许库尔·莫拉克(31)

维吾尔当代小说叙事方式的演变……苏来曼·克依木(37)

## 政治、经济与管理学研究

民族大学生目前的消费观念和消费行为……阿布都拉·司马依力(43)

企业运用《股票期权计划》过程中存在的问题和解决方法分式探索……艾斯凯尔·艾尼万(50)

## 语言与文化研究

论富裕—柯尔克孜语现象……麦赫迈提·欧勒迈兹(54)

古代突厥文《占卜书》语言的形态分析……巴克力·阿卜杜热西提，扎米拉·艾合麦提(68)

汉维鸟类名称的理据性对比分析……海尤尔·阿布都卡迪尔(73)

浅谈新疆地名及其语言结构特点……克优木·米吉提(79)

从时空视角看维吾尔传统集贸市场……哈丽达·斯拉木(83)

## 文学研究

艺术欣赏是精神生活的需求……阿布都肉苏力·克其克阿洪(88)

《沙漠季节》中的儿童形象……布力布力·艾克热木(93)

论维吾尔长篇小说创作特征及其与维吾尔古典文学的关系……麦尔叶木·库尔班(104)

在20世纪出头露面的语言艺术家……肖开提·依拉洪(109)

## 法学、历史研究

论完善新疆跨越式发展的法制基础……艾合买提·马木提(116)

吐鲁番文物展览现状分析……古丽努尔·汉木都(122)

谈吐鲁番坎儿井文化遗产的保护……肉克亚古丽·马合木提(131)

## 图书馆研究

图书馆民文图书管理中存在问题研究……热普海提·阿布都热西提(135)

〔期刊基本参数〕：CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2013-3

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2013)01_001_05

# «خەلق رازى بولىدىغان» يۇقىرى سەۋىيەلىك ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇشنىڭ يېڭى تەرەققىي يولى*

تاشپولات تېيىپ

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** مائارىپ مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۇلى. «تىرىشىپ خەلق رازى بولىدىغان مائارىپ بەرپا قىلىش» نىشانى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغان ۋە مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا قەتئىي چىڭ تۇرىدىغان ئىرادىسىنى تولۇق ئىپادىلىدى. ماقالىدە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئېھتىياجلىق بولغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەشكە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك مائارىپقا بولغان ئېھتىياجىغا، ئادەمنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىش نىشانىغا تېخىمۇ ماس كېلىدىغان ئۇنىۋېرسىتېت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش تەپەككۇر يولى ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ.

**摘要**：教育是民族振兴和社会进步的基石。“努力办好人民满意的教育”目标充分体现了党中央对教育事业的高度重视和优先发展教育的坚定决心。本文较深入地分析了新疆大学更加符合自治区经济社会发展对人才培养的需要，更加符合全疆各族人民对优质教育的期盼，更加符合促进人的全面发展目标的思路。

**Abstract:** The education is the foundation of national promotion and social development. The establishment of the goal of “Establish the People satisfied, Quality-First Education System” fully embodies the Party’s highly attention and determination of giving the priority to develop the education. This thesis discusses the idea of how to perfect the Xinjiang University to accord more to the needs of economic and social development of the Xinjiang Uyghur Autonomous Region, to the expectation for receiving a high-quality education from people of all nationalities and the requirement of the goal to create all-round developed and qualified personnel.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G47　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

مائارىپ مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۇلى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا مائارىپ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشنىڭ ئالدىغا قويۇلۇپ، «تىرىشىپ خەلق رازى بولىدىغان مائارىپ بەرپا قىلىش» تەكىتلەندى، شۇنداقلا مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلمىي تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئالاقىدار ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئېلىپ بېرىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ۋە مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا قەتئىي چىڭ تۇرىدىغان ئىرادىسى تولۇق ئىپادىلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن نىشان كۆرسىتىپ بېرىلىش بىلەن بىرگە، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيى روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى ئاڭلىق ھالدا پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيى روھى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە قىلىش، قۇرۇلتاي روھىنى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئېڭىغا ئومۇميۈزلۈك ۋە چوڭقۇر

* بۇ ماقالە 2012 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** تاشپولات تېيىپ(1958 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، پىروفېسسور، دوكتورانت يېتەكچىسى.

سىڭدۈرۈپ، ئۇنى مائارىپ ئىسلاھاتى ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلدۇرۇش، ھەر تۈرلۈك ئىشلارنىڭ ئىلمىي تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرگە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئېھتىياجلىق بولغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەشكە ماس كېلىدىغان، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپقا بولغان ئېھتىياجىغا، ئادەمنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىش نىشانىغا تېخىمۇ ماس كېلىدىغان ئۇنىۋېرسىتېت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

## 1. سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش نىشانىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك

پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنى پارتىيە بىلەن خەلقنى مائارىپ ئىشلىرىغا ئۇيۇشتۇرىدىغان ئومۇمىي تەلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مائارىپ يولىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدا : «مائارىپنى ئالدىن راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مائارىپنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، ئەخلاق يېتىلدۈرۈش ئادەم تەربىيەلەشنى مائارىپنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى قىلىش، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلار ۋە ئىزباسارلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش لازىم»لىقى ئالاھىدە تەكىتلەندى ھەم تىرىشىپ خەلق رازى بولىدىغان مائارىپ بەرپا قىلىشنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر شەرھلەندى. مائارىپنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، ئادەمنى ئاساس قىلىش، ئەخلاق يېتىلدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ماھىيەتلىك تەلەپ تەكىتلەندى. بىز پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى مەكتەپ تەربىيەسىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە ئەخلاق ساپاسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا، ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئىگە يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەربىيەلەپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدىغان مۇستەھكەم قورغان ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىلىك ئورۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

## 2. مەكتەپنىڭ ئىلمىي تەرەققىيات ۋە ئالاھىدە تەرەققىيات يولىدا مېڭىشىغا تۈرتكە بولۇش لازىم

2012 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، مەكتەپ پارتكومى پۈتۈن بىر يىللىق خىزمەتلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا «قانداق شەكىلدىكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇش، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى قانداق قىلىپ ياخشى قۇرۇپ چىقىش» دېگەن بۇ مۇھىم تېمىنى چۆرىدەپ چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن ئىدى. نۆۋەتتە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇھىم تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇپ چىقىش كۈرەش نىشانىنىڭ ياخشى ئاساسى ۋە شارائىتىنى ھازىرلىدى. ئەمما شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، ئۆزىمىزنى ئىچكىرىدىكى ئوخشاش تۈردىكى ئالىي مەكتەپلەر بىلەن، ئاپتونوم رايون، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ۋە كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئارزۇ-تەلەپلىرى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، يەنىلا نۇرغۇنلىغان پەرق ۋە يېتەرسىزلىكلەر ساقلانماقتا، بۇلار بىزدىن مەكتەپنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغا ئائىت يۇقىرى قاتلام پىلانىنى ياخشى تۈزۈپ، پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىرىنچى، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدا «جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىپ، كارخانا ۋە كەسىپىي ئورۇنلارنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئاساسىي شەكىل قىلىنغان دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ باشقۇرۇشقا ۋە نازارەت قىلىشقا قاتنىشىش جەھەتتىكى

دېموكراتىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك»لىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇڭا پارتكوم رەھبەرلىكىدىكى مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىدە باشتىن-ئاخىر قەتئىي چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەكتەپ پارتكومىنىڭ نوپۇزىنى تولۇق تىكلەپ ۋە قوغداپ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مۇتەخەسسىسلەر، پىروفېسسورلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار قۇرۇلتىيى، ئىشچىلار قۇرۇلتىيىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، سۈپەت ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشتا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، سۈپەتنى مەكتەپنىڭ جېنى ۋە ھاياتلىق سىزىقى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالىي مائارىپ كۆلەمنى كېڭەيتىشنى ئاساسىي ئالاھىدىلىك قىلغان تېشىغا قاراپ تەرەققىي قىلىش شەكلىدىن، سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى يادرو قىلغان مەزمۇنغا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا يۈزلىنىۋاتقان چوڭ ۋەزىيەتتە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى سۈپەت مەسىلىسى بىزنىڭ ئەستايىدىل جاۋاب بېرىشىمىز ۋە ھەل قىلىشىمىز زۆرۈر بولغان يادرولۇق مەسىلە ھەم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك توپ مەسىلە بولۇپ قالدى. پارتىيە 18- قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا: «ساپا مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش، مائارىپ ساھەسىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مائارىپ سۈپىتىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى. شۇڭا ساپا مائارىپىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈشنى يادرو قىلىپ، مائارىپنىڭ ئىچكى تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز؛ ئىلمىي بولغان مائارىپ سۈپىتى قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئادەمنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە ئىجتىمائىي ئېھتىياجغا ماسلىشىشنى سۈپەتنى ئۆلچەيدىغان ئاساسىي ئۆلچەم قىلىش، ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا مۇۋاپىق بىلىم ئېلىش پۇرسىتى بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە ئەخلاق ساپاسىنى، ئىلمىي مەدەنىيەت ساپاسىنى ۋە ساغلاملىق ساپاسىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈشىمىز؛ مائارىپ بايلىقىنى تەقسىملەشنى ۋە مەكتەپ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئوقۇتۇش ھالقىسىنى كۈچەيتىشكە، مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە قويۇپ، مائارىپ سۈپىتى كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىلمىي بولغان سۈپەت باھالاش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، مائارىپ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەكتەپ ھەر يىللىق ئوقۇتۇش سۈپىتىنى باھالاش دوكلاتىنى دائىملىق خىزمەتكە ئايلاندۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ كۆرۈپ چىقىشىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، مائارىپ، ئادەم تەربىيەلەشتە ئوقۇغۇچىلارنى ئاساس قىلىش؛ مەكتەپ باشقۇرۇشتا ئوقۇتقۇچىلارنى ئاساس قىلىشتا باشتىن- ئاخىر چىڭ تۇرۇش لازىم. پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك، ئۇنىۋېرسال ساپاسى يۇقىرى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەشنى باشتىن-ئاخىر مەكتەپنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قىلىش لازىم. ئىختىساسلىقلار مەكتەپ تەرەققىياتىدىكى بىرىنچى بايلىق، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىبارەت بۇ قوشۇنغا تايىنىش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئۈلگە بولغان ئەخلاق تەربىيەسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش؛ كادىرلارنى تەقسىم قىلىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىچكى ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، كونا قائىدىلەردىن ھالقىغان تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، يۇقىرى قاتلاملىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەش ۋە كىرگۈزۈشنى تېزلىتىپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشىمىز لازىم.

تۆتىنچى، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي ئورنى ۋە رولىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئىلگىرى ئىشلەنگەن خىزمەتلەر ئاساسىدا خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى

ئەستايىدىل ھەل قىلىپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى، قوغداشنى، راۋاجلاندۇرۇشنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

## 3. خىزمەت ئىستىلىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش كېرەك

پارتكوم رەھبەرلىكىدىكى مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېموكراتىيە- مەركەزلەشتۈرۈش ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، مەكتەپ رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەر بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، پارتكوم رەھبەرلىك قىلىش، مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش، پىروفېسسورلار مەكتەپ باشقۇرۇشتىن ئىبارەت دېموكراتىك باشقۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ۋە ئۇسۇلى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش، تەدبىر بەلگىلەش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. مەكتەپ رەھبەرلىرى ئوقۇتۇش ۋە مۇلازىمەت تارماقلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە خىزمەتچىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى دائىملىق ئىشلار تەرتىپىگە قويۇش، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ خىزمەت جەريانىنى ئىگىلەپ ھەم چۈشىنىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ، ھەل قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش، رەھبەرلەر بىلەن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ۋە ھەر قايسى فۇنكسىيەلىك تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇش، خىزمەتنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، ھوقۇق بىلەن نوپۇز بىرلەشكەن رەھبەرلىك ئوبرازىنى يارىتىشىمىز لازىم.

## 4. ئۆزىنى پاك تۇتۇش بەلگىلىمىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش كېرەك

پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى پۈتۈن مەكتەپ خىزمىتىدە مۇھىم ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش، سېكرېتارىنىڭ مەكتەپنىڭ پارتىيە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا پائال ماسلىشىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش، سودا پارىخورلۇقى قاتارلىق چىرىكلىشىش قىلمىشلىرىغا قەتئىي قارشى تۇرۇش لازىم. تېجەشچان ئالىي مەكتەپ قۇرۇش پىرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مالىيە خىزمىتىدىكى زور مەسىلىلەرنى، زور چىقىملارنى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ بەلگىلەشتە باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئاڭلىق ھالدا پارتىيەۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، توغرا ھوقۇق قارىشى، مەرتىۋە قارىشى، مەنپەئەت قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا پاك بولۇش توغرىسىدىكى ھەر تۈرلۈك بەلگىلىمە ۋە تۈزۈملىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشىمىز لازىم.

## 5. ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن خىزمەت قىلىش لازىم

جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇھىم فۇنكسىيەلىرىدىن بىرى. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرگەندىلا، ئاندىن ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلمىي تەرەققىي قىلىشىنى كۈچلۈك ئىختىساسلىقلار كاپالىتى ۋە ئەقلىي قوللاش بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ. 2012- يىلى 3- ئايدا، مائارىپ مىنىستىرلىقى بىلەن مالىيە مىنىستىرلىقى بىرلىكتە «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش پىلانى توغرىسىدىكى پىكىرى» (قىسقارتىپ‹ 2011پىلانى› دېيىلىدۇ) نى تارقاتتى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە ھەمكارلىشىپ يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتىنى يولغا قويۇشتىكى مەقسەت ئالىي مائارىپ بىلەن پەن ـ تېخنىكا، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ ئورگانىك بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يېڭىلىق

يارىتىش ئىقتىدارىنى زور كۈچ بىلەن قوللاش، يېڭىلىق يارىتىشچان دۆلەت ۋە ئادەم كۈچى بايلىقى كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشنى قوللاشتىن ئىبارەت. نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەر ھەمكارلىشىپ يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرىۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزمۇ ھەمكارلىشىپ يېڭىلىق يارىتىش مەركىزىدىن تۆتنى قۇرۇشنى بېكىتتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى «شىنجاڭ كان بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئېكولوگىيەسىنى تۈزەش ھەمكارلىشىپ يېڭىلىق يارىتىش مەركىزى» بىلەن «شىنجاڭ رايونلار تەتقىقاتى ھەمكارلىشىپ يېڭىلىق يارىتىش مەركىزى» مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۇنىڭغا تاللاندى. يەرلىكتىكى ئۇنىۋېرسال ئالىي مەكتەپ بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بۇ تەستە قولغا كەلگەن تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مەزمۇن تېپىدىكى قۇرۇلۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش، ئىلمىي تەتقىق قىلىش، جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش ۋە مەدەنىيەت تارقىتىش ھەم ۋارىسلىق قىلىشتا يېڭىلىق يارىتىش فۇنكسىيەمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

كەلگۈسىدىكى ئون يىل شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت، شۇنداقلا شىنجاڭ ئالىي مائارىپىنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىدىكى ھالقىلىق ئون يىل. يەرلىكنى يېتەكلەشتىكى ئۈلگىلىك ئالىي مەكتەپ بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ئىختىساسلىقلار بىلەن تەمىنلەش، ئەقلىي كۈچ جەھەتتىن قوللاشتىن ئىبارەت مۇھىم «ئىككى تارىخىي ۋەزىپە» نى جان-دىلىمىز بىلەن ئورۇنلاپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 18- قۇرۇلتىيى روھىنى ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەت، تېخىمۇ ئەلا خىزمەت نەتىجىلىرىمىز بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى غەربىي شىمالدا ئىلغار، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، خەلقئاراغا تونۇلغان يۇقىرى سەۋىيەلىك ئالىي مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

## پايدىلانمىلار


[1] 习近平、李克强、刘云山等编. 十八大报告辅导读本，北京：人民出版社，2012 年 11 月。

[2] 中央创先争优活动领导小组办公室编. 深入开展创先争优活动文件选编，党建读物出版社，2012 年 1 月 17 日。

[3] 中国共产党第十八次全国代表大会文件汇编，北京：人民出版社，2012 年 11 月。

[4] 深入学习贯彻落实党的十八大精神 办好让人民满意的大学，新疆大学网，2012 年 11 月 30 日。

[5] 塔西甫拉提.特依拜：《坚持科学发展观内涵发展特色发展之路鉴定不移地建设高水平大学》，在新疆大学第六次教职工代表大会暨第十次工会会员代表大会上的报告，2012 年 12 月 14 日。


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

34 ـ يىللىق 1 ـ سان　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　第 34 卷第 1 期
2013 ـ يىلى 3 ـ ئاي　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　2013 年 3 月
ماقالە نومۇرى: 09ـ06ـ01(2013) 1005ـ5878

# پارتىيەنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى*

ئابلىكىم ھەسەن ئۆگەن

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات بازىسى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى : بۇ ماقالىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قاتمۇقات مۈشكۈلاتلارنى يېڭىپ، ۋەتەننى قۇدرەت تاپقۇزۇش مۇساپىسى ۋە قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيىتى شەرھلىنىدۇ، 18-قۇرۇلتاي دوكلاتىنىڭ روھىغا بىرلەشتۈرۈپ دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى-تاشقى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە گۈزەل كېلەچىكى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ .

**摘要：** 本文阐述中国共产党克服种种困难开创祖国崛起之路以及所取得辉煌成就，结合学习党的十八大报告的精神探讨了祖国发展的国内外社会经济基础和美好前景。

**Abstract:** This thesis mainly states the brilliant achievements of the Chinese Communist Party on the way of pursuing China's prosperity. In addition, by combining with the spirit of 18th National Congress of the Communist Party of China, this thesis also discusses the beautiful future of the development of domestic and foreign social economic foundation of the nation.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D20　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. دەۋر بىلەن تەڭ ماڭغان يېتەكچى ئىدىيە

«ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى» جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان قۇدرەتلىك ئىدىيەۋى قورال. «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى» ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى بىلەن بىرلىكتە پارتىيەمىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەت تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىدىغان يېتەكچى ئىدىيەسىدۇر.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تارىخىغا نەزەر سالساق، پارتىيەنىڭ 7-قۇرۇلتىيى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەلىك ئورنىنى تىكلىدى. بۇ پارتىيەمىز تارىخىدا ماركسىزم- لېنىنىزم نەزەرىيەسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىك سەكرىشى ھېسابلىنىدۇ. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ باشچىلىقىدىكى پارتىيەنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى ماركسىزمنى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك» دېگەن تۈپ مەسىلىدە تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسىنى تىكلىدى. پارتىيە 15-قۇرۇلتىيى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسىنى پارتىيەمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى قىلىپ پارتىيە نىزامنامىسىگە كىرگۈزدى. جاڭ زېمىن باشچىلىقىدىكى پارتىيەنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى «قانداق پارتىيە قۇرۇش، پارتىيەنى قانداق قۇرۇش» دېگەن زور مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسىنى تىكلىدى. پارتىيە 16-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىيە 17-قۇرۇلتىيى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق شەرھلەپ «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ مۇھىم ئىدىيەسى تەرەققىيات، يادروسى ئادەمنى ئاساس قىلىش، تۈپ

* بۇ ماقالە 2012-يىلى 1- ئاينىڭ 10 -كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئابلىكىم ھەسەن ئۆگەن (1959- يىلى 1- ئايدا تۇغۇلغان)، پىروفېسسور، سىياسىي ئىقتىساد ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تەلىپى ئومۇمیۈزلۈك ماس، سىجىل تەرەققىيات، تۈپ ئۇسۇلى بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش» دەپ كۆرسەتتى. پارتىيە 18- قۇرۇلتىيى «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى»نى پارتىيەنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى قىلىپ بېكىتىپ، پارتىيە نىزامنامىسىگە كىرگۈزدى. «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى» پارتىيەنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا يۈنىلىشچانلىق ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى» پارتىيەمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ «ئومۇمیۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت» قۇرۇشتىكى مۇھىم ئىدىيە ھەم نەزەرىيە قورالى، ماركسىزمنىڭ زامانىمىز جۇڭگوسىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. جۈملىدىن پارتىيە يېتەكچى نەزەرىيەسىنىڭ يەنە بىر پەللە يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈشى ۋە دەۋر بىلەن تەڭ ماڭغانلىقى ھېسابلىنىدۇ.

پارتىيە 18- قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا: «جۇڭگودەك ئىقتىساد، مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان بىر دۆلەتتە مىللەتنى گۈللەندۈرۈش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئىنتايىن جاپالىق ۋەزىپە. پارتىيەمىز 90 نەچچە يىلدىن بۇيان خەلققە چىڭ تايىنىپ، ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مۇستەقىل ئۆزىگە ـ ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدا، ئۆز يولىدا مېڭىپ، مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، تۈرلۈك بەدەللەرنى بېرىپ، ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى.»[1] دەپ كۆرسىتىلدى. دېمەك «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى» نىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە شەكىللىنىشى تاسادىپىي ئىش ئەمەس، بۇ نەزەرىيە ماركسىزم ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تەرەققىيات يولىدىكى مول نەزەرىيە نەتىجىسىنىڭ بىلىش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلۈشى، جۇڭگونىڭ نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى تەرەققىيات توغرىسىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىنىڭ ئەڭ يېڭى تەلىپى ۋە جۇڭگونىڭ تەرەققىيات يولى، تەرەققىيات نىشانى توغرىسىدىكى چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرنى تۈپ مەنبە قىلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 60 نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەچچە ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى بىر مىليارد 300 نەچچە مىليون جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك ـ سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك؟ دېگەن دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە زور سىياسىي مەسىلە ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىك ۋە يىراقنى كۆرەر ئىجادچانلىق روھى بىلەن دۆلەت ۋە دۇنيانىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ماركسىزم نەزەرىيەسىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسىگە ماس كېلىدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى ئىجاد قىلدى. ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ «ئالەمشۇمۇل غەلىبە»سىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگوغا ئوخشاش ئىقتىساد، مەدەنىيىتى ئارقىدا قالغان مەملىكەتتە مۇستەقىل، بىر پۈتۈن سانائەت سىستېمىسى ۋە خەلق ئىگىلىكى سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇپ چىقىشنى «قىممەتلىك تەجرىبە» ۋە «ماددىي ئاساس» بىلەن تەمىنلىدى[2].

باسقان مۇساپىمىزنى ئەسلىسەك، دۆلەت قۇرۇلغان مەزگىلدە خەلقىمىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە جاھانگىرلىكنىڭ ھەربىي جەھەتتە مۇھاسىرىگە ئېلىش، سىياسىي جەھەتتە يېتىم قالدۇرۇش، ئىقتىسادىي جەھەتتە چەكلەش سىياسىتىگە تاقابىل تۇردى. 60 ـ يىللاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يىرىكلىشىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئۈچ يىللىق قىيىنچىلىق مەزگىلىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. 70- يىللارنىڭ ئاخىرىدا سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىشتىن ئىبارەت خاتا تاللاشقا خاتىمە بېرىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلغان ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى دەۋرىگە قەدەم

قويدى، 80ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 90ـ يىللارنىڭ بېشىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە شەرقىي ياۋروپا داۋالغۇشىنىڭ دۆلىتىمىزگە كۆرسەتكەن تەسىرىگە تاقابىل تۇردى. 2008ـ يىلى دۆلىتىمىز تەرەققىيات تارىخىدىكى ئالاھىدە بىر يىل بولدى، يىل بېشىدا جەنۇبىي جۇڭگودا قار ـ مۇز ئاپىتى يۈز بەردى، 5ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ۋېنچۈەندە زور يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بېرىپ، نەچچە يۈز مىڭ ئادەم خارابىلىك ئاستىدا قالغاندا، پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرى ھەم دۇنيا خەلقىنىڭ ياردىمىدە ئاپەتكە ئۇچرىغان ئامما خارابىلىك ئىچىدىن دەس تۇرۇپ، ئۆي ـ ماكانىنى قايتىدىن قۇرۇپ، قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ، يېڭىباشتىن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى. 2008ـ يىلى يەنە جۇڭگو خەلقى ئۇزۇن ۋاقىت تەشنا بولغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ۋە مېيىپلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدى، دۆلىتىمىز تەنھەرىكەت ماھىرلىرى ئاجايىپ ماھارەت كۆرسىتىپ، 138 ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالدىدا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ جاسارىتىنى نامايان قىلدى. 2008ـيىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى پۇل مۇئامىلە كرىزىسىغا ئۇچراپ، پۈتكۈل كاپىتالىزم دۇنياسى پۇل مۇئامىلە كرىزىسى بىلەن پاتپاراق بولۇپ كەتتى. دۆلىتىمىز كرىزىسقا تاقابىل تۇرۇشنىڭ كۈچلۈك تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ نورمال يۈرۈشىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتتە، پارتىيە ۋە خەلق قاتتىق سىناقتا بەرداشلىق بېرىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى قوغداپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ۋە ئۇيۇشقاقلىقىنى كۈچەيتتى. ھازىرقى دۇنيا ئېچىۋېتىلگەن دۇنيا، دۆلىتىمىز دۇنيا نوپۇسىنىڭ بەشتىن بىرىنى ئىگىلەيدىغان چوڭ دۆلەت، جۇڭگونىڭ مەسىلىسى ئەمەلىيەتتە دۇنيانىڭ مەسىلىسىدۇر، شۇڭا جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر جۇڭگولۇقلارنىڭلا مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ قالماي، بەلكى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگىمۇ زور نەپ ئېلىپ كەلدى.

## 2. جۇڭگو ئۇيقۇدىكى شىر ئەمەس

بۇنىڭدىن 200 يىل بۇرۇن فىرانسىيەنىڭ مەشھۇر ھەربىي ئالىمى، سىياسىئونى ناپالېيون جۇڭگو ئۇستىدە توختىلىپ، «جۇڭگو ئۇخلاۋاتقان بىر شىر، ئۇ ئۇخلاۋەرسۇن، ناۋادا ئۇ ئويغىنىپ كەتسە پۈتكۈل دۇنيا سىلكىنىپ كېتىدۇ»[3] دېگەن. ئارىدىن 200 يىل ئۆتۈپ دەۋرىمىزگە كەلگەندە ناپالېيون ئېيتقان شىرنىڭ ئۇيقۇدىكى چوڭ «شىر» ئويغىنىپ، ئىقتىساد سېجىل، تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىش يولىغا قەدەم قويدى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەد كۆتۈرۈش يولى غەرب ئەللىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش يولىغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. غەرب كاپىتالىزمى 18ـ ئەسىردىن باشلاپ 20ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى پۈتۈنلەي ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولدى، ئۇلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشى باشقا ئەللەرنىڭ بايلىقىنى تالان ـ تاراج قىلىش، ھەربىي كۈچ ئارقىلىق مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى. ئەنگلىيەنى مىسالغا ئالساق، 1815ـ يىلىدىن 1865ـ يىلغىچە بولغان 50 يىل جەريانىدا مۇستەملىكىسىنى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرلىق سۈرئەتتە كېڭەيتىپ، «قۇياش ئولتۇرماس ئىمپېرىيە» ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان خەلقئارا سودا سىستېمىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرگەن[4]. ئىقتىسادشۇناس جېۋىنس ئۇنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «پېرۇ ئۇنىڭ كۈمۈشىنى يەتكەپ بېرىدۇ، جەنۇبىي ئافرىقا بىلەن ئاۋستىرالىيەنىڭ ئالتۇنلىرى ئەنگلىيەگە يۆتكەپ كېلىنىدۇ، ھىندىستان بىلەن جۇڭگولۇقلار چاي تېرىپ بېرىدۇ»[5] . بېيجىڭ ئاۋىياتسىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى جاڭ ۋېنمو ئەپەندى «يەرشارى ۋاقتى گېزىتى» نىڭ مۇخبىرىنىڭ سوئالىغا بەرگەن جاۋابىدا مۇنداق دەيدۇ:

«مەسىلىنى سودا قائىدىلىرى بىلەن ھەل قىلىش مۇمكىن بولمىغاندا زوراۋانلىقتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، جۇڭگونىڭ ئەپيۇن سودىسىغا قارشىلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ئەپيۇن ئۇرۇشى پارتلىدى، نۇرغۇن كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا ئىككى قېتىملىق بۆلۈنۈشى جەمئىيەتنى ھالاكەت گىردابىغا ئاپىرىپ قويغان بولسىمۇ، كاپىتالىزمنىڭ ئۆلۈم سىگنالى چېلىنمىدى، چۈنكى شەرقتىكى غايەت زور بايلىقنىڭ ئېقىپ كىرىشى كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاقسۆڭەكلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى»[6] .

جۇڭگو ئويغىنىپ يېرىم ئەسىر كۈرەش قىلىش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق سانائەتلىشىش ۋە شەھەرلىشىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇردۇق. بىراق بىز غەرب كاپىتالىزمىنىڭ كېڭەيمىچىلىك، تالان - تاراج قىلىش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، پەن-تېخنىكا ۋە ھالال ئەمگىكىمىز ئارقىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئالتۇن ئاچقۇچنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلگە ئاشۇردۇق. ئەمما بىزنىڭ تەرەققىيات يولىمىزمۇ ئۇنچە تۈپتۈز بولۇپ كەتمىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇز مەنپەئەتىمىزنى دەپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى- تەرۇز قىلمىدۇق.

بىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ قاتناشقۇچىسى، گۇۋاھچىسى، كۆزەتكۈچىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ مېغىزىنى چاققان ئەسىر ئاتلىغان بەختلىك كىشىلەر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى 30 نەچچە يىللىق تەرەققىياتنى تۆۋەندىكى مەلۇماتلار بىلەن ئىسپاتلاپ ئۆتىمىز:

«پۈتكۈل 19 ـ ئەسىر ۋە 20- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا جۇڭگو خارابلىششقا يۈزلەندى، 1800- يىلى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىچى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى دۇنيانىڭ %40 تىنى ئىگىلىگەن. 1900- يىلىغا كەلگەندە % 12تىنى ئىگىلىگەن، 1950-يىلى % 4. 6 كە چۈشۈپ قالغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بويان ئەھۋالدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. دۆلىتىمىز GDP سى 1996- يىلى ئەنگلىيەدىن، 2008- يىلى گېرمانىيەدىن، 2010- يىلى ياپونىيەدىن ئېشىپ كەتتى.»[7] 2013- يىلى 1-ئاينىڭ 18-كۈنى دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسى ئېلان قىلغان مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2012- يىلى جۇڭگونىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (GDP قىممىتى) 51 تىرىليون 932 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يەتكەن. خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ ئىستاتىستىكىسى بويىچە، ئامېرىكا دوللىرىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا سەككىز تىرىليون 300 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مىقتارىدا دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندى. مالىيە كىرىمى 10 تىرىليون 374 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. 2012-يىلى ئېكسپورت-ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى ئۈچ تىرىليون 866 مىليارد 760 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇردى. تاشقى پېرېۋوت زاپىسى ئۈچ تىرىليون 310 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. دۆلىتىمىز سانائىتىنى خەلقئارالىق ئۆلچەم بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا، 22 چوڭ تۈر ئىچىدە، يەتتە تۈردە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان. 1978- يىلىدىن ھازىرغا قەدەر ئەمەلىي پايدىلانغان چەت ئەل مەبلىغى بىر تىرىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان.

2011- يىلى يېزا ئىگىلىكى مەھسۇلاتلىرىدىن ئاشلىق 571 مىليارد 210 مىڭ تونىنا، ياغلىق دان 3279 مىڭ تونىنا، شېكەر 12520مىڭ تونىنا، گۆش تۈرلىرى 79 مىليون 570 مىڭ تونىنا، پاختا 6 مىليون 600 مىڭ دەن، چاي بىر مىليون 620 مىڭ تونىنا بولۇپ، دۇنيادا بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان. 2012- يىلى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئاشلىق 589 مىليون 570 مىڭ تونىنا، پاختا 6 مىليون 990 مىڭ دەن بولغان. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارىدا دۇنيادا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان تۈرلىرىدىن ئالتۇن (360 تونىنا)، پولات ـتۆمۈر

(15566 مىليون 465 مىڭ توننا)، سېمونت (ئىككى مىليارد 900 مىليون توننا)، كۆمۈر (ئۈچ مىليارد 520 مىليون توننا )، خىمىيەۋى ئوغۇت (62 مىليون 172مىڭ توننا)، رەڭلىك تېلېۋىزور (122 مىليون 314 مىڭ دانە)، توڭلاتقۇ (86 مىليون 992 مىڭ دانە)، ھاۋا تەڭشىگۈچ (139 مىليون 125مىڭ دانە)، پاختا رەخ (83 مىليارد 700 مىليون مېتىر) قاتارلىقلار بار[8].

يۇقىرىقى تۈرلەردىن باشقا يەنە ئاۋىياتسىيە، تېز سۈرئەتلىك تۆمۈريول، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىسى، توشۇغۇچى راكېتا، يادرو قورالى، يۇقىرى ئىقتىدارلىق كومپيۇتېر، تۆتىنچى ئەۋلاد كۆچمە خەۋەرلىشىش، شالغۇتلاشتۇرۇلغان شال قاتارلىق تۈرلەردىمۇ دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

2011ـ يىلى دۆلىتىمىزنىڭ شەھەرلىشىش نىسبىتى %51.3 كە يەتتى، شەھەر-بازار ئاھالىلىرىنىڭ چىقىم قىلالايدىغان كىرىمى 21810 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 6977 يۈەنگە يەتتى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 5414 دوللار بولدى.

2011ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى ئالتە مىليون 815 مىڭغا، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 23 مىليون850 مىڭغا يېتىپ، دۇنيادا بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى بىر مىليون 646 مىڭغا، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 21 مىليون 966 مىڭغا يەتتى، باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى% 99.5 بولدى.

2011ـ يىلى مەملىكىتىمىزدە جەمئىي 2925 كۇتۇپخانا، 2571 مۇزېي، 3276 مەدەنىيەت سارىيى، 2197 رادىيو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇلغان، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتلىرى 201 مىليون 520 مىڭ ئائىلىگە، شىفىرلىق تېلېۋىزىيە ئابونتلىرى 144مىليون 55مىڭ ئائىلىگە يەتكەن. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە رادىيونىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى%97.1 كە، تېلېۋىزىيەنىڭ قاپلاش نىسبىتى %97.8 گە يەتكەن. نەشر قىلىنغان ھەر تۈرلۈك گېزىت 467 مىليارد پارچىگە، ھەر خىل پەسىللىك ژۇرنال ئۈچ مىليارد 300 مىليونغا، كىتاب يەتتە مىليارد 700 مىليونغا يەتكەن.

2011ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر دۆلىتىمىزدە تېببىي تېخنىكا خادىمى ئالتە مىليون 200 مىڭغا، دوختۇرخانا 21638 گە، يېزا ـ بازارلىق دوختۇرخانا 37374 كە، مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى 32832 گە، ھەر خىل كېسەل كۆرۈش ئورۇنلىرى 177754 كە، سېستىرالار ئىككى مىليون 24 مىڭغا يەتكەن. ساقلىقنى ساقلاش ئورۇنلىرىدىكى كارىۋات سانى بەش مىليون 150 مىڭغا، ھەر مىڭ ئادەمگە توغرا كېلىدىغان دوختۇر ئىككى كىشىگە، كارىۋات ئۈچكە يېتىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئىچىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەن. ئالدىنقى بەش يىل ئىچىدە دۆلەت ئىممۇنىتېتلاپ ئالدىنى ئالىدىغان كېسەللىكنىڭ سانى ئونبەش خىلغا كۆپىيىپ، ئەيدىز، تۇبېركۇليوز (سىل) قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى ھەقسىز داۋالاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. يېزىلارنىڭ داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. «2009ـ يىللىق دۇنيا سەھىيە دوكلاتى»دا كۆرسىتىلىشىچە، 2007ـ يىلى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈش يېشى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 71 ياش ۋە 74 ياشقا يېتىپ، 1978ـ يىلىدىكىدىن تۆت ياش ئۆرلىگەن.

دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىدىمۇ زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى. 2011ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر قېرىغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 283 مىليون 920 مىڭ كىشىگە، يېزاـ بازارلاردىكى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 472 مىليون 910 مىڭ كىشىگە يەتكەن. ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 143 مىليون 170مىڭ كىشىگە يېتىپ، شەھەر-بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت تۈزۈمى بارغانسېرى مۇكەممەللەشتى. 2011-يىلى 9ـ ئايغا قەدەر مەملىكەت بويىچە 2646 ناھىيەدىكى جەمئىي 326 مىليون 430 مىڭ دېھقان يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشتى، بۇ يېزا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %97 تىنى ئىگىلەيدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ شەرقتە يەنە بىر چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلىنىش تارىخى دىسلەپ خارابلىشىش، ئارقىدىن كۆتۈرۈلۈش، دىسلەپ تالان-تاراج قىلىنىش، ئارقىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىش تارىخىنى بېسىپ ئۆتۈپ، 21ـ ئەسىردە جۇڭگو

ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن تارىخىي خاراكتېرلىك پەلەمپەي ھازىرلاپ بەردى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇن - تۈزۈم ئارقىلىق تۈزەش قۇرۇلۇشىدا زور ئىلگىرىلەشلەر بولۇپ، ئېلىمىز خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە جەمئىيەت ئەركىنلىكى تەدرىجىي كاپالەتكە ئىگە بولدى. دۆلىتىمىزنىڭ جەمئىيەت، مەدەنىيەت ئىشلىرىدا كۆپ قاتلاملىق تەرەققىيات يۈزلىنىشى بارلىققا كەلدى. دېموكراتىيە سىياسىيسىدا ئىلگىرىلەش بولۇپ، دۆلەتنىڭ چوڭ-چوڭ ئىشلىرىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دائىمىي ھەيئەتلىرى ۋە سىياسىي بيۇرو ئەزالىرى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ قارار چىقىرىدىغان بولدى. قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى تۈزەش، قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى قۇرۇش ئىشلىرى كۈنسېرى ئىلگىرىلىمەكتە. مۈلۈك ھوقۇقى قانۇنى، نازارەت قىلىش قانۇنى، مەمۇرىي ئىجازەت بېرىش قانۇنى ۋە مونوپوللۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى قاتارلىق قانۇنلار يولغا قويۇلدى، خەلق قۇرۇلتىيى، ئەدلىيە مۇپەتتىشلىكىنىڭ رولى بارغانسېرى روشەنلەشمەكتە.

بىز ھازىر ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش باشلانغان ۋاقىتلاردىكى «تاشنى سىيلاپ دەريادىن ئۆتۈش» باسقۇچىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق. دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتى ھازىر بىر قەدەر پىشىپ يېتىلگەن، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى يۇقىرى رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا ئايلاندى. دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى ئېشىۋاتىدۇ. دۆلەت مۇداپىئەسى مۇستەھكەملەندى. خەلق ئازادلىق ئارمىيەمىز زامانىۋىلاشتى. بىر مىليارد 347 مىليون جۇڭخۇا مىللەتلىرى خۇددى پولات سېپىلدەك مۇستەھكەم ئۇيۇشماقتا. بىز شۇنداق دېيەلەيمىزكى، «بۈگۈنكى جۇڭگو ئازادلىقتىن بۇرۇنقى جۇڭگو ئەمەس، 60- يىللاردىكى جۇڭگومۇ ئەمەس، بۇ قۇدرەت تاپقان، خەلقئارادا مۇھىم ئورنى بار بولغان، تەسىرى چوڭ دۆلەت»[9].

## 3. چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى جۇڭگو

ھازىر 50 ياش چامىسىدىكى كىشىلەر ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ بىۋاسىتە شاھىتلىرى، گۇۋاھچىلىرى، كۆزەتكۈچىلىرى، شۇنداقلا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ مېۋىسىدىن ئەڭ كۆپ بەھرىمەن بولغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ. 21-ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن دۇنيا بىزگە كۆز تىكمەكتە، تۆۋەندە چەت ئەللىكلەرنىڭ دۆلىتىمىزگە قانداق قارايدىغانلىقىغا نەزەرىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقايلى. ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى جىممى كارتېرنىڭ دۆلەت ئىشلىرى ياردەمچىسى بىرزېزىنىسكى (Brzezinski Kazimierz) جۇڭگو ئۈستىدە دادىل پىكىر يۈرگۈزۈپ مۇنداق دېگەن: «20 يىلدىن كېيىن جۇڭگو يەرشارىدىكى چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىدۇ، ئەمەلىي كۈچى ئامېرىكا ۋە ياۋروپا بىلەن تەڭلىشىدۇ»[10]. ئامېرىكا فېدېراتسىيە ئاخبارات ئىدارىسى ئاقسارايغا سۇنغان «2020- يىللىق پىلان» دا «جۇڭگونىڭ قەد كۆتۈرۈشىنى 19-ئەسىردىكى گېرمانىيەنىڭ باش كۆتۈرۈشى، 20 - ئەسىردىكى ئامېرىكىنىڭ گۈللىنىشىگە ئوخشاش تونۇۋالغىلى بولمايدۇ»[11] دېيىلگەن. نوبېل ئىقتىسادشۇناسلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئامېرىكىلىق ئىقتىسادشۇناس سامېرسون ئەپەندى «جۇڭگو ئۇيقۇدىكى گىگانت ئادەم، ئەگەر ئۇ ئويغانسا 2005-يىلىغا بارغاندا ياپونىيەدىن ئېشىپ، ئامېرىكىدىن قالسا دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي دۆلەتكە ئايلىنىدۇ»[12] دېگەن. دۇنيا سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ياپونىيە كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىقتىساد ئىلمى پروفېسسورى، دوكتور خىروشى ئونىشى ئەپەندى 1998- يىلى كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن شاڭخەي تەتقىقات مەركىزى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن جۇڭگو - ياپونىيە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مەسىلىسى خەلقئارالىق تەتقىقات يىغىنىدا: «تىنچ ئوكيان چەمبىرىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات مودېلى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىدە نۇرغۇن سانلىق مەلۇماتلارنى مىسال كەلتۈرۈپ، ماتېماتىكىلىق ئىقتىسادىي مودېل ئارقىلىق، 21 - ئەسىردىكى جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات مەنزىرىسىنى مۆلچەرلەپ مۇنداق دېگەن: «2025- يىلىغا بارغاندا ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو دۇنيادىكى ئىككى چوڭ

ئىقتىسادىي دۆلەت بولۇپ قالىدۇ، ئىنگلىز تىلى بىلەن خەنزۇ تىلى ئەڭ كوپ قوللىنىلىدىغان ئىككى خىل تىل بولۇپ قالىدۇ»[13] . گەرچە ئامېرىكا ۋە ياپونىيەدىكى ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈستىدىكى مۆلچەرى بىرئاز يۇقىرىدەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق ئۇ بەلگىلىك ئوبيېكتىپ ئاساسقا ئىگە. دۆلىتىمىز تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت، ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى سېلىشتۇرما جەھەتتە تېز بولسىمۇ، بىراق يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز. دۆلەت ئىچى بازىرى تويۇنۇش باسقۇچىغا كىرمىدى، كەڭ يېزىلاردا 800 مىليون دېھقان بار. 20-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئىنقىلاب يىللىرىدا رەئىس ماۋ زېدۇڭ ماركسىزمنىڭ ئىلمىي نەزەرىيەسىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىنقىلابنى يېزىلاردىن باشلاپ، جۇڭگو خەلقىنى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزدى. تىنچلىق دەۋرىگە كەلگەندە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ باش لايىھەلىگۈچىسى دېڭ شياۋپىڭ ئىسلاھاتنى يېزىلاردا يەرلەرنى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىشتىن باشلاپ، خەلقىمىزنى تەدرىجىي ھاللىق تۇرمۇشقا باشلاپ كىردى. 21-ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن باش شۇجى خۇ جىنتاۋ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى يېزا ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈشتە، ئۈچ خىل يېزا مەسىلىسىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىش ئىستراتېگىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كەڭ يېزىلار دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ يوشۇرۇن ئىستېمال بازىرى ھېسابلىنىدۇ، ھازىر دېھقانلارنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل بولغان بولسىمۇ، تېخى تولۇق ھاللىق سەۋىيەگە يەتمىدى. يېزىلارنىڭ ئۈچ خىل يېزا مەسىلىسى تولۇق ھەل بولۇپ، دېھقانلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى ئاشسا، بازارنىڭ ئىستىقبالى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. شەھەرگە كەلسەك 2011-يىلى دۆلىتىمىزنىڭ شەھەرلىشىش نىسبىتى 51.3% كە يەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۆي-مۈلۈك، ئالىي دەرىجىلىك ئائىلە ئېلېكتىر مەھسۇلاتلىرى، تۇرمۇش ئاپتوموبىللىرى، كومپيۇتېر جەھەتتە ئېھتىياج يەنىلا بار، يۇقىرىلارنىڭ كىرىمى كۆپىيىپ، بۇ ئىككى بازار ئاۋاتلاشسا چەت ئەل بازىرىغا قاراشلىق بولمايمۇ دۆلەت ئىچى بازىرىنى ئېچىپ، ئىلىمىز ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرەلەيمىز.

## 4. جۇڭگو تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنىڭ سىرى

جۇڭگو ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ گۈللىنىۋاتقان دۆلەت. ئېچىۋېتىلگەن دۇنيادا جۇڭگو دۇنيادىن ئايرىلالمايدۇ، دۇنيامۇ جۇڭگودىن ئايرىلالمايدۇ. تىل كىشىلەرنىڭ ئالاقە قورالى، ئىنسانلار ياشاش ۋە راۋاج تېپىش ئۈچۈن ئالاقە قىلىشىدۇ، مەدەنىيەت دەۋرىدە تىل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى ۋە مەدەنىيەت ۋاستىسى بولۇپ، ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى ۋە دوستلۇقىنى كۈچەيتىشتىكى كۆۋرۈك. بىرخىل تىلنىڭ دۇنياۋى تىل بولۇپ شەكىللىنىشىدە شۇ خىل تىلنى ئاساسلىق ئالاقە ۋاستىسى قىلغان دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىدا تۇتقان ئورنى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىلىمىز ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى دۇنيا مىقياسىدا خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىكى مۇھىم سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ مەركىزى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپادىن ئامېرىكىغا يۆتكەلگەن، 21-ئەسىر كىرىشى بىلەن ئاسىياغا يۆتكەلدى، جۇڭگو ئاسىيادىكى چوڭ دۆلەت، تېخى تويۇنمىغان، ئىقتىساد سىجىل ئېشىۋاتقان چوڭ بازار. ئاسىيانىڭ گۈللىنىشىدە جۇڭگو يادرولۇق ئورۇندا تۇرىدۇ. جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتماقتا ، جۇڭگو بىلەن ئالاقە ئورنىتىش پۈتۈن دۇنيانىڭ ئاكتىپ تاللىشى بولماقتا. جۇڭگولۇقلار بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلىدىغان دۆلەت ۋە شەخسلەر ئۈچۈن خەنزۇ تىلىنى بىلىش ياكى راۋان سۆزلەش مەيلى سودا-سېتىق ئىشلىرىدا بولسۇن ياكى جۇڭگوغا كېلىپ ئوقۇش ياكى ساياھەت قىلىشتا بولسۇن ناھايىتى زور قولايلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. خەنزۇ تىلىنىڭ كېڭىيىشىدە كۆۋرۈكلۈك رول ئويناۋاتقان كۇڭزى ئىنستىتۇتى دۆلىتىمىز چەت ئەللىكلەرگە خەنزۇ تىلىنى ئۆگىتىش ۋە جۇڭگو

مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە قۇرغان تىل مەكتىپى. «2004- يىلىدىن باشلاپ كۇڭزى ئىنستىتۇتىنىڭ پۈتكۈل يەرشارىدا تېز سۈرئەتتە قۇرۇلۇشى، دۇنيا جامائەتچىلىكى، جۈملىدىن جۇڭگولۇقلارنىمۇ ھەيران قالدۇردى، تۆت يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، يەرشارىدا 78 دۆلەت ۋە رايوندا 249 كۇڭزى ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى[14]. ھازىر كۇڭزى ئىنستىتۇتى قۇرۇشنى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار بەس-بەستە ئىلتىماس قىلىۋاتىدۇ، بۇ يۈزلىنىشنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ[15]. ھازىر يەرشارىدا 500 دىن ئارتۇق كۇڭزى ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى ياكى كۇڭزى دەرسلىكى تەسىس قىلىندى. جۇڭگو 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىدا مېڭىپ زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، بۇ جەرياندا دۇنيانىڭ تەرەققىيات مېۋىسىدىن جۇڭگولۇقلار نەپكە ئېرىشىپلا قالماي، جۇڭگو بازىرىنىڭ ئېچىۋېتىلىشى دۇنيا ئەللىرىگىمۇ پايدا ئېلىپ كەلدى. نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيا جۇڭگوغا ھەۋەس نەزەرى بىلەن قارىماقتا، ئۇلار جۇڭگو تىلىنى مۇھىم تىل سۈپىتىدە ئۆگىنىۋاتىدۇ. مۇخبىر جاۋ چاۋ، ۋۇ جىنلارنىڭ شىنخۇا تورىنىڭ 2008-يىلى 12-ئاينىڭ 11-كۈنىدىكى خەۋىرىدە، «ھازىر ئامېرىكىدا خەنزۇ تىلى دەرسلىكى تەسىس قىلغان ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئۈچ يىل ئىلگىرىكى 20 مىڭدىن كۆپىيىپ 130 مىڭغا يەتكەن»[16]. يېقىنقى ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا ئاۋستىراليە مائارىپ تارماقلىرى 2013- يىلىدىن باشلاپ پۈتۈن دۆلەتتىكى باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل دەرسلىكىگە خەنزۇ تىلىنى بىرىنچى چەت ئەل تىلى قىلىپ كىرگۈزۈش پىلانىنى يولغا قويماقچى ئىكەن.

ئامېرىكىدا ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ياپونىيە ئىقتىساد مىنىستىرلىقىنىڭ خىزمەتچىسى چىتنىڭ شۇنزى مۇنداق دېدۇ: «ئۆتكەن ئىككى يىلدا مەن ئامېرىكىنىڭ خوفكىنس ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش جەريانىدا جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنىڭ ياپونىيەگە كۈچلۈك بېسىم ئېلىپ كەلگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم، چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىشنى مىسال قىلساق، ئىككى يىل ئىلگىرى ئامېرىكىدا ياپون تىلى قىزغىن قارشى ئېلىناتتى، بىراق بۇ يىل بىزنىڭ مەكتەپنىڭ تىل ئۆگىنىش سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ياپون تىلى ئۆگىنىدىغانلار ئارانلا بەش ئالتە نەپەر، جۇڭگو تىلى ئۆگىنىدىغانلىرى 30- 40 نەپەر ئىكەن»[17]. مىسىرلىق سودىگەر مۇنتار مۇنداق دېدۇ: «ھازىر ئەتراپىمىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر جۇڭگو تىلىنى ئۆگىنىۋاتىدۇ، بىر دوستۇمنىڭ بالىسى شەمسشائىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدۇ، ئاڭلىشىمچە بۇ مەكتەپ مىسىردا ئەڭ بۇرۇن جۇڭگو تىلى كەسپىنى تەسىس قىلغان ئۇنىۋېرسىتېت ئىكەن، 800 نەپەر ئوقۇغۇچى، 30 نەپەر ئوقۇتقۇچىسى بار ئىكەن، ئۇنىڭ پەقەت بىر نەپىرىلا جۇڭگولۇق ئوقۇتقۇچى بولۇپ، قالغانلىرى مىسىرلىق ئىكەن، ھېلىقى بالا ئۆزىگە جۇڭگوچە «لى ليەنجيې» دەپ ئىسىم قويۇۋاپتۇ، ئۇنىڭ قارىشىچە، لى ليەنجيې جۇڭگونىڭ قەد كۆتۈرگەنلىكىنىڭ سىمۋولى ھەم دۇنياغا يۈزلەنگەنلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان شەخس ئىكەن»[18].

مەن 1998- يىلى ياپونىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان چېغىمدا سائىتىگە 256 كىلومېتىرلىق سۈرئەتتە ماڭىدىغان شىنگەنشيەنگە ئولتۇرۇپ ئوساكادىن توكيوغا بارغان ئىدىم. 2007-يىلى 11-ئايدا ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتىغا يىغىنغا بېرىپ، قايتىپ كېلىشىمدە جىڭجوۋ ئارقىلىق كەلمەكچى بولۇپ، پويىزغا ئولتۇرسام پويىز سائىتىگە 251 كىلومېتىرلىق سۈرئەتتە ماڭدى. ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ تېز سۈرئەتلىك پويىزىنىڭ سائەتلىك سۈرئىتى 300 كىلومېتىردىن ئېشىپ كەتتى. ياپونىيە 1868- يىلى مىجى يېڭىلىقىغا كۆچۈش ھەرىكىتىدە زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قاراپ ماڭغان، دۆلىتىمىز بولسا تېخى 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدا زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، زامانىۋىلىشىشقا قەدەم قويغان، ئىككى دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىشقا قەدەم بېسىشى ۋاقىت جەھەتتە 100 يىلدىن ئارتۇق پەرق قىلىدۇ. بىز ھازىر پويىز سۈرئىتىدە ياپونىيەگىلا ئەمەس، ئەنگلىيەگىمۇ يېتىشىۋالدۇق. دوكتور ئونىشىنىڭ «جۇڭگو 2025 -يىلىغا بارغاندا دۇنيادىكى ئىككىنچى ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىدۇ» دېگەن مۆلچەرىنىڭ ئىلمىي ئاساسى بار.

خەنزۇ تىلى جۇڭگولۇقلارنىڭ دۆلەت تىلى،

شۇنداقلا دۇنيادىكى چوڭ تىللارنىڭ بىرى، ھازىر پەن- تېخنىكىدىن تارتىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەممە ساھەسىگە چېتىلىدىغان ئەڭ كۆپ، ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلارنى خەنزۇ تىل-يېزىقى ئارقىلىق قوبۇل قىلىۋاتىمىز. دۇنيادا خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن ئەھۋالدا، جۇڭگو پۇقراسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن خەنزۇ تىلىنى دۆلەت تىلى دەپ قاراپ، پۇختا ئىگىلىمەسلىككە ھېچ قانداق ئاساسىمىز يوق. مېنىڭچە چەت ئەللەردە خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنىڭ قوزغىلىشى تاسادىپىي ئىش بولماستىن، پەقەت جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشىنىڭ نەتىجىسى، بۇ 21- ئەسىردىكى مۇقەررەر يۈزلىنىش. ئوچۇقراق ئېيتقاندا، دۇنيا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشى. ئۆز تىلىدىن باشقا يەنە بىرەر تىلنى ئۆگىنىپ قويۇش ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. شۇڭا بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلار ئۆز تىلىدا مۇكەممەل بولۇش ئاساسىدا تەرەققىياتقا توغرا پوزىتسىيە تۇتۇپ، ھەرخىل مۇجمەل قاراشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دۆلەت تىلىنى پۇختا ئۆگىنىشى كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ «مائارىپ كەلگۈسىگە، زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا يۈزلىنىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن. ئۈچكە يۈزلىنىش ئۈچۈن ئاۋۋال تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىز ئۆز تىلىمىزدا لاياقەتلىك بولۇپلا قالماي، خەنزۇ تىلى ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، گۈزەل كەلگۈسىنى كۈتۈۋالالايمىز.

## ئىزاھلار

[1][2] خۇ جىنتاۋ: «پارتىيە 18- قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلات»، شىنجاڭ گېزىتى، 2012-يىلى 9-ئۆكتەبىر سانى.
[3][4][5][6][10][11][12][17] «گۈللىنىش يولى»، خەلق گېزىتى نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى
[7] شېن جۈنلى: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم پىششىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى».
[8] 2013-يىلى 1-ئاينىڭ 18-كۈنى دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسى ئېلان قىلغان مەلۇمات.
[9] ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 5-قۇرۇلتىيى 5-نۆۋەتلىك كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ دوكلاتى، 1998-يىلى 8- ئاينىڭ 15-كۈنى.
[13] ياپونىيە كىيوتو ئۇنىۋېرستېتى، «ئاساسىي ئىقتىساد ئىلمى» ژۇرنىلى، 1997-يىلى 2-سان.
[14][15] «چوڭ ئىسلاھات، چوڭ ئېچىۋېتىش ۋە زور تەرەققىيات»،/http://www. gov. cn/2008_10/27.
[16] «يەر شارىدىكى كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرى ‹ئىلغارلىق›نى تالاشماقتا»، شىنخۇا تورى، 2008- يىلى 12- ئاينىڭ 11-كۈنى 22:36.
[18] «كۇڭزى ئىنستىتۇتى نېمە ئۈچۈن بۇنچە تېز قۇرۇلدۇ»، يەرشارى ۋاقتى گېزىتى، 2007-يىلى12-ئاينىڭ 10-كۈنى 17:40، شىنخۇا تورى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 09-015-01(2013) 1005-5878

# 18-ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيەسىدىكى ئۈچ مەشھۇر غەزەل ھەققىدە*

غ. ئو. ئۇتغۇر

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت تەرجىمە-تەتقىقات مەركىزى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى : 18-ئەسىردە ياشىغان گۇمنام، نەۋبەتى، مەشھۇرى قاتارلىق شائىرلار«كاشغەر»، «خوتەن»، «ياركەند» ناملىق ئۈچ لىرىك شېئىر يازغان بولۇپ، بۇلاردا يۈكسەك يۇرتسۆيەرلىك- ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەلىرى ئىپادىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك قارىشىنىڭ زورىيىپ تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىپ ھەسسىسىنى قوشقان.

**摘要**: 18 世纪新疆维吾尔文学史上出现了古穆纳木、诺比提、麦希胡里等杰出诗人，他们撰写的“喀什噶尔”、“和阗”、“叶尔羌”等三首抒情诗表达了高尚的爱乡主义 —爱国主义的精神，并对新疆多民族文学和全中国文学思想发展史做出一定的贡献。

**Abstract:** During the age of 18th century, there were three famous Uyghur poets lived in Xinjiang, named Ghumnam, Nawbati and Mashghuri. In this thesis, the author mainly analyzes their pomes "Kashgar", "Hotan" and "Yarkend" and points out the spirit of patriotism in these pomes, which helped to increase the patriotic idea among Uyghur literature and Uyghur society at that time.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I210.5 ماتېرىيال بەلگىسى: A

## كىرىش سۆز

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان پوئېزىيەسىدە ئەكس ئەتكەن مەزمۇنلار رەڭگا-رەڭ بولۇپ، بۇلار بىر تەرەپتىن ئېپىكلىق ئۇسلۇبتا ئىپادىلەنگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، لىرىكلىق ئۇسلۇبتا ئىپادىلەنگەن. شېئىرىي سەنئەت ساھەسىدە بولسا لىرىكلىق ئۇسلۇب بىلەن ئېپىكلىق ئۇسلۇب ئۆزئارا لاپقۇتلىشىپ، كەم يەرلىرىنى تولۇقلاپ، شائىرلار ياشىغان تارىخىي دەۋر ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ روھىي قىياپىتى، يۈنىلىشلىك مەۋقەسىنى، غايە، ئىشەنچ ۋە ئارزۇلىرىنى بەدىئىي ھەم ئوبرازلىق تەرىزدە ئەكس ئەتتۈرۈپ، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى چىمەنلىكىدە ئۆزىگە خاس مەنىۋى ئابىدە، بەدىئىي يالدامىلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. مۇشۇنداق ئېسىل مەزمۇندىكى ئۈچ پارچە لىرىكا «كاشغەر»، «خوتەن»، «ياركەند» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان، يەنى 18-ئەسىر پوئېزىيە باغچىسىدا كۆركەم ئېچىلغان خۇشپۇراق قىزىل گۈل بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتكۈل قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي مەۋقەسى ۋە يۈنىلىشىنى باھالاشتا قىممەتلىك ئەڭگۈشتەرلەرنىڭ بىرى بولۇش شەرتىنى ھازىرلىغان. تۆۋەندە بۇلار «ئۈچ غەزەل» دېگەن ماۋزۇ بىلەن تونۇشتۇرۇلىدۇ ۋە ئىدىيەۋىلىك ھەم بەدىئىيلىك تەرىپىدىن تەھلىل قىلىنىدۇ.

## 1. گۇمنام ۋە «كاشغەر» ناملىق غەزەل

گۇمنامنىڭ «كاشغەر» ناملىق غەزىلى «دىۋانى گۇمنام»غا كىرگۈزۈلگەن 26-غەزەل بولۇپ، جەمئىي توققۇز كۇپلېت، 18 مىسرادىن تەركىب تاپقان. غەزەلنىڭ ئاپتورى گۇمنام 18-ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى بولۇپ، شائىر ئۆزىنىڭ «كاشغەر» رادىفلىق غەزىلى ۋە باشقا بىر قاتار

* بۇ ماقالە 2012- يىلى 3- ئاينىڭ 20- كۈنى تاپشۇرۇۋېلىنغان.

**ئاپتور:** غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر(1958-يىلى 6-ئايدا تۇغۇلغان)، پىروفېسسور، ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئىلغار پىكىرلىك شېئىرىي ئەسەرلىرى بىلەن كېيىنكى دەۋر كىشىلىرى، ئەدەبىيات ساھەسى ۋە جەمئىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى»نىڭ «جۇڭگو ئەدەبىياتى» تومىغا «گۇمنام» ماددىسىنىڭ ئالاھىدە كىرگۈزۈلۈشى ئۇنىڭ جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە كۆزنى چاقنىتىدىغان بىر ئەزىمەت بولۇپ قالغانلىقىنىڭ جانلىق ئىسپاتىدۇر. «كاشغەر» ناملىق غەزەل مۇنداق يېزىلغان:

1. مەزرەئى لۇتفى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشغەر،
ئىشق ئېلىنىڭ قىبلىگاھىدۇر مەزارى كاشغەر.

2. ئىشقۇ ئۇلفەت چەشمەسىدىن دەردۇ مېھنەت جۇش ئېتەر،
تۇفراغى ھەسرەت بىلەن پۈتكەن ھىسارى كاشغەر.

3. دىلرەبالار باغرىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلەگەي،
بىر نىگاھى غەمزىسىدىن گۈلئۇزارى كاشغەر.

4. ئابى روكناباد، گۈلگەشتى مۇسەللا سەھل ئېرۇر،
خولددىن ئەفزۇن تۇمەنىنىڭ لالەزارى كاشغەر.

5. ئەيش ئېلىگە خارىدىن كەلگەي گۈلى ئىشرەت ئىسى،
چۈن سۇلايمان دەۋلەتىدۇر خارزارى كاشغەر.

6. ئۇدۇ، ئەنبەر تۇفراغىدۇر، ئابى كەۋسەردۇر سۈيى،
دۇررى مەرجان تاشلارىدۇر كوھسارى كاشغەر.

7. يا پەرى يا ھۆر يا باغى ئىرەم ياد ئەيلەمەس،
شەھرىنى ئۇنتار بولۇر ھەركىم دۇچارى كاشغەر.

8. ھۇشمەندۇ دەردمەندۇ مەردۇ زىندۇر لەپ چۇ قەند،
نارى خەندان، سىيبى زەئنا ھەرنە بارى كاشغەر.

9. كاشغەر شەھرىن بىلىڭ گۇمنامنىڭ يايلاغىدۇر،
دىلگۇشا، ئىشرەت فەزا، ھەر سەبزە زارى كاشغەر.

[1. كاشغەر تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى تېرىلغان جايدۇر؛ كاشغەرنىڭ مازارلىرى ئىشق ئەھلىنىڭ قىبلىگاھىدۇر. 2. ئىشق-ئۇلپەت بۇلىقىدىن دەرد، جاپا ـ مۇشەققەت قايناپ تۇرىدۇ؛ ئۇنىڭ قورغانلىرى ھەسرەت توپىسى بىلەن قوپۇرۇلغان. 3. كاشغەرنىڭ گۈل يۈزلۈكلىرى جىلۋىلىك بىرلا قارىشى بىلەن، ھەر قانداق گۈزەللەرنىڭ باغرىنى بەدەخشان ياقۇتىدەك قىزىل قان قىلىۋېتىدۇ. 4. ئۇنىڭ ئالدىدا روكنەباد سۈيى مۇسەللا گۈلشىنى چاغلىقلا بىر نەرسىلەر، كاشغەرنىڭ لالىزارلىرى جەننەتتىن تۇمەنىمىڭ ھەسسە ئارتۇق. 5. كۆڭۈل ئاچقۇچىلار ئۇچۇن ھەتتا تىكەنلىرىدىنمۇ يېقىملىق گۈل پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ پېقىر-كەمبەغەللىرىنىڭ تۇرمۇشىمۇ سۇلايمان دۆلىتىگە باراۋەر. 6. ئۇنىڭ توپىسى ئۇد، ئەنبەر پۇرايدۇ، سۇلىرى بولسا ئابى كەۋسەر، كاشغەر تاغلىرىنىڭ تاشلىرى ئۈنچە- مارجان. 7. كىمكى كاشغەرگە كېلىپ قالسا، ئۇ ھۆرى-پەرىلەرنىمۇ، باغى ئېرەمنىمۇ يادىغا كەلتۈرمەيدۇ، ئۆز يۇرتىنى ئۇنتۇپلا كېتىدۇ. 8. ھوشلۇقلىرى بولسۇن، دەردمەنلىرى بولسۇن، ئەرلىرى بولسۇن ياكى ئاياللىرى بولسۇن، لەۋلىرى خۇددى قەنت، كاشغەردە ھەممە نەرسە بار، ئانارلىرى گوياكى كۈلۈپ تۇرغاندەك، ئالمىلىرى قىپقىزىل. 9. كاشغەر شەھرىنى گۇمنامنىڭ يايلىقى دەپ بىلىڭلار. كاشغەرنىڭ چىمەنزارلىرى كىشىلەرنىڭ دىلىنى ئاچىدۇ، ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. ]

## 2. نەۋبەتى ۋە «خوتەن» ناملىق غەزەل

نەۋبەتى 18-ئەسىردە خوتەندە ياشىغان لىرىك شائىر بولۇپ، «دىۋانۇ نەۋبەتى» ناملىق لىرىك شېئىرلار توپلىمى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. توپلامغا كىرمەي قالغان يەنە بىر مۇنچە لىرىكىلىرى ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ «دىۋانۇ نەۋبەتى»نىڭ سىرتىدىكى بىر غەزىلىدە «خوتەن» رادىپلىق مۇنداق بىر ئېسىل مىسرالار بار.

1. رەۋزىگە مانەند خىيال ئەت خوتەننى،
بېھىشتىن زىيادە مىسال ئەت خوتەننى.

2. يا رەب بى تەمۇغ جەننەتىلەرگە،
ئەرجۇمەندىگە ۋىسال ئەت خوتەننى.

3. خوجەستە خاكى رەھمەت سۇرمىسى،
كۆزۈڭگە تۇتىيا خال ئەت خوتەننى.

4. پەرىلەر بۇسەسى تۇرفە شىرىندۇر،
ھۆرىلەر لەبىگە بال ئەت خوتەننى.

5. تەلئەتىگە خۇرشىد، كۆزلەرىگە ئەختەر،
يادەك قاشىغە ھىلال ئەت خوتەننى.

6. چىقسا نەسىمى، كېلۇر شەممى،
لەيلى بويىغا دال ئەت خوتەننى.

7. بەرسە قادىرى بەختىڭگە تەۋپىق،
قۇربىڭغا قۇدرەت-كامال ئەت خوتەننى.

8. گۈلىستانى ئىرەم بولسۇن تەھەييۇر،
ئۇنىڭغا نەۋرەس-نىھال ئەت خوتەننى.
9. قاندۇر بى ھاجەت لالە يۈزىگە،
قىزىللىق پىرا چول ئال ئەت خوتەننى.
10. مۇئەللىمى ئاپىئاق، بىنىش سۇخەنگۇي،
تىفلىگە دەرس، ماقال ئەت خوتەننى.
11. ئەي جاھان شائىرى-گۈلشەنى باغى،
خەمسەڭگە قۇرباش، ئېتتىسال ئەت خوتەننى.
12. سەن ھەم نەۋبەتى سىياھ رۇي ئېلىگە،
رەقىبلەر كۆزىگە زاۋال ئەت خوتەننى.

[1. خىيالىڭدا خوتەننى جەننەتكە ئوخشاش بىل، بىھىشتىن ئارتۇق چاغلا. 2. تەڭرى يا ئۆزۈڭ دوزاختقا سالماي، جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئىزىز كىشىلىرىڭگە خوتەننى يېتىشتۈرۈپ بەر. 3. خوتەننىڭ مۇبارەك توپىسى بولسا رەھمەتنىڭ سۈرمىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنى كۆزۈڭگە تۇتىيا، مەڭزىڭگە خال ئەت. 4. پەرىلەرنىڭ سۆيۈشى ئاجايىپ شىرىندۇر، بۇ شىرىنلىككە تېخىمۇ شىرىنلىك پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئەشۇ ھۆر-پەرىلەرنىڭ لېۋىگە خوتەننى شىرىن ـ شېكەر بال ئەت. 5. گۈزەللەرنىڭ چىرايىغا خوتەننى نۇرلۇق قۇياش قىل، كۆزلىرىگە چاقناپ تۇرغان يۇلتۇز قىل، ئېگىلگەن قېشىغا خوتەننى يېڭى چىققان ئاي قىل. 6. شامال چىقسا خوتەندىن ئەتىر تارايدۇ، شۇ يېقىملىق پۇراق بىلەن بىرگە لەيلىنىڭ بويىنىغا خوتەننى دال ئەت. 7. تەڭرى ساڭا بەخت ئاتا قىلسا، سەن بۇ بەخت ئىچىدە خوتەننى ئۆز يېقىنىڭغا كامال، قۇدرەت جايى قىلىپ بېغىشلا. 8. خوتەننى ئىرەم بېغىغا كۆچەت قىلغىنىكى، بۇ كۆچەتلەر ئالدىدا ئىرەم بېغىنىڭ گۈلىستانلىرى ھەيران قالسۇن. 9. لالىنىڭ قىزىل بولۇشى ئۈچۈن خوتەننى لالىغا قىزىللىق بېغىشلىغۇچى ئەت. 10. جاھاننىڭ سۆزلىگۈچى ئەقىللىق مۇئەللىملىرى، ئوقۇغۇچى- شاگىرتلىرىغا دەرس سۆزلىگىنىڭدە، ھەر سۆزۈڭگە خوتەننى ماقال ئەت. 11. ئەي جاھان گۈلشىنىنىڭ بولبۇللىرى ئاتالغان شائىرلار، يازغان داستانلىرىڭغا خوتەننى باش قۇر قىل، خوتەن بىلەن چىك باغلا. 12. نەۋبەتى، سەنمۇ قارا يۈزلەرگە خوتەننى رەقىبلەرنىڭ زاۋالى قىلىپ كۆرسەت. ]

## 3. مەشھۇرى ۋە «ياركەند» ناملىق غەزەل

مەشھۇرىنىڭ ئىسمى ئىبراھىم بولۇپ، 18 ـ ئەسىردە ياركەنت (يەركەن) تە ياشىغان لىرىك شائىر. ئۇنىڭ «دىۋانۇ مەشھۇرى» ناملىق لىرىك شېئىرلار توپلىمى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. «ياركەند» رادىفلىق غەزىلى بولسا توپلامنىڭ 29-غەزىلى بولۇپ، 24 مىسرا، 12 كۇپلېتتىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ تېكستى مۇنداق:

1. گۈلئۇزارى كەلدىكىم، بولدى، گۈلىستان ياركەند،
نەۋ باھارى مەقدەمىدىن تازە بوستان ياركەند
2. لۇتف ئىلە كەلتۈردى مەقدەم بىر مەسىھا مەقدەمى،
تاپتى جىسمىم ناتەۋاندەك فەيزىدىن جان ياركەند.
3. كەلدىكىم قىش ئوتراسىدا بىر سەراپا نەۋباھار،
گۈل كەبى باشدىن ئاياقغە بولدى خەندان ياركەند.
4. خۇش مۇبارەك تەلئەتىڭ فەيزى فەرەھ ئەفزا ئىرۇر،
بولدى ھەر ئەندۇھدىن ئازاد فەراھان ياركەند.
5. كەلدىڭ ئانداغ شەۋكەتۇ شەئنۇ شەھەنشاھىڭ بىلەن،
كاشغەر ھەسرەتتە قالدى بولدى ھەيران ياركەند.
6 پەرتەۋ ئەفشان ئارەزىدىن شادلىق نۇرىن كۆرۈپ،
بولدى خەندان شەمئي يەڭلىغ كۆزى گىريان ياركەند.
7. سوزىشى ئۆچتى ئىچىپ بىر جۇرئەيى جامى ۋىسال،
غۇسسە ھەم غەم ئوتى بىرلە باغرى بىر يان ياركەند.
8. مۇلك ئىدى ئەۋراق ئەجزاسى بۇزۇق شىرزاسى،
جەمئى بولدى خاتىرى كۆڭلى فەرىشان ياركەند.
9. بۇ زاماندا چاھارسۇدىن ھامئى ئىسلام ئول،
بولدى ئاندىن تازەدىنۇ تازە ئىمان ياركەند.
10. كەلدى ئارىفلار شەھى يۈز لۇتف، مىلك ئىھسان بىلە،
بولدى فەيزى مەقدەمىدىن شىرى ئىرفان ياركەند.
11. شادلىق ئۇمىددىن ئۆزگە ئۇمىدى يوقدۇرۇر،
كەلدى بىر يۇسۇف لىقايى بولدى كەنئان ياركەند.
12. رەڭبەرەڭ ئەۋسافىنىكىم ئەيلەمىش يۈز تىل بىلە،
خۇش نەۋا مەشھۇرى بۇلبۇلدۇر، گۈلىستان ياركەند.

[1. گۈللەرنى تەرگۈچى ياركەند گۈلىستانىغا يېتىپ كەلدى، يېڭى باھار پەيتىدە پاكىزە بوستانلىق

ياركەندكە قەدەم باستى. 2. كەرەملىك بىلەن ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ قەدىمىدەك قەدەم ئېلىپ كېلىپ، جىسمى ۋە جېنى خۇددى ناتىۋانلاردەك ياركەندتىن ھۇزۇر تاپتى. 3. قىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر نۆۋەت يېڭى باھار كەلگەندەك بولدى، ياركەند خۇددى گۈللەردەك باشتىن-ئاخىر خۇشاللىققا چۆمدى. 4. خۇش مۇبارەك چىرايىدىن خۇرسەنلىك چىقىپ تۇرىدۇ. ھەر بىر غەم-قايغۇسىنىڭ ئىچىدىمۇ ئازادە-خۇشاللىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. 5. شۇنداق شانۇ-شەۋكەتلىك، شاھىنشاھتەك دەۋران سۈرۈپ كەلگەچكە، كاشغەر شەھىرى ھەسرەت ئىچىدە ھەيران بولۇپ ئۆتتى. 6. يورۇق نۇرلار چېچىلغاچقا شادلىق نۇرى كۆرۈنۈپ، خۇشاللىق يېشى كۆزىدىن خۇددى شامدەك تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. 7. پىراقىدا كۆيۈۋاتقانلار ۋىسال شارابىدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ ھەۋىسىنى باسۇردى، غەم-قايغۇ ئوتى بىلەن ياركەندنىڭ باغرى كاۋاپ بولماقتا. 8. بۇ يۇرت ۋاراقلىرىنىڭ پارچىلىرى كىتابتىن ئاجراپ كەتكەندە، خاتىرىلىرى تۈپلەنگۈچى ياركەندنىڭ كۆڭلى پەرىشان بولغان ئىدى. 9. شۇ زاماندا ياركەند ھەممە يەردىكى ئىسلام دىنىنىڭ ھامىيسى بولۇپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىشەنچ-ئېتىقاد ئېخىمۇ پاكىزلاندى. 10. دانىشمەنلەر شاھى يۈز قېتىم كەرەملىك، مىڭ قېتىملىق ياخشىلىق بىلەن كېلىشى، خۇشاللىق قەدەملىرىنىڭ بېسىلىشى بىلەن ياركەند ئىلىم جەسۇرلىرىدەك بولدى. 11. بۇ يەردە شادلىق ئۈمىدىدىن باشقا ئۈمىد يوق، ياركەند خۇددى يۈسۈپ كەنئانغا كەلگەندەك بولۇپ كەتتى. 12. رەڭگارەڭ سۈپەتلىرىنى يۈز ھەسسە تىل بىلەن تەرىپلەيدۇ، ياركەند گۈلىستانلىقىدىكى خۇش ئاۋازلىق بۇلبۇل مەشھۇرىدۇر. ]

## 4. «ئۈچ غەزەل»دە تەسۋىرلەنگەن ئىدىيەۋى يۈكسەكلىك

ئۈچ نەپەر شائىرنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ پارچە لىرىك شېئىرى ئوخشاشلا غەزەل شەكلىدە يېزىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلاردا ئوخشاشلا يۇرت سۆيەرلىك ئىدىيەسى ئەكس ئەتكەن. يەنى گۇمنام كاشغەرنى، نەۋبەتى خوتەننى، مەشھۇرى ياركەندنى چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن كۈيلىگەن. مەلۇمكى، يۇرتسۆيەرلىك ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ تەركىبىي قىسمى. ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن يۇرتسۆيەرلىك پەلسەپە. كىشىلىك قاراشتىكى ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىكنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. يۇرتسۆيەرلىك قىسمەنلىك ئۇقۇمىغا، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئومۇمىيلىق ئۇقۇمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىك دىيالېكتىكىنىڭ بىر جۈپ مۇھىم كاتېگورىيەسى. ئۇلار شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى پۈتۈنلۈك ۋە ئايرىملىق جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرىدۇ ھەم يەكۈنلەيدۇ. ئومۇمىيلىق دېگەندە شەيئىلەرنىڭ پۈتۈنلۈكى ۋە شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي جەريانى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شەيئىلەرنىڭ پۈتۈنلۈكىنى تەشكىل قىلغان ھەرقايسى قىسىملار، ھەرقايسى تەرەپلەر ۋە شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى باسقۇچلار قىسمەنلىك بولىدۇ.

ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىكنىڭ پەرقى نىسپىي بولىدۇ. مۇئەييەن شارائىتتا ئومۇمىي خاراكتېرلىك نەرسە ئىككىنچى بىر شارائىتتا قىسمەن خاراكتېرلىك نەرسىگە ئايلىنىدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە، مۇئەييەن شارائىتتا قىسمەن خاراكتېرلىك نەرسە ئىككىنچى بىر شارائىتتا ئومۇمىي خاراكتېرلىك نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئۇلۇغ ئىدىيە سانسىزلىغان يەككە ئىدىيە، ئۇششاق ئىشلاردىن يىغىلىپ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. مەسىلەن، گۇمنامنىڭ شېئىرىدا تەسۋىرلەنگەن «كاشغەر»، كاشغەر-قەشقەردىكى ھەرقايسى شەھەر-ناھىيەلەرگە نىسپەتلەشتۈرۈپ ئېيتقاندا، ئۇ، ئومۇمىيلىق بولىدۇ، پۈتۈن جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بولسا، قىسمەنلىك بولىدۇ. نەۋبەتى قەلىمى ئاستىدىكى «خوتەن»، مەشھۇرى قەلىمى ئاستىدىكى «ياركەند» لەر ھەققىدىمۇ شۇنداق پىكىرلەرنى ئېيتىش مۇمكىن.

ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىك ھەم پەرقلىق، ھەم باغلىنىشلىق بولۇپ، ئىككىسى دىيالېكتىك بىرلىكنى تەشكىل قىلىدۇ. «بىر پۈتۈنلۈك خاراكتېرىدىكى نەرسە قىسمەنلىكتىن ئايرىلىپ مۇستەقىل تۇرالمايدۇ. بىر پۈتۈنلۈك ئۆزىنىڭ بارلىق قىسمەنلىكلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ». «قىسمەنلىك

خاراكتېرىدىكى نەرسە بىر پۈتۈنلۈك خاراكتېرىدىكى نەرسىگە تەۋە بولىدۇ» (ماۋزېدۇڭ «جۇڭگو ئىنقىلابىي ئۇرۇشىنىڭ ئىستراتېگىيە مەسىلىسى»، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، ئۇيغۇر كونا يېزىق نەشرى، 325 ـ بەت). بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئومۇمىيلىق قىسمەنلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، قىسمەنلىك ئومۇمىيلىقنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئومۇمىيلىق قىسمەنلىكتىن ئايرىلالمايدۇ. ھەرقايسى قىسمەنلىكلەر بولمىسا ئومۇمىيلىق بولمايدۇ. لېكىن ئومۇمىيلىق قىسمەنلىكنىڭ ئاددىي يىغىندىسى ئەمەس، بەلكى ئىچكى باغلىنىشلىقى بولغان بىر پۈتۈن گەۋدە.

گۇمنام، نەۋبەتى، مەشھۇرى قاتارلىقلار كۈيلىگەن كاشغەر، خوتەن، ياركەندلەر كاشغەر، خوتەن، ياركەنتلەرگە نىسبەتەن ئومۇمىيلىققا ئىگە ئۇقۇم، ئەمما پۈتۈن مەملىكەتكە نىسبەتەن قىسمەنلىككە ئىگە ئۇقۇم. ۋاھالەنكى، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئىگە بۇ ئۈچ يۇرەك، جاسارەتلىك شائىرلار تەسۋىرىدىكى يۇرتسۆيەرلىك ئىدىيەسى قىسمەنلىك دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىققا ئىگە ئالىيجاناپ ئىدىيە، يۈكسەك قاراشنىڭ يالقۇنلۇق ئىپادىلىنىشىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

مەلۇمكى، كاشغەر، خوتەن، ياركەنتلەر شىنجاڭدىكى قەدىمكى تارىخقا، باي مەدەنىيەتكە، سەلتەنەتلىك نامۇ-ئاتاققا ئىگە خاسىيەتلىك يۇرتلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باي مەدەنىيىتى، شانلىق تارىخى سەھىپىلىرى بىلەن ۋەتىنىنىڭ شانۇ-شەۋكەتلىك مەرىپەت خەزىنىسىگە مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشقان، ياراتقان تۆھپىلىرى تىللاردا داستان بولغان، يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىنلىرى بىلەن شەرققە-غەربكە تارقالغان. گۇمنام، نەۋبەتى، مەشھۇرىلار ئۆز يۇرتلىرىنىڭ مانا مۇشۇنداق جەزبىدار قىياپىتى، مۇبارەكناملىرىدىن چىن يۈرىكىدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلىشىپ، تىزگىنسىز قايناق ھېسسىياتىنى ئىشقا سېلىپ، ياڭراق ئاۋازى بىلەن پۈتۈن ئالەمگە تارالسا سۇسلاپ قالمايدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن تويۇنغان غەزەللىرىنى يېزىپ، ئابىدىلەشتۈرگەن.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ـ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت. «ئەسىرلەر مابەينىدە ئۆز ۋەتىنىگە مۇستەھكەم ئورناتقان ئەڭ چوڭقۇر مۇھەببەت» («لېنىن ئەسەرلىرى»، 1956 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 28 ـ توم، 168 ـ 169 ـ بەتلەر). ماتېرىيالىزملىق قاراش بويىچە، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئوخشاش بولمىغان دەۋردە ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنغا ئىگە بىر خىل تارىخىي ھادىسە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر ئامىلى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر خىل تارىخىي كاتېگورىيە. ئۇ يوقلۇقتىن بارلىققا، ئاددىيلىقتىن يۈكسەكلىككە، كىچىكلىكتىن بۈيۈكلۈككە، تارلىقتىن كەڭلىككە، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىپ كەلگەن.

گۇمنام، نەۋبەتى، مەشھۇرىلارنىڭ يۇرتسۆيەرلىك ئىدىيەسى «ئۈچ غەزەل»دە تولىمۇ يارقىن، ئۇلۇغۋار روھ بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئۇزاق يىللىق تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ، تولغان بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ، ئالىيجاناب كىشىلىك قاراشىنىڭ، يۈكسەك بەدىئىي ئىقتىدارىنىڭ مەھسۇلى. بۇنداق لىرىكىلار ئاددىي چۈشەنچە ئاساسىدا، يۈزەكى بىلىم سەۋىيەسىدە، سۇس ئىرادە ئاستىدا مەيدانغا كېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ئىنسانىيەتنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرى، ھالقىلىق باسقۇچلىرىدا، ئوخشاش بولمىغان رايون، مەملىكەتلەردە، ئوخشاش بولمىغان تۈزۈم، جەمئىيەتلەردە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئىپادىلىرى خىلمۇخىل شەكىل، ئۇسۇل ۋە قىياپەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ خىل چۈشەنچە بەزىدە قولىغا قورال ئېلىپ، ئۇرۇش مەيدانلىرىدا كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، رەقىبلەر بىلەن ھايات ـ ماماتلىق ئۇرۇشى قىلىپ، ئۆز خەلقى، ئۆز يۇرتىنىڭ مۇستەقىللىقى، ئازادلىقى، ھۆرلۈكى، تىنچلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش يولى بىلەن، بەزىدە ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرىدە جانپىدالىق بىلەن ئىشلەپ، ئۆز دائىرىسىدىكى خىزمەتلىرىنى قىلىش يولى بىلەن؛ بەزىدە، مەنىۋى خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىجادىيەت-كەشپىياتلارنى يارىتىپ، ئاۋام خەلقىنىڭ مەنىۋىيىتى، ئەمگەك-مېھنىتى، غەيرەت-شىجائىتى، ئارزۇ ئارمان-غايىلىرىنى تەسۋىرلەش ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەنگەن.

18 ـ ئەسىردىكى شىنجاڭنىڭ مۇرەككەپ تارىخىي،

ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىتتىدا ياشىغان گۇمنام، نەۋبەتى، مەشھۇرى قاتارلىق قايناق ھېسسىياتلىق، جاسارەتلىك شائىرلار ۋەتەنپەرلىك ئىدىيەسىنى قەلەم بىلەن، لىرىك شېئىر بىلەن، شەرق پوئېزىيەسىدىكى ئەڭ جەڭگىۋار شېئىرىي شەكىل بولغان غەزەل ژانىرى بىلەن ئىپادىلەپ، شىنجاڭلىقلارنىڭ تەۋرەنمەس ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرگەن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك چۈشەنچىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا زور ھەسسە قوشقان. بۇ ئەلۋەتتە قەدىرلىنىشكە، تەقدىرلىنىشكە تېگىشلىك بىر خىل ئېسىل پەزىلەت، بىر خىل ئالىيجاناب روھ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يۇرتسۆيەرلىك ـ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بىر خىل ئىدىيەۋى ئېقىم. بۇ خىل ئېقىم بەزى ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە يوشۇرۇنراق، مەۋھۇمراق ۋە ئابستراكتراق ئۇسۇلدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسا، بەزىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە بىر قەدەر ئېنىقراق، روشەنرەك، قاراتمىلىقى بولغان، كونكرېتراق ئۇسۇلدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەيلى قانداق ئۇسۇلدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئەدىبلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ئەدىبلەردىن بولۇپ، ئۇلار يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيەسىدە خەلقچىللىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ نۇرغۇن سەرخىل ئەسەرلىرى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىنگەن، قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، ئەتىۋارلىنىپ ساقلانغان، ئۆگىنىلگەن، ئۆرنەك ـ ئۈلگە ۋە مۇھاكىمە قىلىنغان. گۇمنام، نەۋبەتى، مەشھۇرىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ نەپەر لىرىك شائىر ئەجدادلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق ئىدىيەسى، بولۇپمۇ، ئەجدادلىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ئەدىبلەرنىڭ قايتماس ئىرادە، سۇنماس جاسارىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلار ئەسەرلىرىدە ئىپادىلىگەن ئاساسىي مەۋقەگە ياندىشقان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پارچە ـ پۇرات، چۇۋالچاقراق ۋە يۈزەكىرەك بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق قاراشلىرىنى يەنىمۇ پىششىقلاپ، يۈكسەكلەشتۈرۈپ ھەم تېپىكلەشتۈرۈپ، «كاشغەر»، «خوتەن»، «ياركەند»تىن ئىبارەت شەرقتىكى مەرۋايىتلار قاتارىغا كىرىشكە شەرتى توشىدىغان شانۇ ـ شەۋكەتلىك ئۈچ شەھەرنىڭ يارقىن، تىپىك ئوبرازىنى ياراتقان. شېئىرلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى بۇ خىل زۆرۈرىيەت گۇمنام، نەۋبەتى، مەشھۇرىلارنىڭ يۈكسەك ئىدىيەۋى ئاڭغا ئىگە، دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك قارىشى زامانداشلىرىنىڭ ئىدىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، زېھنىي ئوچۇق، ئىلغار پىكىرلىك شائىرلاردىن ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلايدۇ.

«ئۈچ غەزەل»نىڭ مەيدانغا كېلىشى تاسادىپىيلىق بولماستىن، بەلكى بىر تارىخىي مۇقەررەرلىك. يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىدا خەلقچىللىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە ئەكس ئەتكەن. ئەمما بۇنداق ئىدىيە غۇۋاراق، شالاڭراق، ئابستراكت ئۇسۇلدا ئەكس ئەتكەن. ئۇنىڭغا كۆپ ھاللاردا تاسادىپىيلىق ئامىللىرى ئارىلىشىپ قالغان. مۇقەررەرلىك جەريانغا دېگەندەك يېتەلمىگەن. بۇنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي سەۋەبلىرى بار بولغان، ئەلۋەتتە. گۇمنام، نەۋبەتى، مەشھۇرىلار ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتسۆيەرلىك ئىدىيەسىدە مۇھىم بىر بۇرۇلۇش بولۇۋاتقان، تېخىمۇ يۈكسىلىش، تۇراقلىشىش ئالامىتى كۆرۈلۈۋاتقان بىر پەيتتە ياشىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، دەۋرنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى، يۇرتداشلىرىنىڭ ئىدىيەۋى ئاڭ ئۆزگىرىشىنى، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمىدىكى بۇرۇلۇشنى يىراقنى كۆرەرلىك ئاساسىدا، سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتسۆيەرلىك قارىشىدىكى تاسادىپىيلىق يۆنىلىشىدىن مۇقەررەرلىك يۆنىلىشىگە بۇرۇلغان ھالقىلىق پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، دىلىغۇللۇقنى تاشلاپ، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۆز يۇرتلىرىنىڭ گۈزەل سىيماسىنى زوق ـ شوق بىلەن مەدھىيەلەپ، مۇستەھكەم ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت تارىخىي مۇقەررەرلىكنىڭ شۇئارىنى ئۈنلۈك توۋلىيالىغان. بۇ ئارقىلىق ھەر بىر ئاڭلىق ئىنساندا ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار چۈشەنچە ـ ئېتىقادنىڭ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مۇقەررەرلىكنىڭ شەيئىنىڭ

تەرەققىيات جەريانىدىكى ساقلىنىپ بولمايدىغان، چوقۇم بارلىققا كېلىدىغان ئاڭ-يۈزلىنىش ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم بەدىئىي ئۇسلۇبتا ئىپادىلەپ، بۇ ھەقتىكى ئۆزىنىڭ خاھىشىنى روشەن ھالدا ئىسپاتلاپ بەرگەن.

## 5. «ئۈچ غەزەل» دىكى بەدىئىي ماھارەت

غەزەل پوئېزىيەنىڭ لىرىك تۈرىگە مەنسۇپ بولۇپ، شەرق مۇسۇلمان ئەللىرى ئەدەبىياتىدا ئۇزۇن تارىخقا ۋە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە. جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» (1069-1070-يىللىرى) داستانىدىكى غەزەل ژانىرىغا مەنسۇپ بەزى شېئىرىي كۇپلېتلارنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ ھېسابلىغاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مىڭ يىللىق تارىخنى بېسىپ ئۆتكەن. چاغاتاي تىلى ئۇسلۇبىدىكى ئەدەبىياتنىڭ دەسلەپكى نامايەندىلىرى بولغان ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى ۋە نەۋايىلارنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرى ئىچىدە غەزەللەرنىڭ تۇتقان ئورنى بىر قەدەر مۇھىم. بولۇپمۇ، ئۇستاز شائىر ئەلىشىر نەۋايى ئۇيغۇر-تۈركىي شېئىرىيىتىدە غەزەلچىلىكنى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكۈزگەن. ئۇنىڭ «خەزائىنۇلمەئانى» ناملىق ئەسىرىدە 2600 پارچە غەزەل بار بولۇپ، ئۇ مەيلى ئىدىيەۋىلىك جەھەتتە بولسۇن، مەيلى بەدىئىيلىك جەھەتتە بولسۇن ئۇيغۇر-تۈركىي شېئىرىيىتىدىكى غەزەلچىلىكنىڭ مۇنەۋۋەر ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەرگەن. كېيىنكى شائىرلار غەزەل ئىجادىيىتىدە مانا مۇشۇ نەۋايى يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن غەزەللەرنى ئۈلگە قىلىپ غەزەللىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. ئۇلۇغ شائىر نەۋايى خەلقچىللىق روھى ۋە ئىنتېرناتسىيونالىزملىق روھقا ئىگە شائىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ غەزەللىرىدە ناھايىتى كەڭ ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىقنىڭ ياڭراق شوئارلىرىنى توۋلىغان. ئەمما، بۇ خىل ئىدىيە نەۋايى ئەسەرلىرىدە يوشۇرۇن، ئابستراكت ئۇسۇلدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. 18-ئەسىردە ياشىغان ياركەندلىك يەنە بىر رېئالىزمچى شائىر مۇھەممەد سىددىق زەلىلى شېئىرلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك بىر قەدەر كونكرېت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بىراق خاسلىشالمىغان، ئوبرازى يىغىنچاقلىنالمىغان. گۇمنام، نەۋبەتى، مەشھۇرىلار بولسا ئەجدادلىرىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، يۇرتسۆيەرلىك ئىدىيەسىنى زور دەرىجىدە خاسلاشتۇرغان، يىغىنچاقلاشقا تولىمۇ كۈچەپ، يۇرتسۆيەرلىك مەزمۇنىدىكى لىرىكا يېزىشتا ئۇتۇق قازانغان.

غەزەل ــ لىرىكىلىق ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا قويۇق ۋە تولغۇن ھېسسىيات ئاساس قىلىنىدۇ. لىرىك ئوبراز يارىتىلىدۇ. ۋەقەلىك، تىپىك ۋە كونكرېت ئوبراز بولمايدۇ، شۇڭا ئۇ قىسقا يېزىلىدۇ. مەسىلەن، «خەزائىنۇلمەئانى» دىكى غەزەللەرنى تەكشۈرگەندە، ئۇلارنىڭ 5 كۇپلېتتىن 11 كۇپلېتقىچە بولغان غەزەللەردىن تەركىبلەنگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. لىرىكىلاردا ھېسسىيات قانچىكى قويۇق، تولغۇن ھالدا ئىپادىلىنىپ، ئۇرغۇپ-تەپچىپ تۇرسا، بۇنداق شېئىرلارنىڭ تەسىرچانلىقى ۋە جەلىپكارلىقى كۈچلۈك بولىدۇ. قويۇق ھېسسىيات تېز ئەكس ئېتىدۇ، ئۇزاققىچە تەسىرىنى سۇسلاشتۇرمايدۇ. گۇمنام، نەۋبەتى، مەشھۇرىلار قايناق يۇرتسۆيەرلىك ھېسسىياتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەش ئۈچۈن لىرىك شېئىرىيەتنىڭ ئېنەكچىسى ۋە جەلىپكار ژانىرى ھېسابلانغان غەزەل ژانىرىدىن پايدىلىنىپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكەن. ئۇلارنىڭ يارىتقان «كاشغەر، خوتەن، ياركەند» تىن ئىبارەت ئۈچ ئوبرازى لىرىك ئوبرازلار بولسىمۇ، بىراق كونكرېت ۋە تىپىك ئوبراز بولۇش شەرتىگە يېقىنلاشقان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇرمەن بۇ «ئۈچ غەزەل»نى بېرىلىپ ئوقۇغىنىدا، ئۇنىڭدىكى قويۇق لىرىكىلىق ئوبراز ئىچىدىن تىپىكرەك ۋە كونكرېتراق بولغان كاشغەر، خوتەن، ياركەندلەرنىڭ ئوبرازىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ.

غەزەل ژانىرىدا شەكىلنىڭ تۇتقان ئورنى تولىمۇ مۇھىم. بولۇپمۇ، كىلاسسىك شائىرلار غەزەل يازغاندا غەزەللەرنى 5 كۇپلېتتىن 13 ياكى 15 كۇپلېت بىلەن تۈگەللىگەن. كۆپ غەزەللەر 9، 7، 5 كۇپلېت قىلىپ يېزىلغان. كۇپلېتلار ئىككى مىسرادىن تەركىب تاپقان.

غەزەل يېزىش ئۈچۈن شائىرلار ئارۇز ۋەزنىنى تاللىغان ھەم ئارۇز ۋەزنىنىڭ خالىغان بەھرىلىرىنى تەدبىقلىغان. رىتىم، ۋەزىن، تۇراق، قاپىيە، رادىف ئىنتىزاملىرىغا قاتتىق رىئايە قىلغان، قاپىيە ـ سۆزلەرنى كۆڭۈل قويۇپ تاللىغان. گۇمنام، نەۋبەتى، مەشھۇرىيلارنىڭ «ئۈچ غەزەل»ى بولسا كىلاسسىكلارنىڭ غەزەلچىلىك ئەنئەنىسىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلىنغان ئاساستا يېزىلغان. بولۇپمۇ گۇمنامنىڭ غەزىلى 9 كۇپلېت بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن ناۋايى غەزەللىرىدە قوللىنىلغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى 9 كۇپلېتلىق غەزەل شەكلى بىلەن بىردەك بولغان. نەۋبەتى، مەشھۇرىيلارنىڭ 12 كۇپلېتتىن تەركىبلەنگەن غەزەللىرى ئەنئەنىۋى غەزەلچىلىكنىڭ كۇپلېت ساندا قوللىنىلىدىغان تاق سانلىق كۇپلېت تۈزۈش قائىدىسى (مەسىلەن، 5، 7، 9، 11، 13، 15 كۇپلېت بولۇشتەك ئەندىزىگە) گە ئوخشىمايدىغان بولسىمۇ (بۇنىڭدا باشقا سەۋەب بولۇشى ھەم مۇمكىن)، بىراق، ئۈزۈن يېزىلماي، كەڭ ۋە چوڭقۇر پىكىر كىچىك ھەجىملىك شېئىرىي كۇپلېتلاردا ئىنتايىن روشەن، جەزبىدار ھالەتتە ئىپادىلەنگەن. بۇ لىرىكىلار تولىمۇ راۋان تىل بىلەن، تۇراق ئايرىمىسى ئېنىق، ئاھاڭدار ئۇسلۇبتا يېزىلغان. مىسرالارغا پاساھەتلىك سۆزلەر تاللانغان، توق ۋە تۇپ سۆزلۈك قاپىيەلەر ئىشلىتىلگەن.

گۇمنام، نەۋبەتى، مەشھۇرىيلارنىڭ «ئۈچ غەزەل» دىكى تىلنىڭ پاساھەتلىك ۋە ئۆتكۈرلۈكى، بۇ شائىرلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇنداق قاراشقا بولىدۇكى، بۇ شائىرلار يۇقىرى مەدرىسە مائارىپى بىلەن تەربىيەلەنگەن، ئۆز خەلقىنىڭ ئەدەبىياتىدىن باشقا ئەرەب، ئىرانىي تىل ـ ئەدەبىياتى، مەدەنىيتى بىلەن تونۇشلۇقى قويۇق بولغان. بۇ يەردە شۇنى قىستۇرما قىلىشقا توغرا كېلىدۇكى، گۇمنام، نەۋبەتى، مەشھۇرىيلارنىڭ ئەرەبىي، ئىرانىي تىلىدىكى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى كۆپرەك قوللانغانلىقى ئۆز دەۋرىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئالاھىدە بىر خىل ھادىسە بولۇپ، بۇنى ئىلمىي چۈشىنىش لازىم، ئەلۋەتتە. بۇنىڭغا بۈگۈنكى قاراش بويىچە مۇئامىلە قىلىدىغان بولساق، مۇھاكىمىدە يېڭىلگەن بولىمىز.

## 6. تۈگەنچە

يىغىنچاقلىغاندا، گۇمنامنىڭ «كاشغەر»، نەۋبەتىنىڭ «خوتەن»، مەشھۇرىنىڭ «ياركەند» (رادىفلىرى) ناملىق غەزەللىرى مەيلى ئىدىيەۋىلىك جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى بەدىئىيلىك جەھەتتىن بولسۇن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا مەڭگۈ جۇلالىنىپ تۇرىدىغان نادىر ئەسەرلەر. بۇلار ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا يېگانىلىقى بىلەن مەشھۇر بولۇپ قالماستىن، بەلكى، پۈتۈن جۇڭگو كىلاسسىك شېئىرىيىتى ساھەسىنىڭ ئەشۇ تارىخىي باسقۇچىغىچە بولغان دەقىقىلىرىدە قانداقتۇر بىر شەھەر ـ قەلئەسىنى شۇنداق جاراڭلىق، جەزبىدار، روشەن، ھېسسىياتلىق، ئېنىق تەسۋىرلىگەنلەرنىڭ بايراقدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن يۈكسەك ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە. بۇلارنى يەنە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يۇرت سۆيەرلىك ـ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ئىپادىلەنگەن كىلاسسىك شېئىر ـ غەزەللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىقمۇ دۇنياۋى قىممىتىنى دەڭسەپ بېقىشقا بولىدۇ.

دېمەك، بۈگۈنكى كۈندە ئېلىمىزدە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇش بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەر خىل پائالىيەتلەرنىڭ ئىلھامى ۋە تەشۋىقاتلارنىڭ روھى بويىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنىغا ئىگە ئەسەرلەرنى قېزىپ چىقىش ۋە بۇ توغرىلىق مۇلاھىزە ـ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇرمەنلەر ۋە ئىلمىي خادىملارنىڭ كۆرۈشىگە سۇنۇش بىر خىل تارىخىي خىزمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «ئۈچ غەزەل» توغرىسىدا ئىزدىنىش، داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش شىنجاڭلىقلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇشتا ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىلمىي خىزمەتلەرنىڭ بىرى.

## پايدىلانمىلار

[1] مۇھەممەدئەمىن گۇمنام (ھىرقەتى) : «دىۋانى گۇمنام» (مىرسۇلتان ئوسمانوۋ نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،

2004 ـ يىلى.

[2] «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ـ شائىر نوۋبىتى ھەققىدە» (بارات ئىمىن تاييارلىغان)، «كۈنلۈن ئەدەبىياتى» (خوتەن)، 1979 ـ يىلى 1 ـ سان.

[3] نوۋبىتى: «دىۋانى نوۋبىتى» ( مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

[4] ئىبراھىم مەشھۇرى: «دىۋانى مەشھۇرى» (مەمتىمىن يۈسۈپ نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

[5] ن. ت. فىدىرېنكو (رۇسىيە) «خەنسۇ ئەدەبىياتى» (باراتوف ئابدۇللا، خۇدۇمبەردىيوف خېلەملەر تەرجىمىسى)، تاشكەنت «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى، 1958 ـ يىلى ئۇيغۇر كونا يېزىق نۇسخىسى.

[6] « ئەدەبىيات لۇغىتى»، مەكتەپ نەشرىياتى، ئالمۇتا، 1974 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

[7] «جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىياتى»، ئىككى قىسىم، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات پاكۇلتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ رادىيو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تەرجىمە قىلىپ باستۇرغان، ئۇيغۇر يېڭى يېزىق شەكلىدىكى نۇسخا، 1980 ـ يىلى نەشرى.

[8] ھاجى ئەخمەت «ئۇيغۇر شېئرىيىتى توغرىسىدا»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى.

[9] روزېنتال، پ. يۇدىن (رۇسىيە) ، «قىسقىچە پەلسەپە لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.

[10] «پەلسەپە ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

[11] «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى. جۇڭگو ئەدەبىياتى»(«中国大百科全书 · 中国文学»)، جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، بېيجىڭ ـ شاڭخەي، 1986 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

[12] ئابلەت ئۆمەر باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى.

[13] «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار تۈزگەن )، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى.

[14] خالۇق ئىپېكتىن (تۈركىيە): «ئېسكى تۈرك ئەدەبىياتى ـ نەزىم شەكىللىرى ۋە ئارۇز»، دېرگان يايىنلارى، ئىستانبۇل، 2010 ـ يىلى نەشرى.

[15] زەمىر سەئىدۇللازادە: «ئارۇز ئىلمى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى.

[16] «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (غەيرەتجان ئوسمان يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2012 ـ يىلى نەشرى.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن**

ماقالە نومۇرى: 07_024_01(2013) 1005_5878

# قەشقەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە ئىزدىنىش*

چىمەن نەجمىدىن[1]، مۇھەممەتزۇنۇن ئابدۇكېرىم[2]

(1. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تارىخ فاكولتېتى، ئۈرۈمچى. 830046،
2. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سىياسىي ـ قانۇن ئىنستىتۇتى، قەشقەر. 844007)

قىسقىچە مەزمۇنى : قەشقەر رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەك- ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك نامايەندىسى، ئۇيغۇرنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا مول بولغان يېمەك- ئىچمەك ئارقىلىق ساقلىقنى ساقلاش ئادەتلىرى بار، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچە بولغان دەۋر، ماكان ھەمدە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى، شۇنداقلا تەبىئەت بىلەن بولغان ماسلىشىشچانلىقىنى، كۈچلۈك بولغان رايون خاراكتېرلىك ئېكولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلانىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىگە قارىتا سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشىمىزدە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. بولۇپمۇ دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشىمىزدە مۇھىم نەزەرىيەۋى ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، قەشقەر رايونىدىكى ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە قارىتا مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要**：喀什地区的饮食文化是维吾尔族传统文化的典型代表。在维吾尔族人民的物质文化生活中，蕴含着内容丰富的养生保健饮食习俗。它反映了维吾尔族群体独特的时代、地域以及民族特性。即其所生存中的与自然环境相和谐的独特地域生态性。将其进行整理、探讨，对进一步了解新疆各民族饮食习俗文化的内涵具有积极意义。特别是在我国西部大开发战略的实施以及深入了解新疆信仰伊斯兰教各民族饮食习俗文化中具有一定的理论和现实意义。本文以维吾尔民族饮食文化的源流入手，分析及探讨其饮食文化的特点以及发展趋势。

**Abstract:** The diet culture in Kashgar region can be seen as the typical example of Uyghur traditional diet culture. From it, one can see that Uyghur culture contains rich content of health care diet customs. It also reflects the uniqueness of Uyghur culture from the aspects of different eras, regional and national characteristics, harmonious relationship between natural environment and regional ecology. The significance of studying the subject is obvious, since it can provide us a further understanding on diet customs of all ethnic-minorities in Xinjiang. Especially for further implement of the West Development Strategy, it has certain theoretical and practical significance on understanding diet customs of Islamic ethnic-minorities. By studying the origin of Uyghur traditional diet culture, this thesis analyzes and discusses features and development tendency of Uyghur traditional diet culture.

---

* بۇ ماقالە 2012-يىلى 9- ئاينىڭ 5-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات فوندى « قەشقەر رايونىنىڭ مەدەنىيەت تەتقىقاتى»نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى. تەستىق نومۇرى: «10&ZB068

ئاپتورلار: چىمەن نەجمىدىن (1958- يىلى 11- ئايدا تۇغۇلغان)، پىروفېسسور، ماگىستىرانت يېتەكچىسى، چىگرا رايون مىللەتلىرىنىڭ ئىقتىساد-مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
مۇھەممەتزۇنۇن ئابدۇكېرىم (1966- يىلى 10- ئايدا تۇغۇلغان)، پىروفېسسور، ماگىستىرانت يېتەكچىسى، چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: C95 ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. قەشقەر رايونىدىكى ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى

يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئىنسانلارنىڭ يېمەك-ئىچمەككە ئېرىشىش ئۇسۇلى، ئۇلار ياشاۋاتقان تەبىئىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي شارائىت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مۇھىتنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادىتى ئوخشاش بولمايدۇ، نەتىجىدە ئوخشاش بولمىغان مىللىي خاسلىققا ئىگە يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى ھاسىل قىلىنىپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىدۇ. مىللەتنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ، شۇنداقلا مەلۇم دەرىجىدە شۇ مىللەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ

ئىنسانلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئالدى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئوتتىن پايدىلىنىشنى بىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىنسانلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى خام نەرسىلەرنى پىشىشىق نەرسىگە ئايلاندۇرۇش بولۇپ، بۇخىل ئالاھىدىلىك ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلارنىڭ يېمەكلىككە ئېرىشىش ئۇسۇلىدىكى تۈپكى پەرق ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئېرىقچىلىق تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئېرىقچىلىق ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىدىكى بىر بۇرۇلۇش بولۇپ، ئۇ مەزمۇن، شەكىل جەھەتتىن يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈردى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېرىقچىلىققا قەدەم قويغان ۋاقتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىدىمۇ پەرق مەۋجۇت.

يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى ۋارىسچانلىققا ئىگە بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ يېمەكلىكلەرنى تەييارلاش تېخنىكىسىغا ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ھەرقايسى مىللەت ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكلەرگە ئۆز تىلىدا نام بەرگەن. بۇناملار كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، شۇ تىللار بىلەن بىرلىكتە ساقلىنىپ قالغان. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۆۋەندە «دىۋان» دەپ ئېلىنىدۇ)تە 11-ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىگە ئائىت مول ماتېرىياللار ساقلانغان، «دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. «دىۋان»دىكى يېمەك-ئىچمەككە ئائىت سۆزلەرگە ئاساسەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنى سۈت تۈرىدىكى يېمەكلىكلەر، گۆش تۈرىدىكى يېمەكلىكلەر، ئاشلىق تۈرىدىكى يېمەكلىكەر(ئاشلىق، كۆكتات، دانلىق يېمەكلىكلەر، ئۇن تېپىدىكى نان، تاماق، مايلىق يېمەكلىكلەر)، مېۋە-چېۋە، ئىچىملىك تۈرىدىكى يېمەكلىك قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

يېمەك-ئىچمەك ئەسلىدىنلا مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سىستېمىسىدا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكنى، ئورتاق ئادەت خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرگەندىن سىرت، يېمەك-ئىچمەككە مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ-ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل ئۆرپ-ئادەتلەر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تائام شەكلى، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ھەمدە قوشنىلار ئارىسىدىكى ئالاقە جەريانىدا ئەكس ئېتىدۇ.(1) ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار تاماق تەييارلىغان ۋاقتىدا كالىڭ شىرە ۋە داستىخان تەييارلايدۇ. تاماق تەييار بولغاندىن كېيىن تاماق داستىخانغا قويۇلىدۇ، ئائىلە ئەزالىرى تاماق ئۈستىلىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ غىزالىنىدۇ. (2) قاغان بىلەن ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ تاماقلىنىش ئورنى ئوخشىمايدۇ، قاغان ئايرىم ئۈستەلدە تاماقلىنىدۇ. (3) ئۆلۈم - يېتىم بولغاندىن كېيىن ئۈچ نەزىر، يەتتە نەزىر بېرىلىدۇ، نەزىردە

يېيىلىدىغان يېمەكلىك ئادەتتە يېيىلىدىغان يېمەكلىكلەرگە ئوخشىمايدۇ. (4) ئۇيغۇرلار مېھماننى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدۇ، مېھمان ئۈچۈن قوي سويۇپ، قوينىڭ بېشىنى مېھماننىڭ ئالدىغا قويىدۇ. (5) ئۇيغۇرلار قوشنىلار ئارا ئىناق ئۆتىدۇ، ئۆزئارا تاماق سۇنۇشىدۇ. (6) كېچىسى كەلگەن مېھمانلارمۇ قىزغىن كۈتۈۋېلىنىدۇ، مېھمان ئۈچۈن تاماق تەييارلىنىدۇ، يېقىن دوستلار سەپەرگە چىققاندا ئۇلارغا قۇرۇق ئاشلىق سوۋغا قىلىنىپ، سەپەردە ئامان ـ ئېسەن بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈلىدۇ. بۇ خىل ئۆرپ-ئادەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى ئەخلاقى سۈپىتىدە بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

قەشقەر رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىدە ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە بولۇشىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە ئامىلدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ:

بىرىنچى، قەشقەر تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان رايون ھېسابلىنىدۇ[1].

مىلادىيە 840-يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ھەرخىل تەبىئىي ئاپەت ۋە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ بىر قىسمى جەنۇبقا، يەنە بىرقىسمى غەربكە كۆچتى. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئۈچكە بۆلۈنۈپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى (بۈگۈنكى تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار)، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى (بۈگۈنكى گەنسۇ دائىرىسىدە) ۋە قاراخانىيلار خانلىقى (قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار)نى قۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى 1036-يىلىغا كەلگەندە غەربىي شيا سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلدى، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار موڭغۇل، زاڭزۇلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. يەنە بىرقىسمى ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قالدى ۋە 1954-يىلىغا كەلگەندە مىللەت نامىنى «يۇغۇر»غا ئۆزگەرتتى. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ ئۇيغۇر نامى بىلەن ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئېرىشتى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربكە كۆچكەن يەنە بىر تارمىقى قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ياشىدى ۋە قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇردى ھەمدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ چاغاتاي خانلىقى، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ۋە يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. بۇ جەرياندا ئىسلام دىنىغا كىرگەن موڭغۇللارنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. تۇرپان، قومۇلدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى.

يۇقىرىقى تارىخىي ماتېرىياللاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار ئۇزلۇكسىزلىكىنى ساقلاپ، قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ بۆشۈك ماكانىغا، شۇنداقلا ئۇيغۇرلار ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان رايونغا ئايلانغان.

بۇنىڭدىن باشقا، قەشقەر تارىختىن بۇيان غەربىي رايوندىكى سودا-سېتىق گۈللەنگەن جاي بولۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىدىلا يىپەك يولىدىكى مۇھىم سودا مەركىزىگە ئايلانغان، بۇ خىل ئالاھىدىلىك قەشقەرنىڭ ئاھالىسىنىڭ زىچلىقىدىن ئىبارەت فۇنكسىيەسىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 128-يىلى قەشقەرگە ئەلچىلىككە كەلگەن غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى جاڭ چيەن سۇلېغا (بۈگۈنكى قەشقەرگە) يېتىپ كېلىپ ھەيرانلىق بىلەن قەشقەرنى: «سۇلېنىڭ شەھەرلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى شەھەرلەرگە ئوخشاش بازارلاردا قاتارلىشىپ كەتكەن دۇكان-سارايلار، ئۆتنۈشۈپ تۇرغان ئات-ھارۋىلار، ئات-تۆگە كارۋانلىرى، توپ-توپ بولۇپ يۈرگەن ئادەملەر ، سەييارە سودىگەرلەر ۋە يايمىكەشلەر بار بولۇپ، خىلمۇخىل چەرچىن ماللار ‹كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىكەن›، بازارلىرى دەرىجىدىن تاشقىرى قايناق ئىكەن»[2] دەپ تەسۋىرلەيدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 42-يىلىدىكى «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم»دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «قەشقەرنىڭ باشقۇرۇشىدا ئون جاي بار، بازار كوچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون چاقىرىم كېلىدۇ، بازار ۋاقتىدا ماللار تاغدەك دۆۋىلىنىپ، ئادەملەر توپلىشىدۇ»[3]، «قەشقەرنىڭ شەھەر-بازارلىرى ئۆزئارا تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئىنتايىن ئاۋات»[4]. ئەينى ۋاقىتتا ئەتراپتىكى قوشنا خانلىقلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى قەشقەرلىك دەپ ئاتىشىدىكى سەۋەب بىر تەرەپتىن، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەتراپتىكى دۆلەتلەردىكى تەسىرى بىرقەدەر چوڭ بولغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن، قەشقەرنىڭ ئۇيغۇرلار ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان، سودا گۈللەنگەن جاي بولغانلىقىدىندۇر.

ھەتتا بۇگۈنگە قەدەر، قەشقەردىن ئىبارەت بۇ زېمىندا ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كۆپرەكى ياشىماقتا. مۇناسىۋەتلىك سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 2010-يىلىدىكى 6 - قېتىملىق نوپۇس ئىستاتىستىكىسىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 10مىليون 1302 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 3مىليون 606 مىڭ 779 نەپەر بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ % 36 نى ئىگىلەيدۇ[5].

شۇڭلاشقا، مەيلى تارىختا ۋە ياكى ھازىر بولسۇن، قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى ياشىغان جاي بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمدىن تارتىپ مەدەنىيەتكە، زامانىۋىلىششقا قەدەم قويۇش جەريانىدا مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سىستېمىسىغا ۋەكىللىك قىلىپ كەلدى.

ئىككىنچى، تەبىئىي مۇھىت، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە دىنىي ئېتىقاد نۇقتىسىدىن قارىغاندا، قەشقەرنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى مىللىي ئالاھىدىلىك، رايون ئالاھىدىلىكى ۋە دىنىي ئىزنالارغا تويۇنغان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلىگە ئايلاندى[6].

قەشقەرنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى تەبىئىي مۇھىت بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. شىنجاڭ تىپىك مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق ھاۋا كىلىماتىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ھۆل-يېغىن مىقتارى ئىنتايىن ئاز، ھاۋاسى قۇرغاق. چۆللۈك ۋە قۇملۇق شىنجاڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %40 تىن ئارتۇقراقىنى، بوستانلىق بولسا ئاران %4نى ئىگىلەيدۇ. قۇملۇق ۋە چۆللۈكلەرنىڭ تۇسالغۇسى تۈپەيلى قاتناش قولايسىز. شۇڭا ئۇيغۇرلار گۆش ۋە سۈتنى ئاساسلىق يېمەكلىك قىلغان. 9- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىدە ئەسلىدىكى گۆش ۋە سۈتنى ئاساس قىلىشتىن دانلىق زىرائەتلەرنى ئاساس، گۆشنى قوشۇمچە قىلىشقا ئۆزگەردى. ئۇن تۈرىدىكى يېمەكلىكلەر تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. قەشقەر رايونىدىكى ئۇيغۇرلار بۇرۇندىنلا باغ-ئورمان بەرپا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ بېغى بار بولغاچقا، يىل بويى مېۋە-چېۋە يېيىشكە ئادەتلەنگەن. باغ-ئورمان تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئىي ۋىتامىن ئامبىرىغا ئايلانغان. 5-ئايدا پىشىدىغان ئۈجمە، 6-ئايدا پىشىدىغان ئۆرۈكتىن باشلاپ ھەرخىل مېۋە-چېۋىلەر ئۈزۈلمەيدىغان بولۇپ، كىشىلەر بىر يىل ئىچىدە يەتتە ئايغا يېقىن ۋاقىت يېڭى مېۋىلەرنى يېيەلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىنقۇلىرىدىن زىرە، قارىمۇچ، مۇچ، پىنىنە، يۇمغاقسۈت، سىيادان، سىركە قاتارلىقلارمۇ بار.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئىچىملىكلىرىدىن چاي، سۈت، قېتىق، ھەرخىل قۇرۇق مېۋىلەر چىلاپ تەييارلىنىدىغان مېۋە شىرنىسى، مېۋە شەربىتى، دوغاپ، مۇسەللەس قاتارلىقلار بار. ئۇيغۇرلار كۈندىلىك تۇرمۇشىدا، چاي ئىچىشنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، كۈندىلىك تامىقىدا چايدىن ئايرىلالمايدۇ. قەشقەر رايونىدىكى ئۇيغۇرلار قېتىقنىمۇ ئالاھىدە ياخشى كۆرىدۇ، ياز پەسلى قېتىق بىلەن ناننى كۆپ ئىستېمال قىلىدۇ. بولۇپمۇ دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرىدە دېھقانلار چۈشلۈك تامىقىدا قېتىق بىلەن نان يەيدۇ. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەشقەرلىكلەرنىڭ يېمەك-ئىچمىكى ئىسسىق، تەملىك، مايلىق بولۇپ، قوغۇن-تاۋۇز، قېتىق قاتارلىقلارنى كۆكتات ئورنىدا ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن.

تارىختا، قەشقەر ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بۇددا ۋە ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزى بولغان. بولۇپمۇ ئىسلام دىنى غەربىي رايونغا تارقالغان دەسلەپكى مەزگىللەردە قاراخانىيلار خانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن ، كېيىنكى بىرقانچە ئەۋلاد خانلار ئىسلام دىنىنى خوتەن، كۇچا، تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلارغا تارقاتقان. شۇنىڭ بىلەن قەشقەردە يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ كەڭ تۈردە تارقالغان. ئەگەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېمەك -ئىچمىكىدىكى پەرھىزلەرنىڭ مەزمۇنىغا قارايدىغان بولساق، نۇرغۇن پەرھىزلەر ئىسلام دىنىدىكى «ھالال» «ھارام» قارىشىدىن كەلگەن. چوشقا، ئىت، ئېشەك، قېچىر قاتارلىقلارنىڭ گۆشىنى يېيىش، قېنىنى ئىچىش چەكلەنگەن. بۇلار ئىسلام دىنىدا يېيىش چەكلەنگەن نەرسىلەر بولۇپ، «قۇرئان»غا ئاساسلانغان.

شۇڭلاشقا ئىسلام دىنىدىكى يېمەكلىكلەرگە قويۇلغان چەكلىمىلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۈچىنچى، قەشقەر بىرقەدەر يېپىق جۇغراپىيەلىك رايون بولۇپ، ھەرخىل مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئىچكى ئايلانما مېخانىزمنىڭ رول ئوينىشى ئارقىسىدا، نىسبەتەن تۇراقلىق، ۋارىسچانلىقى كۈچلۈك، نىسبەتەن ئاستا بولۇشتەك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈردى[7]. شۇڭلاشقا بۇخىل جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىك يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەسلىي قىياپىتى ۋە ئىپتىدائىي ئېكولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوغداش ۋە ۋارىسلىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

قەشقەر شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بوستانلىققا جايلاشقان. شىمالىدىكى تەڭرىتاغ تىزمىسى بۇ رايوننى شىمالىي شىنجاڭدىن ئايرىپ تۇرىدۇ، جەنۇبىدا قاراقۇرۇم تېغى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغان قەشقەر جۇغراپىيەلىك يەر شەكلى جەھەتتىن قەدىمدىن ھازىرغىچە نىسبەتەن يېپىق ھالەتتە بولغاچقا، قەدىمدە قاتناش تەرەققىي قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا باشقا مەدەنىيەتلەر ئاسان كىرەلمىگەن ۋە چىقالمىغان. شۇڭا ئۆزىدە ئەسلىدىنلا بار بولغان نىسبەتەن مۇستەقىل، مۇقىم بولغان مەدەنىيەت ، يېپىق بولغان جۇغراپىيەلىك مۇھىتنىڭ تەسىرىدە تېخىمۇ مۇقىم بولۇشتەك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرگەن.

تارىختا، قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەركىبىدىكى غەيرىي مەدەنىيەتلەر ئاساسلىقى سودا، دىن تارقىتىش قاتارلىقلارنىڭ ۋاسىتىسىدە تارقىلىپ كىرگەن. مەسىلەن: جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا كېلىپ يىپەك يولىنى تۇتاشتۇرغاندىن باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، غەربىي يۇرت، ئوتتۇرا ئاسىيا ھەتتا ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا سودا بۇيۇملىرىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. ۋېي، جىن، جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە سىيانپىلار، جۇرجان (ئاۋارلار) قاتارلىقلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ غەربىي يۇرتقا كىردى. ئۇلار غەربىي يۇرتنىڭ كونتروللۇق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر ئەسىردىن كۆپرەك ھوقۇق تالىشىش ئۇرۇشى ئېلىپ باردى. بۇ ئۇرۇشلار ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە مۇھىت ئاستىدىكى ئالاقە ۋە ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

## 2. قەشقەر ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

قەشقەر ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، ئۇ ماددىي ھەم مەنىۋى قاتلامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى بىرقانچە ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىرىنچى، ئاممىباپلىقى. ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى كەڭ خەلق ئاممىسى بولۇپ، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ، ئۇ كەڭ ئومۇملاشقان. قەشقەردە، ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭدا ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ ھەر بىر تۈرىنى مەيلى شەھەر ۋە ياكى يېزا بولسۇن ئۇچراتقىلى بولىدۇ. كىشىلەر باي ياكى كەمبەغەل بولۇشتىن قەتئىينەزەر يېتەرلىك ھالدا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدىكى كۈندىلىك تاماقتا، كۈندە دېگۈدەك لەغمەن، پولو، چۆچۈرە قاتارلىق تائاملار ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ خىل تاماق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ، شۇنداقلا سىرتتىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن.

ئىككىنچى، يېمەك-ئىچمەك تۈرىنىڭ موللۇقى. قەشقەر ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنى چوڭ جەھەتتىن قاقلاپ پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەر، سۇدا پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەر، ئۇن تۈرىدىكى يېمەكلىكلەر، قورۇما تۈرىدىكى يېمەكلىكلەردىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. قاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىكلەردىن ئاساسلىقى زىخلىق كاۋاپ، سامسا، تونۇر كاۋىپى، نان، بېلىق كاۋىپى قاتارلىقلار بار. سۇدا پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىكلەردىن ئاساسلىقى قوي گۆشى شورپىسى، ئۆپكە-ھېسىپ، لەغمەن، سۇيۇقئاش قاتارلىقلار بار. ئۇن تۈرىدىكى يېمەكلىكلەردىن يۇتازا، پېتىر مانتا، ئۈزۈپ تاشلانغان سۇيۇقئاش قاتارلىقلار بار. قورۇما تۈرىدىكى تاماقلاردىن قوي گۆشى قورۇمىسى ۋە

باشقىلار بار. يېمەكلىكلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ تۈرىمۇ ناھايىتى كۆپ. ناننى مىسالغا ئالساق «دىۋان» دا تىلغا ئېلىنغان ناننىڭ تۈرى 18خىلدىن ئاشىدۇ. بۈگۈنگىچە داۋام قىلىپ كەلگەن ۋە تەرەققىيات جەريانىدا يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن تۈرلەرنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 20خىلدىن ئاشىدۇ. پولونىڭ تۈرىمۇ كۆپ بولۇپ، خۇرۇچلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تەمىمۇ ئوخشىمايدۇ.

ئۈچىنچى، يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى مىللەتنىڭ ھېسسىيات ئامىلى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن مېھماندوست، ھېسسىياتقا ئەھمىيەت بېرىدىغان مىللەت بولغاچقا، ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىدىن ئۇرۇق-تۇغقاندارچىلىق، دوستلۇق ھېسسىيات ئامىللىرىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ ھەمدە بۇخىل ھېسسىيات ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قاتلاملىرى بىلەن زىچ بىرىكىپ كەتكەن. ئالايلۇق، يىراقتىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ساھىپخان ئۆزگىچە مىللىي تائاملارنى تەييارلىغاندىن باشقا، يەنە تاماق ۋاقتىدا ئۇلارغا جۇشقۇن ناخشا-مۇزىكا سورۇنى تەييارلايدۇ. بۇخىل مېھمان كۈتۈش ئادىتى بىر تەرەپتىن، ساھىپخاننىڭ مېھمانغا بولغان قىزغىنلىقىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، مېھمان بولغۇچىمۇ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تەڭ ھۇزۇرلىنىدۇ. توي-تۆكۈن ۋە ئۆلۈم -يېتىم بولغان ۋاقىتلاردا ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرى ئالاھىدە سوۋغىلارنى بەرگەندىن باشقا ھەر خىل تاماقلارنى سۇنىدۇ. ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرى قايتىدىغان چاغدا ساھىپخانمۇ ئۇلارنىڭ تاۋىقىنى قۇرۇق قايتۇرمايدۇ. بۇ ئۆز ئارا ئوزۇق-تۈلۈكلەرنى سوۋغا قىلىش ئارقىلىق بىر-بىرىگە تەسەللىي بېرىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا يېمەك-ئىچمەك ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئېھتىياجلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى بىرىكمىسى، شۇنداقلا ئۆزئارا ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ.

تۆتىنچى، يېمەك-ئىچمەكنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتىگە ئەھمىيەت بېرىلىشتىن سىرت، رەڭگىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى ئۇن تۈرىدىكى يېمەكلىكلەرنى ئاساس، سۈت، گۆش، كۆكتات ۋە مېۋە-چېۋىلەرنى مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇمچە قىلغان مۇكەممەل يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ سىستېما ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك قىممەت قارىشى، گۈزەللىك قارىشى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قىممەت قارىشى تاماقنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ۋە تەمىگە ئەھمىيەت بېرىش قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. يېمەك-ئىچمەككە بولغان گۈزەللىك قارىشى تاماقنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى، پۇرىقى قاتارلىقلارغا ئەھمىيەت بېرىشتە ئىپادىلىنىدۇ. يېمەك-ئىچمەكنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى سالامەتلىككە پايدىلىق بولۇش، ئاچلىققا بەرداشلىق بېرىش، يېگەندىن كېيىن ئادەمنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەشتە ئىپادىلىنىدۇ. ئىچىملىك ۋە مېۋە-چېۋىلەرنىڭ تەمىگە ئەھمىيەت بېرىش گۈزەللىككە ئىنتىلىش ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنىڭ تەرەققىيات شەكلىگە تېز يۈزلىنىش بويىچە قارىساق سۈت، گۆش تۈرىدىكى يېمەكلىكلەردىن ئۇن تۈرىدىكى يېمەكلىكلەرگە تەرەققىي قىلدى دەپ قاراشقا بولىدۇ. توغرا يۈزلىنىشتىن قارىساق يېمەكلىكلەرنىڭ دائىرىسى كېڭەيگەنلىكىنى، تۈرىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى، تەييارلاش تېخنىكىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلانغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىنكى، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆرنەك قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. بۇرۇنقى قورساق تويغۇزۇشنى مەقسەت قىلىشتىن، ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ۋە كۆپ خىللىقىغا ئەھمىيەت بېرىشكە، يېمەكلىكنىڭ قۇرۇلمىسى جەھەتتىن، قارا ئاشلىقنى ئاساس قىلىشتىن ئاق ئاشلىقنى ئاساس قىلىشقا، كالا، قوي گۆشى قاتارلىقلاردىن ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم، دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ خىللىققا قاراپ ئۆزگەردى. كۆكتاتلارغا بولغان ئېھتىياج زور دەرىجىدە ئاشتى. ئىچكىرىنىڭ مېۋە-چېۋە، كۆكتاتلىرىنىڭ زور

مىقتاردا يۆتكەپ كېلىنىشى بىلەن ئىستېمالنىڭ پەسىلچانلىقى ئاجىزلاشتى. ئىلگىرىكى ئۆزىنىڭكىنى ئۆزى ئىستېمال قىلىدىغان، ئۆزى ئىشلەپ چىقارمىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلمايدىغان ئادەت ئۆزگەردى. يېمەكلىك سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەييار يېمەكلىكلەرنىڭ ئىستېمالى زور دەرىجىدە ئاشتى. قورۇما تېخنىكىسى جەھەتتە ئەنئەنىۋى دۇملەپ پىشۇرۇش، هوردا پىشۇرۇش، قاقلاپ پىشۇرۇش ئۇسۇلىغا يەنە مايدا پىشۇرۇش، مايدا قورۇش قاتارلىق ئۇسۇللار قوشۇلدى. زامانىۋى تاماق ئېتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، بىر قىسىم يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە قورۇملار بارلىققا كەلدى. تاماق ئېتىشتە ئىشلىتىلىدىغان يېقىلغۇ ماتېرىيالىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇپ، سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ۋە ئېلېكترونلۇق ئوچاقلار ئىشلىتىلىدىغان بولدى. يېمەك-ئىچمەك جابدۇقلىرى ئەسلىدىكى ياغاچ بويۇملارنى ئاساس قىلىشتىن فار-فور بويۇملارنى ئاساس قىلىشقا، تاماقلىنىش شەكلى جەھەتتە قولدا يېيىشتىن، قوشۇق ۋە چوكا بىلەن يېيىشكە، تاماق يېگەندە كالىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يېيىشتىن، ئۈستەلدە ۋە ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ يېيىشكە ئۆزگەردى.

يۇقىرىقىلارنى خۇلاسىلىگەندە، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان قەشقەر ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى، بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش جەريانىدا ياراتقان قىممەتلىك بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا يەرلىكتىكى ھەر مىللەت خەلقى مەركەزنىڭ شىنجاڭ ئىقتىسادىدا ھالقىما تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، ئىدىيەنى ئازاد قىلىپ، تىرىشىپ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە يېمەك-ئىچمەك ساياھەت ماركىسى يارىتىپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى زۆرۈر.

## ئىزاھلار


[1][6][7]买买提祖农.阿布都克力木，甘桂琴，艾买提江.阿布力米提.《喀什维吾尔族传统饮食文化与旅游开发》，《新疆大学学报(哲学.人文社会科学版》,2011 年第三期，70-71 页.

[2] 刘学杰：《古典喀什》，香港天马出版社，2004 年 10 月版.

[3][4] 椿园七十一：《西域闻见录》，上海古籍书店，1980 年 10 月，据乾隆四十二年抄本复印.

[5]《新疆维吾尔自治区 2010 年人口普查资料》上册，中国统计出版社，2012 年 8 月版 .


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 06_031_01(2013) 1005_5878

# ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا جەدىتىزم*

ئابدۇشۇكۇر موللەك يۈرچى

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئالاهىدە تارىخىي شارائىتتا شەكىللەنگەن ئەدەبىيات بولۇپ، مەزمۇن، خاراكتېر، ئۇسلۇب ۋە تىل جەھەتلەردە باشقا دەۋر ئەدەبىياتىدىن ئالاهىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق بولۇشىدا، ئاقارتىش پائالىيەتلىرىنىڭ يىلتىزى بولغان جەدىتىزملىق ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى ئىنتايىن چوڭ رول ئوينىغان. ماقالىدە، رېئال پاكىتلار ئارقىلىق بىر تۈركۈم ئالدىن ئويغانغان زىيالىيلىرىمىزنىڭ جەدىتىزملىق ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆز دۇنيا قارىشى ۋە ئىجادىيىتىنىڭ يادروسىغا ئايلاندۇرغانلىقى ئۈستىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要：** 现代维吾尔文学史独特历史条件下形成的文学，其性质、风格、语言方面跟别的时代文学有区别，就在这样的情况下，在扫盲活动中，革新改革运动扮演了重要作用，文章中通过现实接受了一些提前醒悟知识分子的革新改革思想，并将它在转换为世界观和创造性核心上进行了讨论。

**Abstract:** Due to the effect of ideological reformism, the modern Uyghur literature has been shaped differently under a unique historical circumstance. It differs from any other Uyghur literature in several aspects, such as: in literature character, style and language. This paper mainly discusses several real cases of pioneering effects of intellectual pioneers who received the idea of reformism and applied it in their literal works as representative of their world outlook and core of creativity.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I209** **ماتېرىيال بەلگىسى: A**

مائارىپ بىر مىللەتنىڭ روھى، جېنى. «ئۇنىڭ تارىخى ئىنسانلارنىڭ تارىخى بىلەن، تەقدىرى ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. دېمەكچىمىزكى، مائارىپ ئىنسانلار پەيدا بولۇش بىلەن باشلانغان، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان. شۇڭا جەمئىيەتسىز مائارىپنى، مائارىپسىز جەمئىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس»[1]. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، هازىرقى دەۋردىمۇ بىر دۆلەت، بىر رايون ۋە بىر مىللەتنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى، ئادەملىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم يەنىلا مائارىپتۇر. بۇ يادرولۇق مەسىلە بۈگۈنكى دەۋردە تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەنمەكتە.

رايونىمىز شىنجاڭدا 19ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېڭىچە مائارىپ ۋە سوداـ سانائەت كارخانىلىرى كەينى ـ كەينىدىن بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بىر تۈركۈم ۋەتەن سۆيەر، خەلق سۆيەر ئىلغار زىيالىيلار شۇ زامانىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا چەت ئەللەردىكى ئەۋزەل شارائىتلاردىن ۋاز كېچىپ ئانا يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قەلبىدە ۋەتەن، خەلق مۇھەببىتى ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئويغىتىشتىن ئىبارەت ئورتاق غايە لاۋۇلداپ ياناتتى. بۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا بۇ بىر تۈركۈم زىيالىيلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز يۇرتلىرىنى مەركەز قىلىپ يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ ياش ئەۋلادلارنىڭ قەلبىگە مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچتى.

*بۇ ماقالە 2012 ـيىلى 3ـ ئاينىڭ 21ـكۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە دۆلەتلىك تەتقىقات فوندى « نەۋايى تەتقىقاتى»( تۈر نومۇرى: 12BZW142) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

**ئاپتور:** ئابدۇشۇكۇر موللەك يۈرچى(1958 ـ يىلى ـ10 ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، هازىرقى ۋە بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن ئەسىرلەر بويى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئەمتىرەپ يۈرۈپ چىقىش يولى تاپالمايۋاتقان بۇ خەلق تۇن قاراڭغۇسىدا يىراقتىن پىلىلداپ يانغان بىر شامنىڭ ئۆز ئەتراپىنى يورۇتۇپ، ئۆزىگە بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. بەزىلىرى ئەدەبىي ئىجادىيەتنى قورال قىلىپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان خۇراپاتلىقنى، نادانلىقنى كۆرسىتىش ۋە تەنقىد قىلىش بىلەن بىرگە رېئالىزمنى ئاساسلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى قىلىپ، دەۋر رېئاللىقىنى تېخىمۇ كەڭ ۋە ماھىيەتلىك ئەكس ئەتتۈردى. يەنە بەزىلىرى ئاخباراتچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىلىم ـ پەننى تەشۋىق قىلىش ۋە تارقىتىشتىكى ماكان ۋە زامان چەكلىمىلىكىنى تولدۇرۇشقا كۈچ چىقاردى. «شۇنىڭ بىلەن يېڭى مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ ئابدۇقادىر ئەزىزى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، قۇتلۇق شەۋقى، ناسۇھا ئىمىن قاتارلىق بىر تۈركۈم سەركەردىلىرى مەۋقەنى رېئاللىققا قارىتىپ، رېئالىزمنى ئاساسلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى قىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش ۋە كۈرەشلىرىنى ئىجادىيەتنىڭ ئاساسلىق تېمىسى قىلىپ، خەلقنىڭ مۇڭ-زار ۋە ئارزۇ-تەلەپلىرىدىن ئىجادىيەت ئىلھامى تېپىپ، ھەر خىل ناچار ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇپ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلەش ۋە كۈرەش قىلىش ئارقىلىق تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىش ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقنى ئالغا يېتەكلەيدىغان يېڭىچە ئەدەبىياتنى بارلىققا كەلتۈردى»[2].

يۇقىرىقى بۇ ئىزدىنىشلەر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن-ھۈسەنگە ئوخشاش بۇ مەدەنىيەتلىك قەدىمىي دىيارنىڭ ئۆچۈپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان ھاياتلىق چىرىغىغا قايتىدىن ئوت يېقىپ، كىشىلەرگە يورۇقلۇق ۋە تەرەققىياتتىن بېشارەت بەردى. ئۇنداقتا، بۇ پىلىككە قايتىدىن ئوت ياققان ئاشۇ قەيسەر، ئوت يۈرەك جەڭچىلىرىمىزگە قانداق كۈچ ۋە قانداق ئىدىيە باشلامچىلىق رول ئوينىدى؟

بىز بۇ يەردە شۇنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن تىلغا ئالىمىزكى، بىر قىسىم ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىمىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللار ئۈستىدە ئەتراپلىق تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىلمىي يەكۈن چىقىرىپ بولدى. شۇڭا بۇ نۇقتا ئۈستىدە بىر ـ بىرلەپ توختىلىش ھاجەتسىز. ئەمما ئەدەبىياتىمىزنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئىجادىيەت ۋە ئاقارتىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بىر تۈركۈم كىشىلىرىمىزنىڭ ئىدىيەسى ۋە دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللار ئۈستىدىكى تەتقىقات نىسبەتەن ئاجىز بولماقتا. چۈنكى ئىدىيە ـ دۇنيا قاراش قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پارتلاش خاراكتېرىدە شەكىللىنىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇئەييەن جەريان كېرەك، ئەلۋەتتە.

بىز ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى بىرقانچە دەۋر نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە كۆزەتسەك، ئەدەبىياتىمىزنىڭ دەسلەپكى تەرەققىيات باسقۇچىدىن تارتىپ تاكى ئاخىرقى باسقۇچىغا قەدەر بولغان 30 ـ 40 يىللىق جەرياندا جەدىتىزملىق ئىدىيەنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەدىبلىرىمىزگە روشەن تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. «1896 ـ يىلىدىن 1911 ـ يىلىغىچە تۈركىيەدە بولۇپ ئۆتكەن بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى ۋە ئىلىم ـ پەن بىلەن ئىسلام ئەقىدىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش مەزمۇن قىلىنغان جەدىتلىك ھەرىكەتلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا، جۈملىدىن شىنجاڭغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى»[3]. شۇڭا ئالدىن ئويغانغان بىر تۈركۈم سەگەك زىيالىيلار جەدىتىزملىق مائارىپ ئەندىزىسىنى ئەينى چاغدىكى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي رېئاللىقىغا ماس كېلىدۇ دەپ قاراپ، ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتى ۋە ئىجادىيىتىدە قوللىنىپ، شىنجاڭنىڭ دېموكراتىك تەرەققىيات قەدىمىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن جەدىتىزملىق ئىدىيە ئالدى بىلەن ئۇلاردىكى گۇمانلىنىش، ئىزدىنىش ئارقىلىق يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت روھتا روشەن ئىپادىلەندى.

«مىللەت بىر خىل خەلقنىڭ ئورتاق گەۋدىسى، ئۇنىڭ تەرەققىياتى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىگە ئويغۇنلاشقاندىن باشقا، يەنە ئۆزىگە يارىشا ئالاھىدە تەرەققىيات قانۇنىيىتىمۇ بولىدۇ»[4] .

20- ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدىكى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا نەزەر ىمىزنى ئاغدۇرساق، مىللىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ «جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى»گە تەتۈر تاناسىپ هالدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنىڭ ئەڭ ئاددىي، شۇنداقلا ئەڭ گەۋدىلىك بولغان مىساللىرىدىن بىرى يېڭىچە مائارىپتۇر. ««مائارىپ»، ‹مەرىپەت›، قاتارلىق بۇ ئەرەبچە ئاتالغۇلارنىڭ چىن مەنىسى ئىنسان ئەۋلادىنىڭ قەلبىنى ئىلىم نۇرى بىلەن يورۇتۇش دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ئاشۇ نۇرلۇق مەشئەلنى ياندۇرۇپ تۇرغۇچى دەل مەكتەپ بىلەن مۇئەللىمدۇر»[5]. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ھەرقانداق بىر مىللەت ياكى ئىنسان توپىنىڭ مائارىپ ئارقىلىق تەربىيەلىنىش هوقۇقى بولىدۇ. بۇنىڭغا قارشى چىقىش ياكى توسقۇنلۇق قىلىشنىڭ ئۆزى ئىنسانىيەتنى يوقىتىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنگە باراۋەر. بۇ ئەڭ ئەقەللىي بىلىش كاتېگورىيەسىدۇر. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ ئاددىي ساۋات رايونىمىزدا ئەينى دەۋردە پۈتۈنلەي باشقىچە بولدى. كەڭ خەلق ئاممىسى يېڭىچە مائارىپ ۋە يېڭىچە تەربىيەلەش ئۇسۇللىرىدىن مەھرۇم قالدى. ئەكسىيەتچىل هۆكۈمەت بۇنى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سالدى ۋە خەلقنى «نادانلىقتا قالدۇرۇپ باشقۇرۇش» تىن ئىبارەت كاللا كېسەر سىياسەتنى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبى تېخىمۇ كىرلىشىپ، نادانلىق پاتقىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان ۋەتەن، خەلق دېگەن مەنىۋى ئۇقۇم كۆڭلىدىن - كۆڭلىگە ئۇلاردىن يىراقلىشىپ كەتتى. ئوتتۇرا ئاسىياغا تونۇلغان ئالىم، يازغۇچى نۇشىرۋان يائۇشېفنىڭ «مەن كوچادا ئۇچرىغان بۇ ئادەمگە سالام بېرىپ ‹تەقسىر مىللىتىڭىز نېمە؟› دەپ سورىسام، ئۇ كىشى ئىككىلەنمەيلا ‹ئەلھەمدۇلىللا، ئىبراهىم خەلىلۇللانىڭ ئەۋلادىمىز› دەپ جاۋاب بەردى. مەن بۇ جاۋابتىن هەيران بولدۇم ۋە ئېچىندىم. ئېھ، بىچارە خەلق! نادانلىق، قالاقلىقنىڭ كاساپىتىدىن ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، مىللىتىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىكەن، دەپ ئېچىندىم ھەمدە بۇ كىشىگە مىللىتىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، بۇ مىللەتنىڭ تولىمۇ قەدىمىي مىللەت بولۇپ، تارىختا مەدەنىيىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان خەلق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۈم »[6] دەپ يازغان خاتىرىسى بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە مىللىتىڭ نېمە دېسە «قەشقەرلىق، ئاقسۇلۇق، تارانچى. . . » دەپ ئۆز - ئۆزىدىن پەخىرلىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ بىزگە ئايان. بۇ خىل مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن ئېيتىلغان سۆزلەر شۇ دەۋردە يۇرتۋازلىقنىڭ ئۇرۇقىنى پۈتۈن مىللەتكە چېچىپ، مىللەتنىڭ ئورتاق گەۋدىسىگە خەۋپ يەتكۈزگەن. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا جەدىتىزملىق ئىدىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ۋەتەنگە قايتقان زىيالىيلىرىمىزدا جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىن، خەلقنىڭ كەلگۈسىدىن گۇمانلىنىشتىن ئىبارەت ئورتاق ئىدىيە دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلىي ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. بۇ ئەمىلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىدە پەيدا بولغان نۇرغۇنلىغان زىددىيەتلىك پىكىر ۋە مۇرەككەپ سوئاللارنىڭ ئاشكارىلىنىشى، دېموكراتىيە، شۇنداقلا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ، بولۇپمۇ جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ دەسلەپكى باشلىنىشى ئىدى. چۈنكى سوئالنىڭ ئۆزى گۇماندىن پەيدا بولىدۇ. گۇمانلىنىش ئۆز نۆۋىتىدە جەڭگىۋارلىقنى ئاشۇرۇپ ئىرادىنى تاۋلايدۇ، يېڭىلىققا يول ئاچىدۇ. شۇنداقلا گۇمانلىنىش كۆپ ھاللاردا كونا شەيئىلەرنى ئىنكار قىلىش ۋە يېڭى تەپەككۇر ئۈستىدە ئىزدىنىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

«مىللەتنىڭ ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى ئالدى بىلەن مائارىپقا باغلىق. مائارىپ تەرەققىي قىلىدىكەن، ئۇ ھالدا مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىنى چىرماپ ئالغان قالاقلىق، نادانلىق، خۇراپاتلىققا ئوخشاش مەنىۋى ئىللەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتىغا يول ئاچقىلى، مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، دۇنيادىكى ئالغا كەتكەن مىللەتلەرنىڭ قاتارىغا ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ»[7]. مانا بۇ ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەينى چاغدىكى دۇنيا قارىشىنىڭ يادروسى. بىز بۇنىڭدىن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەينى دەۋردە خەلقنى نادانلىقتىن،

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ـ يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ، ئىلىم ـ مەرىپەت تارقىتىش، خەلقنى ئويغىتىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭدىكى بۇ خىل ئويغىنىش ئىدىيەسىنىڭ يىلتىزى دەل جەدىتىزملىق دۇنيا قاراشنىڭ رول ئوينىشىدىن بولغان دەپ قاراشقا تامامەن ھەقلىقمىز. چۈنكى «تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى قەشقەردە بولسا، ئابدۇقادىر دامولللام ئوتتۇرا ئاسىيانى ئايلىنىش، كۆزىتىش ئارقىلىق مىللەتنىڭ كۆلپەتلىك تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن چوقۇم ئىشنى مائارىپ ۋە مەدەنىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلاش قارارىغا كەلگەن. ئۇ بۇخىل ئىسلاھات غايىسىنى، يەنى جەدىتلىك ئوي ـ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن 1912 ـ يىلىدىن باشلاپ قەشقەردە ئۇيۇشما قۇرۇپ، مەكتەپ ئېچىپ، كىتاب چىقىرىپ زور تەسىر پەيدا قىلغان. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەردە باشلىغان جەدىتلىك ھەرىكىتىنىڭ داغدۇغىسى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قەشقەردىن ھالقىپ ئەتراپتىكى نۇرغۇن جايلارغا تەسىر كۆرسەتكەن»[8]. شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەينى چاغدىكى جەڭگىۋارلىقى دەل ئۇنىڭدىكى گۇمانلىنىش، كۆزىتىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت جەدىتىزملىق ئىسلاھات ئىدىيەسىدىن كەلگەن.

ئوت يۈرەك شائىر، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى مەمتىلى ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئوقىدى ئاشتى» ناملىق شېئىرىدا: «مەرھۇم داموللا ئابدۇقادىر ناھەق كەتتىلەر، گۇناھى نېمە؟ پەقەت بىزگە ھەقنى ئۆگەتتىلەر» دېگەن خىتابىنى قالدۇرۇپ كەتكىنىگە ئوخشاش، ئۇنىڭ ئەشۇ قاباھەتلىك يىللاردىكى ئەڭ چوڭ «گۇناھى» دەل جەدىتىزملىق ئىدىيەنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇپ قوللىنىش ئىدى. بۇنىڭ بەدىلىگە بۇ مۆتىۋەر ئالىم 1924ـ يىلى پىلانلىق ھالدا ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قەتلى قىلىنىپ، خەلقىمىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلدى، ئامما ئۇ بىزگە «20 ـ ئەسىردىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى» دېگەن شەرەپلىك نامنى قالدۇرۇپ كەتتى.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا ۋەتەنىنىڭ، خەلقىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئوت بولۇپ يېنىپ، بۇ يولدا ئىسسىق جېنىدىن ئايرىلغان جەڭچىلىرىمىزنىڭ كۆپلۈكىنى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بىلىدۇ. ئەمما دۇنيا قاراش تۈپەيلىدىن ئۆز پەرزەنتلىرىدىن ۋاز كەچكەن كىشىلىرىمىزنىڭمۇ بارلىقىنى يەنە قانچىلىك كىشىلەر بىلىدۇ؟ بىز دەۋاتقان دۇنيا قاراش دەل يېڭىلىق بىلەن كونىلىق، تېخىمۇ ئېنىق ئېيتساق، جەدىتىزملىق ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ئىدىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتىن ئىبارەتتۇر.

ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقى، گېزىتچىلىق تارىخى ئۈستىدە گەپ بولسا، ئالدى بىلەن شائىر، ژۇرنالىست قۇتلۇق شەۋقىنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز. چۈنكى ئۇ قايتماس ئىرادە بىلەن كەينى ـ كەينىدىن «ئاڭ گېزىتى» (1918 ـ يىلى)، «ئەركىن ھايات گېزىتى» (1933ـ يىلى)، «يېڭى ھايات گېزىتى » (1934ـ يىلى) قاتارلىقلارنى نەشر قىلىپ خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىپ، كۈرەش قىلىپ ئۆز بەختىنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرغان. نەتىجىدە شېڭ شىسەي 1937 ـ يىلى 9 ـ ئايدا «جەنۇبىي شىنجاڭ ئىسيانى»نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، شەۋقى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، بالىلىرىدىن بولۇپ يەتتە كىشىنى تۈرمىگە تاشلىغان. شۇ يىلى 10ـ ئايدا بۇلاردىن ئالتە كىشى قەتلى قىلىنغان. شەۋقىنىڭ ئالدىنقى ئايالىدىن بولغان ئوغلى ئىمىر ھۈسەيىن قازىھاجىم تۈرمىدە ئۈچ يىل ياتقاندىن كېيىن، تۇتامغا چىققۇدەك گۇناھى بولمىغاچقا جەرىمانە تۆلەش بەدىلىگە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن. ئەينى دەۋردە شەۋقى بىلەن ئىمىر ھۈسەيىن قازىھاجىم ئوتتۇرىسىدا قىسمەن ئائىلە زىددىيىتىدىن باشقا، مۇھىمى ئىلىم ـ پەن بىلەن خۇراپاتلىق ئوتتۇرىسىدا كەسكىن زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى. بۇ خىل زىددىيەت ئاخىرى شەۋقىنىڭ «مەن جەدىت ئۆلىما، سەن بولساڭ خۇراپىي ئۆلىما، مېنى ھەرگىزمۇ دوراي دېمەيسەن. چىق ئۆيدىن»[9] دېگەن كەسكىن پوزىتسىيەسى بىلەن ئاخىرلاشقان. ئىمىر ھۈسەيىن قازىھاجىم مۇشۇنىڭدىن كېيىن 14 يىل شەۋقى ئائىلىسىگە قايتمىغان. ئۇزۇن مەزگىللىك ئەگىرى-توقاي كەچمىشلەردىن كېيىن، ئاندىن ئىدىيە

جەھەتتە دادىسى بىلەن ئورتاقلاشقان. كېيىنكى مەزگىللەردە ئىجتىمائىي پائالىيەت، شۇنداقلا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە گەۋدىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇنىڭدىن بىز شەۋقىنىڭ ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەسىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر، ئىرادىسىنىڭ قانچىلىك مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنىلا بىلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە جەدىتىزملىق ئىدىيە بىلەن خۇراپاتلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە ھەممىدىن ۋاز كېچىشتىن ئىبارەت قەيسىرانە روھىغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمىز.

شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان يېڭىچە مائارىپ ھەرىكىتى «ئىلىم - پەن بىلەن ئىسلام ئەقىدىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش مەزمۇن قىلىنغان جەدىتلىك ھەرىكىتى»نىڭ ئەڭ گەۋدىلىك مىساللىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مانا مۇشۇ ئاقارتىش ھەرىكەتلىرىدە تۆھپىسى زور بولغان كىشىلىرىمىزنىڭ بىرى مەمتىلى توختاجىدۇر. چۈنكى ئۇ جەدىتىزملىق ئىدىيەنىڭ تەسىرىگە بىۋاستە ئۇچرىغان ياكى مۇشۇ ئىدىيە ئاساسىدىكى مائارىپ تەربىيەسىنى ئالغان ۋەتەن سۆيەر، خەلق سۆيەر ئوغلان ئىدى. ئۇ دەسلەپتە ئۆز يۇرتىدا يېڭىچە مائارىپ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغان، كېيىنچە «بالا ئەپەندى» نامىغا ئېرىشكەن. شۇڭا ئۇنىڭ تۈركىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە رايونىمىزنىڭ ئاتۇش، چۆچەكلەردىكى پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە جەدىتىزملىق ئىدىيەنىڭ بىخ ھالەتتىن بارا- بارا نوتا چىقىرىپ، كۆكلەپ ئەڭ ئاخىرىدا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس. ئۇنىڭ «سايرام كۆلى» دېگەن بىر كۇپلېتلىق شېئىرىنى ئالساق، بىزنىڭ يۇقىرىقى قارىشىمىزنى ئەمەلىي پاكىت بىلەن دەلىللەپ بېرىدۇ:

سايرام كۆلى ئۆزۈڭ كىچىك، دەردىڭ تولا،
داۋالغۇيسەن، ساھىللاردىن تاشالمايسەن.
ئەتراپىڭنى قورشىۋالغاچ ئېگىز تاغلار،
ئۈمىدلىنىسەن، داۋانلاردىن ئاشالمايسەن.

سايرام كۆلى ئۆزۈن تارىختىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ خۇشاللىقىغىمۇ، قايغۇسىغىمۇ شاھىت بولۇپ، ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى يوقاتماي كېلىۋاتقان بىر سىرلىق كۆل. 1921- يىلى يۇقىرىقى شېئىر يېزىلغانغا قەدەر كۆپىنچە شائىرلار بۇ كۆلنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ مەدھىيە ناخشىلىرىنى ياڭراتقان بولسا، تەۋپىق تەبىئەتنىڭ خەلقىمىزگە بەخش ئەتكەن بۇ مۆجىزىسىنى مىللەت ۋە خەلقنىڭ تەقدىرىگە باغلاپ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ۋە مەزمۇنىغا يېڭى قان بېغىشلىدى. چۈنكى سايرام كۆلنىڭ ئەسىرلەر بويى قىرغاققا توختىماي ئۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما «ساھىللاردىن تاشالماس»لىقىنىڭ ئۆزى تەۋپىقنىڭ ئىدىيەسىدىكى رېئاللىققا قارىتا شەكىللەنگەن مۇرەككەپ ۋە چېگىش سوئاللارنىڭ ئاشكارىلىنىشقا قاراپ بېسىلغان بىرىنچى قەدەم ئىدى. ئۇنىڭ بۇخىل مۇرەككەپ ھېسسىياتى ئەينى دەۋردە ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېنىق جاۋابقا ئېرىشىپ، كونكرېت ھەرىكەت شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كېيىنكى جاپالىق ئىزدىنىشلىرى ئۈچۈن پۇختا ئاساس ھازىرلاپ بەرگەن.

جەدىتىزملىق ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىنىڭ يادروسى ـ مائارىپتۇر. مەمتىلى توختاجىنىڭ ئاتۇشنىڭ 24 كەنتىدە 24 باشلانغۇچ مەكتەپ تەسىس قىلىپ، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچقانلىقىنىڭ ئۆزى جەدىتىزملىق ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ پۈتكۈل خەلقى ئالەمگە:

بىز مۇئەللىم يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقىمىزگە يوپيورۇق نۇرلار چاچىمىز.

دەپ جاكارلىشى زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتكە ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولغان چىرىك ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتكە بېرىلگەن قاتتىق زەربە ئىدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ناسۇھا ئىمىن قاتارلىق يەنە بىر تۈركۈم خەلق سۆيەر شائىرلار ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈپ، خەلقنى ئۆز-

ئۆزىنى تونۇپ، بۇ ئارقىلىق تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئۈندىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئالساق، ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىلغار ئىدىيەنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، قالاقلىق ۋە بىخوتلۇقنى ئەيىبلىدى. بۇ خىل خاھىشنىڭ ئۆزى دەل جەدىتىزملىق ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئوخشاش ئىدى. شۇڭا ئۇ:

> پەنگە ماڭساق كۆز ئېچىپ، كاپىر«جەدىت» دەپ قارغىشۇر،
> بۇ ھاماقەت دەۋردە ئاتەش بولۇپ يانارىمەن.

دېگەن جاراڭلىق خىتابنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەينى دەۋرگە بولغان قاتتىق نارازىلىقنى ئىپادىلىدى. قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق، مەرىپەتپەرۋەرلىك بىلەن نادانلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ قاباھەتلىك يىللاردا ئۆز قەلبىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىققا بولغان قاتتىق نارازىلىقى بىلەن ئۆكۈنۈشنى يۇقىرىقى شېئىرىدىكىدەك ئىپادىلەش ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولمىسا كېرەك.

1905ـ يىللاردا قاھىرەدىكى ئەزھەر دارىلفۇنۇنىغا ئوقۇشقا كىرىپ 10 يىل پەننىي ۋە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگەنگەن ناسىرھا ئىمىنمۇ ھاياتىنى جەدىتىزملىق ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىگە بېغىشلىغان كىشىلىرىمىزنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇ ئىلىم ـ پەننىڭ مىللەتنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتالايدىغان بىردىنبىر قورال ئىكەنلىكىنى زامانداشلىرى ئىچىدە خېلى بۇرۇن ھېس قىلغان دېموكراتىك پىكىرگە ئىگە شائىر ئىدى. شۇڭا، ئۆز زامانىسىدا ئۇنىڭ مەكتەپ ئېچىپ 100 دىن ئارتۇق بالىنى تەربىيەلەپ، خۇراپىي كۈچلەر تەرىپىدىن «جەدىتچە مەكتەپ ئاچتى» دەپ ھاقارەتلىنىپ، «كالتا قۇيرۇق» دېگەن بەتنامغا ئۇچرىشى ھەرقاندان بىر كىشىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ، ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ئەدەبىياتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تارىخنىڭ ئۆزگىچە يۈكلىگەن شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇنداپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزغا ئورۇن بوشاتقىلى يىگىرمە ئەسىردىن ئۇزۇن ۋاقىت بولدى. ئەمما بۇ باسقۇچلۇق ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەتقىقات تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق. بولۇپمۇ ئالدىن ئويغانغان ئاشۇ بىر تۈركۈم ئەدىبلىرىمىزنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن تەتقىق قىلىپ قېزىپ چىقىش ئەدەبىيات ۋە دەۋرنىڭ بىزگە يۈكلىگەن تارىخىي ۋەزىپىسىدۇر. شۇڭا بۇ دەۋر ئەدەبىياتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلۇققا ۋە ئىلمىيلىككە ئىگە قىلىپ، كەڭ دائىرىدە يورۇتۇپ بېرىش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق بۇرچى.

## ئىزاھلار


[1][5] «ھۆسەينىيە روھى ـ تەكلىماكاندىكى ئويغىنىش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 46 ـ، 92ـ بەت.

[2] «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى، 3 ـ بەت.

[3][9] «ئىلىم ئۆلمەيدۇ ئالىم ئۆلمەيدۇ»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى، 81 ـ، 113ـ بەت.

[4] «مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ»، ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى، 2012 ـ يىلى 20 ـ فېۋرال.

[6][8] «كۇچا يېڭىچە مائارىپى ۋە نىزامىددىن ئەپەندى»، كۆسەن مەدەنىيىتى ژۇرنىلى، 2011 ـ يىللىق 1 ـ سان.

[7] «20 ـ ئەسىردىكى ئىسلاھاتچى»، شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى، 2010 ـ يىللىق 5 ـ سان.


## پايدىلانمىلار


1. ئابدۇرېھىم سابىت: «ئىلىم ئۆلمەيدۇ ئالىم ئۆلمەيدۇ»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.
2. ئىبراھىم ئالىپ تېكىن: «ھۆسەينىيە روھى ــ تەكلىماكاندىكى ئويغىنىش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.
3. ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئوچېرىكلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.
4. كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2013)01_037_06

# ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكى بايانىنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدا*

سۇلايمان قەييۇم

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى: ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىن بۇيان ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ بايان ئۇسۇلى خېلىلا ئۆزگەردى. مەمتىمىن ھوشۇر، ھۈسەيىن تاش ۋە ئەسئەت ئەمەت قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بايانىدىكى ئۆزگىرىش ئىنتايىن روشەن. يازغۇچىلار نېمىنى يېزىشتىن قانداق يېزىشقا بەكرەك كۆڭۈل بۆلدى. بايان ماھارىتىنىڭ ئۆزگىرىشى پروزىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتتى. شەكىلدىكى ئۆزگىرىش مەزمۇندىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. بايانىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر ئەنئەنىۋى بايان تەرتىپىنى بۇزۇش، بايانچىنىڭ خالىغانچە ئالمىشىشى ۋە بايان نۇقتىسىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلاردا ئەكس ئەتتى. دېمەك، بايانىنىڭ سېھرىي كۈچى ئەمەلىيەتتە پروزىنىڭ سېھرىي كۈچىدۇر.

**摘要：** 1990 年代中期以来，当代小说家叙述意识觉醒，小说叙述方式发生极大变化，作家由重视“写什么”向“怎么写”转变。买买提明.吾守尔，侯色因.塔西,艾赛提.艾买提等小说家的创作体现了当代小说的转型和叙述方式的革新。叙述意识的凸现和叙述技巧的应用,使得小说的形式变得繁复多样,而对纵深心理层次的挖掘使得小说的内涵更为丰富复杂。叙述方式的演变具体体现在小说层面打破线性规则、零散性加强，小说中叙述人出现，小说叙述视角多样化等方面。可以说叙事的魅力就是小说的魅力。

**Abstract:** From middle of 1990, narration form of modern Uyghur prose has been changing. We can clearly see this tendency in the Mamtimin Hushur, Husiyin Tash and Asat Amat's works. Nowadays authors pay attention to "narration skills" more than "contents". Changing of the narration form leads to the changing of prose form and changing of the contents. Changing of the narration form includes narration disorder, freely exchanging of the narrator and changing of the narration point. We can say charm of the narration is the charm of the prose.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I207　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1

بايان يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يازغۇچىلار ۋە تەنقىدچىلەر ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر مەسىلىگە ئايلاندى. 90 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ بايان نەزەرىيەسى پروزا نەزەرىيەسىدە مۇھىم سالماقنى ئىگىلەپ، تەتقىقاتچىلار كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم نۇقتا بولۇپ قالدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە يېڭى بايانچىلىق ئۇسۇلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئەنئەنىۋى پروزا نەزەرىيەسىگە جەڭ ئېلان قىلدى. مەشھۇر بايانشۇناسلىق مۇتەخەسسىسى مارك شېل مۇنداق دېيدۇ: «پروزىنىڭ مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىش نوقۇل سەنئەتنى تەھلىل قىلىش ئەمەس، بەلكى يازغۇچىنىڭ تەجرىبىسىنى تەھلىل قىلىش ئىكەنلىكىنى تەنقىدچىلەر ئاللىقاچان ئىسپاتلىدى. بىز پروزىدىكى مەزمۇن ھەققىدە سۆزلىگەندە تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ شەكلى توغرىسىدىمۇ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە تېخنىكا ئىنتايىن مۇھىم. بىز تېخنىكىنى تەھلىل قىلغاندا پروزىغا دائىر ھەممە نەرسىنى تەھلىل قىلغان بولىمىز»[1].

1970 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان 20 يىل جەريانىدا ئۇيغۇر پروزىچىلىقى رېئاللىقنى شۇ پېتى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەنلا چەكلەندى. بىز بۇنى ئەنئەنىۋى بايانچىلىق ئۇسۇلىدىكى پروزا دېيمىز. بۇ دەۋردە يازغۇچىلار تېما، دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، سۈژېت،

* بۇ ماقالە 2012 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: سۇلايمان قەييۇم (1976 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوكتورانت، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تىپىك پېرسوناژ قاتارلىقلارغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، پىروزىدىكى بايان ئۇسۇلى ۋە شەكىلگە ئائىت باشقا تېخنىكىلىق مەسىلىلەرگە ئانچە كۆڭۈل بۆلەلمىدى. ئەنئەنىۋى پىروزىدا پىروزىنىڭ ئۆزى ھېكايە، ھېكايىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى پېرسوناژ ۋە ئارقا كۆرۈنۈش دەپ قارالغان. 19 ـ ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى غەرب پىروزىچىلىقىدىمۇ مۇشۇ قاراش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربتە بايانچىلىق قارىشى ئۆزگەردى. نوسىرى پوفلېرنىڭ «تەنقىد ئوپېراتسىيەسى»، ۋىن بوسىنىڭ «پىروزا ئېستېتىكىسى» ناملىق ئەسەرلىرى بۇنىڭ نامايەندىلىرى ئىدى. 1960 ـ يىلى ھېنرى جېمىس بايانچىلىق نەزەرىيەسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بايانچىلىقنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى كۆرسەتتى.

90 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا «پىروزا دېگەن زادى نېمە؟» دېگەن بۇ كونا ھەم يېڭى مەسىلە ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنى يەنە بىر قېتىم گاڭگىراتتى. يازغۇچىلىرىمىز پىروزىنىڭ قۇرۇلمىسى، تىل ۋە بايان ماھارىتى ئۈستىدە ئىزدەندى. بۇ چاغدا لاتىن ئامېرىكىسى ۋە غەرب پىروزىچىلىقىدا يېڭى بايانچىلىقتا يېزىلغان بىر تۈركۈم ئەسەرلەر دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى نادىر ئەسەرلەردىن بولۇپ قالدى. كولومبىيە يازغۇچىسى گارسىيا ماركوسنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق»، پېرۇ يازغۇچىسى بارگاس لوسانىڭ «شەھەر ۋە ئىت»، ئامېرىكا يازغۇچىسى فوكنېرنىڭ «غەزەپ ۋە شاۋقۇن»، ھېمىڭۋاينىڭ «ئەلۋىدا قورالىم»، «بوۋاي ۋە دېڭىز»، «ئۆلۈم سىگنالى كىم ئۈچۈن چېلىندى»، «قۇياش يەنىلا چىقىدۇ» قاتارلىق ئەسەرلىرى غەرب يېڭى پىروزىچىلىقىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى بولۇپ قالدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپى خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى. غەربنىڭ بايانشۇناسلىق، بەلگەشۇناسلىق، قۇرۇلمىشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، تەنقىدچىلەر ۋە يازغۇچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى. پەرھات تۇرسۇن، ئەسئەت ئەمەت قاتارلىق ياش يازغۇچىلار غەربنىڭ ئالغ ئېقىمىنى قوللىنىپ بەزى ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدا ۋەقەلىك قوغلىشىشتىن ئىچكى دۇنيانى قېزىشقا يۈزلەنگەن ئەسەرلەر يېزىلدى. ئادەمنىڭ مۇرەككەپ تۇيغۇسى، كەيپىياتى، چۈشى، يوشۇرۇن ئېڭى قاتارلىق مەنىۋى رېئاللىق، كۆرگىلى بولىدىغان ماددىي رېئاللىق بىلەن ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ، يېڭى ئېقىمدىكى پىروزا شەكىللىنىشكە باشلىدى. بەزى تەنقىدچىلەر ئەمدى پىروزىنى چۈشەنمەك تەس بولدى دېيىشسە، بەزىلەر پىروزا ئاخىرى ئۆز يولىنى تاپتى دېيىشتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىزدىنىشكە باي، خاسلىققا ئىگە پىروزىچىلىق شەكىللىنىشكە باشلىدى. تەنقىدچىلەر: «بۈگۈنكى دەۋر پىروزىچىلىقى غەرب پىروزىچىلىقىدىكى بايان ئۇسلۇبى، زامانىۋى ئاڭ ۋە زامانىۋى تۇيغۇلارنى دادىل سىناق قىلدى»[2] دېيىشتى. مۇنداقچە ئېيتساق، بايانىنىڭ سېھرىي كۈچى ئەمەلىيەتتە پىروزىنىڭ سېھرىي كۈچىدۇر.

بۈگۈنكى دەۋر پىروزىچىلىقىدا يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان يازغۇچىلار پىروزىنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنىدا دادىل يېڭىلىق ياراتتى. بىز بۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا قويۇپ قارىساق، ئۇلارنىڭ شەكىل ۋە ماھارەتتىكى ئىزدىنىشلىرى ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئەسەرلەردە بايان ئۇسۇلى ۋە بايان تاكتىكىسى خېلىلا مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان. قانداق يېزىش يازغۇچىلار ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم مەسىلىگە ئايلانغان. يېڭى بايانچىلىق قارىشىنىڭ گەۋدىلىنىشى ۋە بايان تېخنىكىسىنىڭ دادىل قوللىنىلىشى ئەسلىدە بىر قېلىپتا كېتىۋاتقان ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىنىڭ شەكلىنى رەڭدارلاشتۇردى. شەكىلنىڭ رەڭدارلىشىشى پېرسوناژلارنىڭ پىسخىك دۇنياسىنى چوڭقۇر قېزىشقا ئاسانلىق تۇغدۇردى. 1960 ـ، 1970 ـ يىللاردىكى ئەدەبىيات قىزغىنلىقىدا تاۋلانغان بىر تۈركۈم ئوقۇرمەنلەر بىلەن 90 ـ يىللاردىكى بۇ يېڭى پىروزا بىر ـ بىرىدىن يىراقلاشتى. بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى ئۇلاردىكى بىلىم ۋە سەنئەت ساپاسى زامانىۋى بايانچىلىق ئۇسلۇبىدىكى پىروزا بىلەن تازا ماسلاشمىدى. ئىلگىرىكى پىروزىدا ئاۋام بىلىدىغان ۋە ئاۋامنىڭ ساپاسىغا ماسلىشىدىغان يۈزەكى رېئاللىق ئەكس ئەتكەن. زامانىۋى بايانچىلىق ئۇسلۇبىدىكى ئەسەرلەردىكى ئالاھىدە تېخنىكا، زامانىۋى ئاڭ ۋە يۇقىرى زامانىۋى سەنئەت قارىشىغا ئىگە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېستېتىك زوقىغا ماسلىشىدۇ.

ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا ئەنئەنىۋى بايانچىلىق ئىنتايىن چوڭقۇر يىلتىز تارتقاچقا، زامانىۋى بايانچىلىق ئۇسلۇبىدىكى پروزىدا غەرب ئەدەبىياتىغا ئوخشاش بىمەنىچىلىك، قارا يۇمۇر، سېھرىي رېئالىزم، ئاڭ ئېقىمى قاتارلىق ئەدەبىي ئېقىملار ۋۇجۇدقا كېلەلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ بايان ئۇسۇلىدا ۋە مەزمۇنىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر»، «گۆركار»، «ئىت ئېتىش»، «ياخشى چۈش كۆرۈڭ»، «بۇرۇت ماجىراسى»، «ئالتۇن چىشلىق ئىت» قاتارلىق رومان ۋە ھېكايىلىرى، ئەسئەت ئەمەتنىڭ «مازار چاشقىنى»، «كېچىدىكى ئادەم»، «چۇقان» قاتارلىق ھېكايىلىرى، ھۇسەيىن تاشنىڭ «يىلان يىللىق قىز» ناملىق پوۋېستى دەل زامانىۋى بايانچىلىق، زامانىۋى ئاڭ ۋە زامانىۋى پۇراقنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇنىڭدا ئىلگىرىكى بايانچىلىق قېلىپى بۇزۇپ تاشلىنىپ، كۆپ خىل بايانچىلىق شەكلى ئۆزئارا كىرىشتۈرۈلگەن.

## 2

ئەنئەنىۋى پروزىدا مۇكەممەل ۋە باش ئاخىرى داۋاملىشىدىغان ھېكايە بايان قىلىنىدۇ. ئوڭ بايان، تەتۈر بايان ۋە قىستۇرما بايان قاتارلىق ئاددىي ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ. ۋەقەلىكنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا سۇژېت قاتلىمى ئېنىق، سۇژېت يەككە لىنىيەلىك بولىدۇ.

يېڭى پروزىچىلىقتا يازغۇچى باش-ئاخىرى ئۇلىشىدىغان مۇكەممەل ۋەقەلىكنى بايان قىلمايدۇ. ۋەقەلىك بايانچى تەرىپىدىن مەقسەتلىك ۋە مەقسەتسىز ئۈزۈۋېتىلىدۇ. سۇژېتنىڭ بەزى نۇقتىلىرى بايان قىلىنماستىن بوش قالدۇرۇلىدۇ. بۇ خىل بوشلۇق تەنقىدچىلەر تەرىپىدىن «ئېستېتىك بوشلۇق»، «بايان بوشلۇقى»، «ئېستېتىك سەكرەتمە» دەپ ئاتالدى. قانداقلا ئاتالسۇن باياندىكى بۇ خىل بوشلۇق ئىلگىرىكى پروزىدا ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە بايان قىلىنغان ۋەقەلەرگە كۆنۈپ قالغان ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن يېڭىلىق تۇيۇلدى.

ئېستېتىك بوشلۇق ئوقۇرمەننىڭ تەسەۋۋۇرىنى غىدىقلاپ، ئەسەرنىڭ ئېستېتىك ئۈنۈمىنى داۋاملىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇرۇنقى پروزىدا ئەسەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنلا ئەسەرنىڭ ئېستېتىك ئۈنۈمى تۈگەيدۇ، ئوقۇرمەننىڭ ئارتۇقچە تەسەۋۋۇرىغا ئورۇن قالمايدۇ. يېڭى پروزىدا ئەنئەنىۋى بايانچىلىقتىكى تۈز لىنىيەلىك ۋاقت قۇرۇلمىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ۋاقىتنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىدىكى ئىشلار ياكى پېرسوناژنىڭ كىچىككىنە تەسىراتى ۋە كەيپىياتى يېزىلىدۇ. قارىماققا بىر-بىرىگە تۇتاشمايدىغاندەك كۆرۈنىدىغان بۇ پارچە-پۇرات ۋەقەلىكلەرنى ئېستېتىك زوقلىنىش سەۋىيەسى يۇقىرى ئوقۇرمەن ئاپتورنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ ئۇيلايدىغان بولسا، ئاپتور ئۆزىمۇ ھېس قىلمىغان بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ. بۇنداق ئەسەرنى بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە ئوقۇسا، يەنە باشقىچە تەسىراتقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. مانا بۇ ئېستېتىك ئۈنۈمنىڭ داۋاملىشىشى ياكى ئەسەرنىڭ داۋاملىق يارىتىلىشىدۇر. غەرب تەنقىدچىلىرى ئوقۇلغاندىن كېيىنلا تولۇق چۈشەنگىلى بولىدىغان ۋە داۋاملىق باغلانما تەسەۋۋۇرغا ئىمكان بەرمەيدىغان ئەسەرلەرنىڭ ھاياتىي كۈچى يوق دەپ قارايدۇ.

يېڭى بايانچىلىقتىكى بۇنداق ئەسەرلەرگە ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ قارىشى ۋە ئۆزلۈك ئېڭى ئەپچىللىك بىلەن سىڭدۈرۈۋېتىلگەن بولىدۇ. يېڭى پروزىدا ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشى، خىيالى ۋە ئۆزلۈك ئېڭى كونا پروزىدىكىدەك ئېنىق ۋە قاراتمىلىق بولمايدۇ. يېڭى پروزىدا ئاپتور ۋەقەلىكلەرنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ئىنساننىڭ مۇرەككەپ پسىخىكىسىنى يارقىن ۋە دادىل ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. يېڭى پروزىنىڭ سۇژېت قۇرۇلمىسىدىكى كۆپ قاتلاملىق ۋە تارقاقلىق ئەسەرنىڭ بايان قۇرۇلمىسى ئۈچۈن كەڭ مۇھىت يارىتىپ، قىسقا سەھىپە بىلەن نىسبەتەن مول ۋە رەڭدار دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ. باياندىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش زامانىۋى ئادەملەرنىڭ ئۆزگىرىشچان پسىخىكىسى ۋە قايىنام-تاشقىنلىق رېئاللىقنى يارقىن ئىپادىلەش مەقسىتىگە ناھايىتى ياخشى ماسلىشىدۇ.

ھۇسەيىن تاشنىڭ «يىلان يىللىق قىز» ناملىق پوۋېستىدا ئاپتورنىڭ بايان قۇرۇلمىسى، بايان ماھارىتى ۋە سۇژېتلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشى خېلى ئۆزگىچە بولغان. بۇ روماندا بىر زىيالىنىڭ پسىخىكىسى ۋە تۇيغۇسى ئەكس ئەتكەن بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئەڭ كۆزگە چېلىقىدىغان

ئالاھىدىلىكى ئابستراكت كەيپىيات ۋە مۇرەككەپ تۇيغۇلارنىڭ ئىنچىكە بايان قىلىنىشىدىن ئىبارەت. بايان قاتلىمى نۇقتىسىدىن قارىغاندا بۇ ئەسەردە بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن ۋەقەلەر يوق. بۇ ئەسەردىكى بىر قانچە پېرسوناژنىڭ پارچە-پۇرات ئىشلىرى ۋە مۇرەككەپ تۇيغۇلىرى بىر خىل ئالاھىدە بەلگىلەر توپلىمىنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، چوڭقۇر سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە. ھۆسەيىن تاش ئۇيغۇر بۈگۈنكى پىروزىچىلىقىدا يېڭى بايانچىلىقنى دادىل قوللانغان يازغۇچىنىڭ بىرى.

يېڭى بايانچىلىق ئۇسۇلىدا يېزىلغان ئەسەرلەردە ئاپتور مەلۇم بىر ماھىيەتلىك مەسىلىنى چۈشەندۈرمەيدۇ، بەلكى بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن بايان ئارقىلىق ئۆزلۈك تۇيغۇسى، خىيالى ۋە يوشۇرۇن ئېڭىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدىكى يېڭى بايانچىلىقتا يېزىلغان ئەسەرلەرگە قارايدىغان بولساق ۋەقەلىكلەر ئىزچىل ئەمەس. مەلۇم بىر ۋەقە خالىغانچە ئۈزۈپ قويۇلىدۇ ياكى باشقا بىر ۋەقەنىڭ ئاخىرىغا كىرىشتۈرۈۋېتىلىدۇ. باياندىكى بۇ خىل سەكرەتمىلىك ئەسەرنى ئاخىرلاشمىغاندەك ياكى باشتىن باشلانمىغاندەك، مەلۇم جايلار چۈشۈپ قالغاندەك، ئارتۇقچە سۆزىتلار قىستۇرۇلغاندەك تەسىرات بېرىدۇ. بۇ ئەسەرلەردە كۆپىنچە بىرقانچە كىچىك ۋەقەلىكلەر كىرىشتۈرۈلىدۇ. بۇنداق بولغاندا بىر مۇستەقىل ۋەقەلىكنى يالغۇز بايان قىلغاندا يەتكىلى بولمايدىغان ئېستېتىك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

يېڭى بايانچىلىق ئۇسلۇبىدىكى ئەسەرلەردە شەكىل بىلەن قۇرۇلما رېئاللىقنى پاسسىپ ھالدا ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ، بەلكى رېئاللىقنى ئىجابىي ھالدا ئۆزگەرتىدۇ ۋە قايتا قۇراشتۇرىدۇ. بۇرۇنقى يازغۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا ھازىرقى يازغۇچىلار يېزىقچىلىقتىكى ئەركىنلىكنىڭ ھوزۇرىنى بەكرەك سۈرىدۇ ھەم مۇرەككەپ ھېس-تۇيغۇلارنى بىمالال ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. چۈنكى ھازىرقىلار بۇرۇنقىغا ئوخشاش كونا ۋە قاتمال نەزەرىيەلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇلار ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا بولدى قىلمايدۇ. بەلكى ئالاھىدە بايان قۇرۇلمىسى ئارقىلىق رېئاللىقنى قايتىدىن بايقايدۇ.

ئەسئەت ئەمەتنىڭ «مازار چاشقىنى»، «كېچىدىكى ئادەم» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە مۇشۇ خىل پىروزىچىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ ھېكايىلەردە ئەسلىمىگە ئوخشايدىغان گۇڭگا مۇھىت يارىتىلغان. ئەسەردىكى ۋەقەلىك بىر ئادەمنىڭ ئەسلىمىسىدىن باشلىنىدۇ. پات-پات ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. گۇمان، تەشۋىش ئارقىلىق ئەسلىمىنىڭ قالايمىقان ۋە تۇترۇقسىزلىقى گەۋدىلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق رېئاللىق بىلەن خىيال، چۈش ۋە ئەسلىمە، ئاپتور ۋە بايانچى ئۆزئارا ئارىلىشىپ كېتىدۇ. ئاپتور بۇ خىل ئالاھىدە قۇرۇلما ئارقىلىق ئىنساننىڭ مۇرەككەپ پىسخىكىسىنى، قارىماققا تەرتىپسىز، سەۋەب-نەتىجىلىك مۇناسىۋەتكە ئىگە ئەمەستەك تۇيۇلىدىغان رېئاللىقنى، دۇنيانىڭ تاساددىپىيلىقلارغا تولىمۇ باي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكچى بولىدۇ.

ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر پىروزىسىدىكى بايانچىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئەسەر ۋەقەلىكىگە ئارىلىشىشى، بايانچىنىڭ ئاپتور بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا. يېڭى پىروزىدا سالاھىيىتى نائېنىق بولغان «مەن» كۆپىنچە ھاللاردا ۋەقەلىكنىڭ بايانچىسى بولۇپ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى كونترول قىلىدۇ ھەمدە ھېكايىدىكى باشقا قۇرۇلمىلار ۋە ئامىللارنىڭ، ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئەسەردىكى «مەن» ئىلگىرىكىدەك ئەسەرنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالمايدۇ. ئەسەردىكى بايان جەريانى بايانچىنىڭ ئىچكى دۇنياسى، تەسىراتى ۋە تۇيغۇسىغا سىڭىپ يۈكسەك دەرىجىدە خاسلاشقان، تەكرارلانمايدىغان ئېستېتىك ئۈنۈمنى ھاسىل قىلىدۇ.

مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ئىت ئېتىش» ناملىق ھېكايىسىدە ناھايىتى بىمەنە ۋە غەلىتە ۋەقە يېزىلغان. ۋەقەلىكنى ئۇستىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلمىغاندا ئاسانلا ھېسسىياتقا بېرىلىش ۋە تېتىقسىزلىشىش يۈز بېرەتتى، لېكىن ئاپتور بايانچىنىڭ خىيالى ۋە چۈشىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ئارقىلىق ۋەقەلىكنى بايان قىلغان، ۋەقەلىك بايانچىنىڭ ئىچكى تۇيغۇسى، چۈشى ۋە تەسىراتى ئارقىلىق ئەقلىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇپ راۋاجلانغان. ھېكايىدىكى يارقىن ئىچكى دۇنيا تەسۋىرى ۋە ئالاھىدە بايان ھېكايىگە قويۇق چىنلىق تۈسى بېرىدۇ.

ھۆسەيىن تاشنىڭ پوۋېستى قۇرۇلمىچىلىقتا يانتىدۇ.

روماندىكى ئالاھىدە بايان ۋە قۇرۇلما روماننىڭ مەزمۇنىنى ئىپادىلەشتىكى بىر ۋاسىتە بولۇپلا قالمىغان، بەلكى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە مۇستەقىل شەكىل بولالىغان. پەرھاتنىڭ پىروزا ئەسەرلىرىدە ئاشكارا بايانچى بىلەن يوشۇرۇن بايانچى گىرەلىشىپ كەتكەن. بۇ ئەسەرلەردە «مەن» ۋەقەلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا ۋە ئالاھىدە باياننى گەۋدىلەندۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۈرۈنقى پىروزىغا ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ھۆسەيىن تاش، مەمتىمىن ھوشۇر، ئەسئەت ئەمەت، ئەركىن ئەمەت قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئاپتور بىلەن پېرسوناژنىڭ مۇناسىۋىتى چەكلەش ۋە چەكلىنىش مۇناسىۋىتىدە ئەمەس، بەلكى ھەرقايسىسى مۇستەقىل ھالدا راۋاجلىنىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى يازغۇچىنىڭ تىزگىنلىشىدىن قۇتۇلۇپ، بايانچى ياكى يوشۇرۇن ئاپتورنىڭ ئىدىيەسى بىلەن بىرلىشىپ، كۆپ قاتلاملىق ئېستېتىك دۇنيانى شەكىللەندۈرىدۇ.

## 3

ئۇيغۇر يېڭى پىروزىسىدا يازغۇچىلار كۆپ خىل بايان شەكلى ۋە كۆپ خىل بايان نۇقتىسىنى قوللاندى. ئەنگلىيە يازغۇچىسى پەسسى رۇبۇك مۇنداق دېگەن: «پىروزا ماھارىتىدە ئەڭ قول تۇتىدىغان مەسىلە بايان نۇقتىسى، يەنى بايانچى بىلەن ۋەقەنىڭ مۇناسىۋىتىدۇر»[3]. بايان نۇقتىسى بىلەن بايانچىنى ئورۇنلاشتۇرۇش زىچ مۇناسىۋەتلىك.

يېقىنقى 20 يىل مابەينىدە بايان نۇقتىسى پىروزا تەتقىقاتىدىكى ئاجىز نۇقتا بولۇپ كەلدى، يازغۇچىلارمۇ بۇنىڭغا دىققىتىنى تازا ئاغدۇرمىدى. بۇرۇنقى پىروزىدا ھەممىنى بىلىدىغان بايانچى كۆپرەك قوللىنىلغانىدى. بۇنداق باياندا يازغۇچى ھەممىنى تىزگىنلەيدۇ، ھەممىگە ئارىلىشىدۇ، سۆزىنىمۇ يەككە لىنىيەلىك بولىدۇ. ئاپتور پېرسوناژغا ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان ئەركىنلىك بەرمەيدۇ، نەتىجىدە ئەسەر ئىنسان تەبىئىتىنى تازا يارقىن ئەكس ئەتتۈرەلمەيدۇ. ئەسەرگە سۈنئىي ئۇسۇلدا زورلاپ قوشۇلغان تەركىبلەر كۆپ بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسەرنىڭ ئېستېتىك ئۇنۇمىنى ۋە داۋاملىق ئوقۇلۇشچانلىقىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. بۇنداق ئەسەرنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇزاققا بارمايدۇ. بۇرۇنقى بايان ئۇسۇلىدا يازغۇچى ھەممىنى تەلتۆكۈس دەپ بېرىدۇ، رېئاللىقنى ئەينەن يازىدۇ، شۇنداق بولغانىكەن ئوقۇرمەنمۇ پىروزا شۇنداق بولۇشى كېرەك دەپ قارايدىغان بولغان. بۇ قاراشنىڭ يىلتىزى ئەدەبىياتىمىزدا ناھايىتى چوڭقۇرلاپ كەتكەن. يېڭى پىروزىچىلىقتا تۇقۇلما بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى كېڭىيىش، تارتىشىش ۋە تېپىشىشتەك مۇناسىۋەت باياننىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. ماشا روبېرت «پىروزىنىڭ پەيدا بولۇشى» (1972) دېگەن كىتابىدا پىسخىك تەھلىل ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ توقۇلما بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى كېڭىيىش كۈچىنى مۇنداق شەرھلىگەن: «ئەسەرلەردىكى توقۇلمىدىن پەيدا بولغان خاتا سەزگۈ ئىككى خىل ئۇسۇلدا رېئاللىققا ئايلىنىدۇ: بىرى، يازغۇچى ھېچنېمە بىلەن كارى يوقتەك قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەر چىن، تەبىئىي ۋە تۇرمۇشقا سادىق دېيىلىدۇ؛ يەنە بىرى، يازغۇچى ئەسىرىم تۇرمۇشقا يېقىن دەپ قارايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بۇ ئەسەر خام خىيال ياكى تەسەۋۋۇر دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا پىروزا ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ئۆزىنى تۇرمۇشتىن ماتېرىيال ئالغان دەپ قارايدۇ؛ يەنە بىرى، ئەسىرىنىڭ پەقەتلا بىر دۆۋە شەكىل ۋە ئوبراز ئىكەنلىكىنى سەممىي تەن ئالىدۇ. ئالدىنقى ئەسەرلەر كىشىنى ئالدايدۇ، چۈنكى ئۇ يازغۇچى تۈرلۈك ھۈنىرىنى پەردازلايدۇ، مەقسىتىنى يوشۇرىدۇ»[4].

بۈرۈنقى پىروزىدا ئوقۇرمەنگە چىنلىق تۇيغۇسى بېرىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى — يۇقىرىدا دېيىلگەن ھەممىنى بىلىدىغان بايانچىنىڭ نەزەرىدە تۇرۇپ، ئوقۇشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بىرەر ۋەقەنى، ناھايىتى ئىنچىكە ۋە جانلىق تەپسىلاتلارنى، كىشى گۇمان قىلمايدىغان پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتىنى تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت. شۇڭا بىر ۋەقەنى ئوخشىمىغان يازغۇچى يازسا ياكى شۇ ۋەقەنى ئوخشىمىغان يازغۇچى ئەنئەنىۋى بايان ئۇسۇلىدا يازسا ئېستېتىك ئۈنۈم ئاساسەن ئوخشاش بولىدۇ. ئەمما ئوخشاش ۋەقەنى ئوخشىمىغان يازغۇچىلار ئوخشىمىغان بايان ئۇسۇلىدا ياكى بايانچى نۇقتىسىدا تۇرۇپ يازسا، بېرىدىغان ئېستېتىك ئۈنۈم ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ئايشەم ئەخمەت «ئۆچمەس ئىزلار» رومانىدا

يازدى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرمۇ «ئىز» رومانىدا يازدى، بىراق «ئىز» ھەرقايسى تەرەپلەردىن يەنىلا ئۇتۇقلۇق چىققان بولۇپ، بىزگە بېرىدىغان ئېستېتىك ئۈنۈمى بەك چوڭقۇر، كىشىنى ئۇزاققىچە ئەسىر قىلىدۇ، ھازىرغىچە تەكرار بېسىلىپ، خەلقىمىز سۆيۈپ ئوقۇۋاتىدۇ. ئابدۇراخمان قاھار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانىدا يازدى، زوردۇن سابىر «ئانا يۇرت» رومانىدا يازدى. «ئانا يۇرت» ئالدىنقىسىدىن ئۇتۇقلۇق چىققان بولۇپ، سەككىز قېتىم بېسىلىپ، خەلقىمىز سۆيۈپ ئوقۇۋاتىدۇ. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى زىيالىيلار پاجىئەسىنى جالالىدىن بەھرام «لېيىغان بۇلاق» رومانىدا، ئەخەت تۇردى «ئاي يامغۇرى» رومانىدا يازدى، بۇلارنىڭ بەدىئىيلىكى ئوخشىمايدۇ. دېمەك، بايان نۇقتىسى، كۆزىتىش نۇقتىسى ۋە تايىنىش نۇقتىسى ئوخشىمىسا، بەدىئىيلىكىمۇ ئوخشىمايدۇ. يېڭى پروزىدا تۈرلۈك بايانچىنىڭ ئەسەرگە قوشۇلۇشى ئەسەر بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا پاسىل پەيدا قىلغاندەك تۇيۇلسىمۇ، ۋەقەلىككە كۈچلۈك سۇبيېكتىپ تۈس قوشتى.

مەتتىمىن ھوشۇر تۇرمۇشتىكى ئاددىي دېتاللارنى تاللاپ، ھېكايە ۋە رومان يېزىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. مەتتىمىن ھوشۇرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئاددىي دېتاللارنىمۇ ئوقۇشچان ۋە ئويلىنىشچان قىلىپ يازغىلى تامامەن بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. نېمىشقا مەتتىمىن ھوشۇرنىڭ ئەسەرلىرى ئوقۇرمەنلەرنى شۇنچە جەلپ قىلىدۇ، ھۇزۇرلاندۇرىدۇ ۋە ئويلاندۇرىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: مەتتىمىن ھوشۇرنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسى يېڭى، بايان نۇقتىسى ئۆزگىچە. ئاپتور كىشىلەر زېرىككەن، يېڭىلىقى يوق دەپ قارالغان كونا تېمىلارغا قايتىدىن جەلپكارلىق بەردى. ئاپتورنىڭ خاس بايان ماھارىتى ۋە دادىل كۆزىتىش نۇقتىسى ئوقۇرمەننىڭ كاللىسىنى بايان ۋە ئېستېتىكىنىڭ تار قەپىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، يېپيېڭى دۇنيانى ئالدىمىزغا يايدى.

مەتتىمىن ھوشۇرنىڭ «ساراڭ»، «ئايخان»، «ياخشى چۈش كۆرۈڭ»، «ئىت ئېتىش»، «قارانچۇق» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە ئاپتور دۇنياغا بىنورمال كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە قاراپ، ۋەقەلىكنى بىنورمال كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن بايان قىلىدۇ. بۇنداق بايانچىلىق ئەسەرگە بىنورمال پىسخىكا ۋە ھېسسىياتنى سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. يېزىش داۋامىدا ئاپتور ۋاقىت ئېقىمى، مۇكەممەل سۇژېت، ئورۇن ئالمىشىش قاتارلىق ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، بەلكى قەلبىدىكى ھېسسىياتنىڭ ئېقىمىغا ئەگىشىپ قەلىمىنى راۋان قويۇۋېتىدۇ. بۇنداق بولغاندا يازغۇچىغا ئەركىن تەسەۋۋۇر ۋە ئەركىن ئىپادىلەشكە كەڭ ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ دېگەن سۆز. بۇنداق ئەسەرلەر كۈچلۈك قوزغىتىش، ئويلاندۇرۇش رولىغا ئىگە.

ئۇيغۇر يېڭى پروزىسىدا بايان نۇقتىسىمۇ تۈرلۈك بولدى. بۇلار چالا بىلگۈچى بايانچى (半知型视角)، ئۆزلۈكىدىن بىلگۈچى بايانچى (自知型视角)، ياندىن بىلگۈچى بايانچى (旁知型视角)، ئىچكى تەرەپتىن كۆزەتكۈچى ياكى پېرسوناژ سالاھىيىتىدىكى كۆزەتكۈچى (内视角或人物视角)، تاشقى كۆزەتكۈچى (外视角) ۋە ھەممىنى بىلگۈچى بايانچى (超全知全能视角) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇندىن كېيىنكى ئۇيغۇر پروزىسىدا، يازغۇچىلار بۈگۈنكى ئادەملەرنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسى ۋە مۇرەككەپ ئىشلارنى تېخىمۇ يارقىن ۋە جانلىق تەسۋىرلەش ئۈچۈن يېڭى بايان قۇرۇلمىسى، بايانچى تىلى ۋە كۆزىتىش نۇقتىسىنى تاپىدۇ، ئەسەردىكى سۇژېت قۇرۇلمىسى تېخىمۇ كۆپ لىنىيەلىك، كەسمە ھالەتتە بولىدۇ. چۈنكى ھازىرقى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجى، سەۋىيەسى ۋە بىلىمى شۇنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوقۇرمەننىڭ ئېھتىياجى ئۆزگەرگەنىكەن، يازغۇچىمۇ ئىپادىلەش ۋە كۆزىتىش ماھارىتىنى يېڭىلىشى، بىلىمىنى ئۆستۈرۈشى، ئىنساننى ۋە سەنئەتنى تېخىمۇ كەڭ قاتلاملاردىن چۈشىنىشى، بايقىشى كېرەك.

## پايدىلانمىلار

[1]马克•肖勒，《现代小说形式》，北京大学出版社，2008. 2页.
[2]金汉，《中国当代小说演变史》，浙江大学出版社，2010.186页.
[3]帕西.路伯克，《小说面观》，花城出版社，2009.56页.
[4]马莎.罗伯特，《小说的起源》，北京大学出版社，2010.38.页

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

34-يىللىق 1-سان | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى) | 第 34 卷第 1 期
2013-يىلى 3-ئاي | 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) | 2013 年 3 月

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2013)01-043-07

# مىللىي ئىستۇدېنتلىرىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىستېمال قارىشى ۋە ئىستېمال ھەرىكىتى توغرىسىدا*

ئابدۇللا ئىسمائىل

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قانۇن-سىياسىي شۆبە ئىنستىتۇتى، غۇلجا، 835000)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، مىللىي ئىستۇدېنتلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئىستېمال قارىشى، ئىستېمال ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى ئاساسىدا تەھلىل قىلىنىپ، مىللىي ئىستۇدېنتلىرىمىزدا توغرا ئىستېمال قارىشىنى تىكلەشنىڭ ئۇسۇلى ۋە يولى مۇھاكىمە قىلىندۇ.

**摘要：**本文通过问卷调查统计数据来分析目前我区民族大学生的消费观念、消费行为、特点、存在的问题、原因，最后提出了大学生树立正确的消费观念的方法和途径。

**Abstract:** By statistically analyzing collected data from the questionnaire survey, this thesis analyzes general consumption view, consuming behavior, incorrect consumption view and incorrect consuming behavior and their causes of present minority college students in Xinjiang Uyghur Autonomous Region. The study also provides several solutions to help college students to create correct consumption view and consuming behavior.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: C913.3　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئىستېمال ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇ ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشنى جەمئىيەت تۇرمۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ساھە بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇشنى تۇتاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى. ئىستۇدېنتلار ئالاھىدە ئىستېمال كوللېكتىپى بولۇپ، جەمئىيەت ئىستېمالىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئىستېمال قارىشىنىڭ توغرا، ئىلمىي بولۇش- بولماسلىقى ئىستۇدېنتلارنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ھازىرقى ئىستېمال بازىرىدا ئىستۇدېنتلار ئالاھىدە ئىستېمال كوللېكتىپى بولۇپ، جەمئىيەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتماقتا. ئۇلاردا جەمئىيەتنىڭ باشقا ئىستېمال كوللېكتىپىغا ئوخشىمايدىغان ئىستېمال پىسخىكىسى ۋە ئىستېمال ھەرىكىتى مەيدانغا كەلمەكتە. بىر تەرەپتىن، ئۇلاردا ئىستېمال تەلىپى كۈچىيىۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتە تېخى مۇستەقىللىققا ئىگە بولمىغاچقا، ئىستېمال جەھەتتە زور چەكلىمىلىككە ئۇچرىماقتا. ئىستېمال قارىشىنىڭ ھالقىپ كېتىشى بىلەن ئىستېمال كۈچىنىڭ ئارقىدا قېلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئىستېمالىغا زور تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئىستۇدېنتلاردىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ئىستېمال كوللېكتىپىنىڭ ئۆزىگە خاس تەبىئىي ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار غەيرىي ئەقلىي ئىستېمال مەسىلىلىرىدىن خالىي بولالمايدۇ.

مىللىي ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىستېمال قارىشى ۋە ئىستېمال ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىش، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيەسى ۋە ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەپ، ئالىي مەكتەپنىڭ ئىدىيە ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاشتا، ئوقۇ- ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى نورمال قانات يايدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ماقالىدە ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىكى 1000 نەپەر مىللىي ئوقۇغۇچى تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىنىپ، مىللىي ئىستۇدېنتلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئىستېمال قارىشى، ئىستېمال ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، ئىستېمالدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

* بۇ ماقالە 2012-يىلى 3-ئاينىڭ 12-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئابدۇللا ئىسمائىل (1962-يىلى 7-ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، سىياسىيشۇناسلىق ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تەھلىل قىلىنىپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇل ۋە يوللىرى كۆرسىتىلدۇ.

## 1. مىللىي ئىستۇدېنتلار ئىستېمالىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ئايلىق خىراجىتى 1000 يۈەندىن يۇقىرى ئىستۇدېنتلار 10%نى، 1000~700 يۈەنگىچىلەر 30% نى، 700~500 يۈەنگىچىلەر 40% نى، 500 يۈەندىن تۆۋەنلەر 20% نى ئىگىلىگەن. بۇلارنىڭ ئارىسىدا 30% ئوقۇغۇچى شەخسىي كومپيۇتېر ئىشلىتىدىكەن، 95% ئوقۇغۇچى يانفون ئىشلىتىدىكەن. شۇڭا، تور ۋە ئالاقىلىشىشكە ئىشلىتىكەن چىقىمى بۇرۇنقى ئىستۇدېنتلارنىڭ شۇ خىل ئىستېمال چىقىمىدىن كۆپ بولغان. ھازىرقى مىللىي ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىستېمال قۇرۇلمىسىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

### 1) تاماق خىراجىتى

مەكتەپ ئىچىدە تاماق يېيىشتىن سىرت، مەكتەپ سىرتىدىكى ئاشخانىلاردا تاماق يېيىش ئىستۇدېنتلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئىستېمالىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمىغا ئايلانغان. 96% ئىستۇدېنت ھەر ئايدا شەخسىي ئاشخانىلاردا ئوخشاش بولمىغانساندا تاماق يەيدىكەن. ئىستۇدېنتلار ئارا ھەرخىل شەكىلدىكى يىغىلىش، ئولتۇرۇشلار ئىستۇدېنتلارنىڭ يېمەك- ئىچمەك ئىستېمالىدىكى مۇھىم نۇقتىغا ئايلانغان. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، ھەممە ئوقۇغۇچى دېگۈدەك ھەر مەۋسۇمدا 16~7 قېتىمغىچە ھەرخىل ئوقۇغۇچىلار يىغىلىشىغا قاتنىشىدىكەن. بۇ خىل ئىستېمالغا ھەر مەۋسۇمدە 700~200 يۈەنگىچە خىراجەت سەرپ بولىدىكەن. ئىستۇدېنتلارنىڭ ھەرخىل يىغىلىشى ئادەتتە ئادەتتىكى ئاشخانىلاردا ئۆتكۈزۈلىدىكەن، 3% ئوقۇغۇچى كاتتا رېستورانلاردا ئۆتكۈزىدىكەن. بۇخىل يىغىلىشلارنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ خىل بولۇپ، يۇرتداشلار تونۇشۇش، تەتىلدىن قايتىپ كېلىش، تۇغۇلغان كۈن ئۆتكۈزۈش، ھەرخىل مۇكاپاتلانغانلارنى «يۇيۇش» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىكەن.

### 2) كىيىم- كېچەك ئىستېمالى

تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم- كېچەك ئىستېمالىنىڭ دەرىجىسى بارغانسېرى ئۆرلىمەكتە. ئوغۇللار مال سېتىۋالغاندا سۈپىتى ياخشى بولۇشنى ئويلايدىكەن. قىزلار ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەننى سېتىۋالىدىكەن، سېتىۋېلىپ ياخشى كۆرمىسە كىيمەيدىكەن. ئىستۇدېنتلارنىڭ داڭلىق ماركىلىق كىيىم سېتىۋېلىشى بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرىنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان دىققەت- ئېتىبارىنى تارتىش ئۈچۈن ئىكەن. 70% ئىستۇدېنت ئۆزلىرىنىڭ ئەل- ئاغىنە، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆزى كىيگەن داڭلىق ماركىغا نەزەر سېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. 17%ئىستۇدېنت ناتونۇش كىشىلەرنىڭ نەزەر سېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. 4% ئىستۇدېنت ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نەزەر سېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن، 12% ئىستۇدېنت ئۆز سۆيگىنىنىڭ دىققىتىنى تارتىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن. پەقەت 3% ئىستۇدېنتلا ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئويلايدىكەن. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، داڭلىق ماركا تاللاشنىڭ ئىستۇدېنتلارنىڭ كىشىلىك ئالاقىسىگە بەلگىلىك ياردىمى بولسىمۇ، ئۇلار بىلىم ئېلىۋاتقان مەزگىلدە بولغاچقا، ئاساسلىق تۇرمۇش چىقىمىنىڭ مەنبەسى بولغان ئاتا-ئانىسىنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىكەن. 4% ئوقۇغۇچى ئاتا- ئانىسىنىڭ ئۆزىنىڭ داڭلىق ماركىنى ئىشلەتكىنىنى بىلىشىنى ئويلايدىكەن.

### 3) مۇھەببەت ئىستېمالى

تەكشۈرۈش جەدۋىلىدىكى «سىز مۇھەببەت باغلىغانمۇ»، «ھەر يىلى بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك پۇل خەجلەيسىز؟» دېگەن مەسىلىدە 80% ئوقۇغۇچى ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت باغلاش تارىخىنىڭ بارلىقىنى، ھەر يىلى بۇنىڭ ئۈچۈن 300 يۈەندىن 800 يۈەنگىچە پۇل خەجلەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئىستۇدېنتلارنىڭ مۇھەببەت ئۈچۈن قىلغان ئىستېمالى ئاساسىي جەھەتتىن پارچە يېمەكلىك يېيىش، بازار ئايلىنىش، تاماق يېيىش، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە بېرىش قاتارلىقلار بولۇپ، «سوۋغا ئىستېمالى» مۇھەببەت ئىستېمالىدىكى ئەڭ چوڭ خىراجەت ھېسابلىنىدىكەن.

«ئاشىق- مەشۇقلار بايرىمى»، «ئىككى ياشنىڭ توغۇلغان كۈنى» ۋە باشقا ئالاھىدە خاتىرە كۈنلىرىدە ئۆزئارا بېرىلىدىغان سوۋغىلار 50 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە بولغان، بۇنىڭدىن باشقا، سىرتتا تاماق يېيىشكىمۇ 200~400 يۈەنگىچە خىراجەت سەرپ قىلىدىكەن.

**4) تورغا چىقىش ئىستېمالى**

تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر ھەپتىدە تورغا چىقىشقا سەرپ قىلغان ۋاقتى ئۈچ سائەتتىن تۆۋەن بولغانلىرى 12.7%، 7~3 سائەتكىچە بولغانلىرى 20.9%، 10~8 سائەتكىچە بولغانلىرى 30%، 20~10 سائەتكىچە بولغانلىرى9%، 20 سائەتتىن يۇقىرى بولغانلىرى16.8% ئىكەن. تورغا چىقىش مەزگىلى جەھەتتە 23.2% ئوقۇغۇچى كۈندۈزى، 33.9% ئوقۇغۇچى كەچتە، 35.2% ئوقۇغۇچى ھەپتە ئاخىرلىرىدا، 7.7 % ئوقۇغۇچى تاڭ ئاتقۇچە ئىكەن. ئەگەر سائەتتىگە ئۈچ يۈەندىن ھېسابلىغاندىمۇ تور ھەققى ئاز بولمىغان چىقىم ھېسابلىنىدۇ.

**5) يانفون ئىستېمالى**

تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، 95% ئوقۇغۇچىنىڭ يانفونى بار بولۇپ، ئۇلار ئىشلەتكەن يانفوننىڭ باھاسى 200 يۈەندىن 1700 يۈەنگىچە ئىكەن ، ئايلىق سۆزلىشىش ھەققى ئۈچۈن 50 يۈەندىن 200 يۈەنگىچە پۇل كېتىدىكەن، ئايلىق سۆزلىشىش ھەققى 50 يۈەن ئەتراپىدا بولغانلىرى 60% نى، 100~150 يۈەنگىچە بولغانلىرى 18%نى، 150 يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرى 20% نى ئىگىلىگەن.

يۇقىرىقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھازىرقى ئىستۇدېنتلارنىڭ تۇرۇۋاتقان دەۋرى ئوخشىمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئىستېمالى بۇرۇنقىلارغا ئوخشىمايدىغان تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

بىرىنچى، ئىستېمال خىراجىتى مەنبەسى تاق لېنىيەلىككە ئىگە. ئوقۇتۇش سۈپىتى ۋە مەكتەپ قوروسىنى پىلانلىق، تەرتىپلىك تۈزەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئېلىمىز ئالىي مائارىپ تۈزۈلمىسى بىر قەدەر بېكىنمە بولغان باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى قوللىنىپ كەلمەكتە. بۇخىل تۈزۈلمە ئىستۇدېنتلارغا كېرەكلىك تېخىمۇ كۆپ ماكان- زاماننىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى بەلگىلىدى. ئۇلاردا چېنىقىش شارائىتى، زېھنىنى كۆپەك ئىشلىتىدىغان شارائىت كەم بولغاچقا، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنالمايدۇ. ئۆزىگە تايىنىپ پۇل تېپىپ ئوقۇشنى تاماملىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇخىل ئەھۋالدا ئائىلىسىنىڭ ياردىمىگە تايىنىش، قەرز ئېلىش ياكى بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇشتەك ئاز كىرىملىك مەنبەگە تايىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئەمەلىيلىك بىلەن تەجرىبىچىلىك بىرلەشتۈرۈلگەن. تەتقىقاتچىلار ئىستۇدېنتلارنىڭ قىممەت يۈزلىنىشىنى تەكشۈرگەندە، ئىستۇدېنتلارنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن مۇھىم بولغان ئاساسلىق مەزمۇنلار تەرتىپ بويىچە بىلىم، ئورۇن، دوستلۇق، مۇھەببەت، ئابروي، پۇل، ھوقۇق، ساغلاملىق، ئائىلە، كەسىپ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇلار مۇئەييەن دەرىجىدە ئىستۇدېنتلارنىڭ قىممەت يۈزلىنىشىنىڭ ئەمەلىيلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئىستېمالى روشەن تەجرىبىچىلىككە ئىگە، بۇ تەجرىبىلەرنىڭ بەزىلىرى ئاتا-ئانىسىدىن، بەزىلىرى كوللېكتىپتىن ياكى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئىستېمال تەجرىبىسىدىن كەلگەن.

ئۈچىنچى، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىستېمال سەۋىيەسىنىڭ پەرقلىقلىقى. ئىستۇدېنتلار كوللېكتىپىدىكى ئىستېمالنىڭ پەرقچانلىقى ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرى، ئىستۇدېنت تۇرۇۋاتقان ئورۇننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسىنىڭ تەكشىسىزلىكى ئىستېمال سەۋىيەسىدىكى پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ ياش قاتلىمى ۋە روھىي ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ ئىستېمالدىكى پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## 2. مىللىي ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىستېمالىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى

**1) ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىستېمالىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر**

ئىستۇدېنتلار كوللېكتىپىنىڭ ئىستېمالى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ئەقلىيلىككە ئىگە بولسىمۇ، بىراق خاسلىق تەرەققىياتىنىڭ پىشىپ يېتىلمەسلىكى، ئىجتىمائىي تەربىيەنىڭ كەملىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە

ئىستېمالنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسىنىڭ تاق لىنىيەلىك بولۇشى سەۋەبىدىن ئىستېمال جەريانىدا ھەر تەرەپتىن كېلىدىغان ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا ئىستېمال جەريانىدا كۆپلىگەن مەسىلەر ساقلانماقتا. ئىستېمال قارىشى ئاساسلىقى ئىستېمال پىسخىكىسى ۋە ئىستېمال ھەرىكىتىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردە پەقەت ئىستېمال پىسخىكىسى نۇقتىسىدىن ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىستېمالىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلەر مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

بىرىنچى، ئەگىشىش ئىستېمالى ۋە قارىغۇلارچە ئىستېمال. بۇ ئىككى خىل ئىستېمال ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىستېمالى جەريانىدا دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان مەسىلە. كوللېكتىپ تەسىر ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىستېمالى ئاسانلا ئەگىشىش پىسخىكىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قارىغۇلارچە ئىستېمال بولسا ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىستېمال جەريانىدا پىلانىنىڭ كەم بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاسادىپىي ئامىلنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئىستېمال ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ ئىككى خىل ئىستېمال ھاياجانلىنىش تىپىدىكى ئىستېمالغا مەنسۇپ بولىدۇ.

ئىككىنچى، بەسلىشىش ۋە ھاياجانلىنىش تىپىدىكى ئىستېمال. ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىستېمالىدا ئەگىشىش پىسخىكىسى بولغانلىقتىن قۇرۇق شۆھرەتپەرەسلىككە بېرىلىش، ئابرۇيپەرەسلىك قىلىش جەريانىدا ھەمىشە بىر قىسىم ئىستۇدېنتلاردا بەسلىشىش پىسخىكىسى شەكىللىنىدۇ، ئۇ ئۇزاق ۋاقىت داۋاملاشسا ساغلام بولمىغان تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلىنىدۇ. بەسلىشىش ئىستېمالى ئىستۇدېنتلار ئارىسىدا ئاساسلىقى كىيىم ـ كېچەك، ياسىنىش تەرەپلەردە بىر قەدەر گەۋدىلىك بولىدۇ. ھاياجانلىنىش تىپىدىكى ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش، ئىگىلەشنى بىرخىل شادلىق ھېسابلاپ، روھىي ئوزۇقنى ۋاسىتە قىلغان بىردەملىك ھاياجانلىنىشتىن كېلىپ چىقىدىغان بىرخىل ئىستېمال ھەرىكىتىدىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى، بەھرىلىنىش ئىستېمالى ۋە يۇقىرى ئىستېمال. يېقىنقى يىللاردىن بېرى غەرب ئىستېمال قارىشىنىڭ تەسىرىدە ئىستۇدېنتلاردا بەھرىلىنىش ئىدىيەسى بىر قەدەر ئېغىر بولماقتا. تۇرمۇشتىن بەھرىلىنىش ئىستېمالغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان يېڭى ئۇقۇمغا ئايلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىستۇدېنتلار ئارىسىدا يۇقىرى ئىستېمال ھادىسىسى مۇئەييەن دەرىجىدە ساقلانماقتا. ئىستېمال جەريانىدا يېڭىلىققا ئىنتىلىش، مودا قوغلىشىش، بەسلىشىش پىسخىكىسىنىڭ ئېغىرلىششى بىلەن ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىستېمال يۈكى ئېغىرلاپ، ئىستېمال سەۋىيەسى ئەمەلىي ئېھتىياجىدىن ۋە ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيەسىدىن ھالقىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىغا نۇرغۇن سەلبىي تەسىرلەرنى ھەم قېلىپسىز ھەرىكەتلەرنى يۈكلەپ قويىدى.

تۆتىنچى، ھالقىما ئىستېمال ۋە قەرز ئىستېمالى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى جەمئىيەتتە ھالقىما ئىستېمال ۋە قەرز ئىستېمالى بارلىققا كەلدى. يەنى بۈگۈن ئەتە خەجلەيدىغان پۇلنى خەجلىدى. بۇ خىل ئىدىيەنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە ئىستۇدېنتلاردا قەرز ئىستېمالى باش كۆتۈرۈپ، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار قەرزگە بوغۇلۇش تۈپەيلىدىن مەكتەپتىن چېكىندى.

**2) ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىستېمالىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلەرنىڭ سەۋەبلىرى**

يۇقىرىقىلاردىن ئىستۇدېنتلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئىستېمال قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئالاھىدىلىكلەرنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئىستۇدېنتلار ئىستېمالىنىڭ ئاساسىي يۈزلىنىشى ساغلام بولسىمۇ، ساقلانغان مەسىلەرنىمۇ ئاز ئەمەسلىكىنى بىلەلەيمىز. مېنىڭچە، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىستېمال قارىشى ۋە ئىستېمال ھەرىكىتىدە كېلىپ چىقىۋاتقان مەسىلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

(1) ئىجتىمائىي سەۋەب. ئىستۇدېنتلار مەكتەپ قورۇسىغا نىسبەتەن ئۇ بىر ئوقۇغۇچى، جەمئىيەتكە نىسبەتەن جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى. ئۇلارنىڭ ئىستېمال قارىشى ۋە ئىستېمال ھەرىكىتى پۈتكۈل جەمئىيەتتىن ئىبارەت چوڭ مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن خالىي بولالمايدۇ.

بىرىنچىدىن، جەمئىيەتنىڭ ئالىي مائارىپنى بىر تەرەپلىمە چۈشىنىشى. نۆۋەتتە بەزى مەكتەپلەر مەكتەپ كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، مەكتەپكە

كىرىش ئېغىزىنى بوش قويۇۋەتكەنلىكتىن، كۆپلىگەن ئاتا- ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ پەن ئاساسىنى ئويلاشماي، دىپلوم ئېلىشنى مەقسەت قىلىپ، ئۇلارنى مەكتەپكە ئەكىلىپ بېرىدۇ، مەكتەپنى ئوقۇشلۇق پۈتتۈرەلەمدۇ- يوق؟ بۇنىڭ بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. نەتىجىدە بىرقىسىم ئىستۇدېنتلار ئاتاقتا ئىستۇدېنت بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە، ئىقتىدار ۋە ئىدىيە جەھەتتە مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىرادىسىنى ھازىرلىمىغانلىقتىن ئوقۇشنى بېسىم ھېس قىلىدۇ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن زور مىقداردىكى ۋاقتىنى ئىستېمالدىن بەھرىلىنىشكە سەرپ قىلىۋاتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، غەربچە ئىستېمال دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ تەسىرىدە، كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، غەربنىڭ ياكى باشقا ئىستېمال مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە بىر قىسىم ئىستۇدېنتلار ئىستېمالدىن بەھرىلىنىشكە بېرىلىپ، ھەممىلا يەردە شۆھرەتپەرەسلىك قىلىش، ئابرۇي قوغلىشىش يولىغا كىردى، تىرىشچان، ئىقتىسادچىل، تېجەشچىلىك بولۇشنى ۋاقتى ئۆتتى دەپ قارىدى. بۇ خىل ئىجتىمائىي چوڭ مۇھىتنىڭ تەسىرىدە بىرقىسىم ئىستۇدېنتلار چوڭ ئېقىمغا ئەگىشىپ، ھەشەمەتچىلىك قىلىپ مودا قوغلاشقانلىقتىن، تىرىشچان، ئىقتىسادچىل، تېجەشلىك بولۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىۋى ئىستېمال يۈزلىنىشى سۇسلاشتى.

ئۈچىنچىدىن، ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئىجابىي بولمىغان يېتەكلەشلىرى. جامائەت ئاخبارات ۋاستىلىرى ھازىرقى زامان ئۈچۈرلىرىنى تېز يەتكۈزىدىغان ئاساسلىق يول بولۇپ، ئىستۇدېنتلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە قىممەت قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدە يېتەكلەش رولىنى ئوينىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ھازىرقى ئېلان سەنئىتىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ماددىي مەدەنىيلىكنى تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيلىكنى يېتەكلەشكە سەل قارالدى. بۇخىل پۇل مۇئامىلىلەشكەن ئىستېمال قارىشى ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىستېمال قارىشى ۋە ھەرىكىتىگە سەلبىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى.

(2) ئائىلىسىدىكى سەۋەب. ئائىلە بالىلارنىڭ دۇنيا قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بىرقىسىم ئاتا- ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ توغرا ئىستېمال قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا دىققەت قىلمايلا قالماستىن، ساغلام بولمىغان ئىستېمال قارىشى ۋە ھەرىكىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۆزلىرى سەۋەب بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

(3) مەكتەپ تەربىيەسىدىكى سەۋەب. نۆۋەتتە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىستېمال تەربىيەسىدە كۆپلىگەن يېتەرسىزلىكلەر بار. ئۇنىڭدىن باشقا، مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە سىياسىي نەزەرىيە دەرس ئوقۇتۇشى ۋە تەربىيەسىدىمۇ ئۆزگەرتىشكە، ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك ھالقىلار كۆپ.

(4) ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۆزىدىكى سەۋەب. ئىستېمال جەريانىدا كۆپلىگەن ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىستېمال قارىشى ۋە ھەرىكىتى ئەقلىيلىككە ئىگە بولسىمۇ، كېلىپ چىقىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرى ئىستۇدېنت تۇرۇۋاتقان مۇئەييەن ياش قاتلىمى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

## 3. ئىستۇدېنتلارنى توغرا ئىستېمال قارىشنى تىكلەشكە يېتەكلەشنىڭ ئۇسۇل ۋە يوللىرى

**1) جەمئىيەت تەربىيەسى**

بىرىنچى، جامائەت تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ ئىجابىي رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئىستۇدېنتلار زامانىۋى پەن- تېخنىكىغا پائال تەسىر كۆرسەتكۈچىلەر، شۇنداقلا ھازىرقى زامان تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئەڭ ئاسان ئۇچرايدىغان كوللېكتىپ. جامائەت تەشۋىقات ۋاستىلىرى ساغلام، كېرەكلىك ئىستېمال ئۇچۇر تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىستېمال جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان ھەم ئاڭقىرالمىغان مەسىلىلىرىگە ئىجابىي جاۋاب بېرىپ، ئىستېمالغا كېرەكلىك پايدىلىنىش ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى توغرا ئىستېمال پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە يېتەكلەش لازىم.

ئىككىنچى، تور بايلىقى ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئىستۇدېنتلار ئىنتېرنېتتىن ئەڭ كۆپ پايدىلىنىدىغان ئالاھىدە بىر توپ، چۈنكى

ئىنتېرنېتتىكى ئۇچۇرنىڭ كۆپلۈكى، تېزلىكى ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۇچۇرغا بولغان ئېھتىياجىنى زور دەرىجىدە قاندۇردى. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلارنى توغرا ئىستېمال قارىشىنى تىكلەشكە يېتەكلەش جەريانىدا تورنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىدىن ئاكتىپ پايدىلىنىش لازىم.

**2) مەكتەپ تەربىيەسى**

بىرىنچى، ئالىي مەكتەپلەر ئىدىيە سىياسىي نەزەرىيە دەرس ئوقۇتۇشىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. ئىدىيە سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە سىياسىي تەربىيە خىزمىتىدىكى مۇھىم ھالقا، ئىستۇدېنتلارغا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى تەربىيەسى بېرىشنىڭ ئاساسلىق يولى. ئىدىيە سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنىڭ ئۈنۈمى كۈچەيتىش ئىستۇدېنتلارنىڭ توغرا قىممەت قارىشىنى تىكلىشىگە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچى، مەكتەپ ئەتراپىدىكى ئىستېمال مۇھىتىنى ياخشىلاش لازىم. ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىستېمال مۇھىتى ئاساسەن مەكتەپ قورۇسى ئەتراپىدا بولىدۇ. ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىستېمال يۈزلىنىشىنى يېتەكلەشتە ئۇلار تۇرۇۋاتقان ئىستېمال مۇھىتىنى تېزگىنلەش ۋە ياخشىلاش لازىم. بىر تەرەپتىن، مەكتەپ ئىستىلى، ئۆگىنىش ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەكتەپتە ساغلام بولغان ئۆگىنىش مۇھىتى يارىتىش لازىم. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىستېمال ھەرىكىتىگە بىلىندۈرمەي تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مەكتەپ ئىچى ۋە مەكتەپ ئەتراپىدىكى سودا ئۇسۇللىرى بىلەن تاۋار تىجارەت دائىرىسىنى تەرتىپكە سېلىش لازىم. مەكتەپ ئىچى- سىرتىدىكى ئىستېمال مۇھىتى ئاساسلىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئاساس قىلىشى، ھەرگىزمۇ ئاۋات رەستىلەردەك بولماسلىقى لازىم.

ئۈچىنچى، ئىستۇدېنتلارغا بولغان ئىستېمال قارىشى تەربىيەسىنى كۈچەيتىش لازىم. مەكتەپلەردىكى ئالاقىدار ئورۇنلار ئىلمىي پىلانلاش، دوكلات بېرىش، لېكسىيە سۆزلەش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئىستېمال قارىشى تەربىيەسىنى كۈچەيتىشى لازىم.

**3) ئائىلە تەربىيەسى**

ئائىلە باشلىقلىرى پەرزەنتلىرىنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ مۇستەقىل پىكىر قىلىش، مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىش ئىرادىسىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى، ئۇلارنى جەمئىيەت بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا مۇھىتقا تېز ماسلىشالايدىغان قىلىپ تەربىيەلىشى، ئۇلارنىڭ كونكرېت، مۇۋاپىق پىلان تۈزۈشىگە ياردەم بېرىپ، توغرا مالىيە باشقۇرۇش ئىدىيەسى ۋە ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈرۈشى لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەممىشە تىرىشچان، ئىقتىسادچىل، تەلەپچان بولۇشتەك ئېسىل ئەنئەنە تەربىيەسىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق پەرزەنتلىرىگە سىڭدۈرۈشى، ھەرخىل ۋاسىتە ئارقىلىق مەكتەپتىن پەرزەنتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇرۇشى لازىم.

**4) ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۆز- ئۆزىنى تەربىيەلىشى**

ئىچكى سەۋەب شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى. ئىستۇدېنتلارنىڭ توغرا ئىستېمال قارىشىنى تىكلىشىنىڭ ئاچقۇچى ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۆزىدە، ئۇلار ئۆز-ئۆزىنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، نورمال ئىقتىساد توپلاش ئىدىيەسىنى تىكلەشتە تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشى لازىم:

بىرىنچى، ئىستېمال تەجرىبىلىرىنى توپلاش لازىم. ئادەتتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىستېمالى جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىستېمال تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەش ۋە توپلاشقا ماھىر بولۇشى لازىم.

ئىككىنچى، ئىستېمال بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ئىقتىساد توپلاش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. ئىستۇدېنتلار جەمئىيەت ۋە مەكتەپ تەشكىللىگەن ھەرخىل ئىستېمالغا ئائىت پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۇنىڭدىن ئىستېمال بىلىملىرىگە ئائىت تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىشى لازىم.

ئۈچىنچى، قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. زامانىمىزنىڭ ئىستۇدېنتلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىستېمال ساھەسىگە ئائىت قانۇن-نىزاملارنى ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ قانۇن ئاساسىنى كۈچەيتىپ، ئۆز ھوقۇقىنى قوغداش ئېڭىنى ئۆستۈرۈشى، ھەرگىزمۇ يېڭى دەۋرنىڭ قانۇن ساۋاتسىزلىرىغا ئايلىنىپ

قالماسلىقى لازىم.

ئۈچىنچى، توغرا ئىستېمال پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشى لازىم. ئىستۇدېنتلار ئىستېمال جەريانىدا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان ئاساستا ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىش، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئەھۋالىغا ئاساسەن ئېنىق، كونكرېت ئىستېمال ئۆلچىمىنى بېكىتىشى لازىم. مۇۋاپىق ئىستېمال پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىستېمال پىلانىنى تۈزۈپ، ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ياخشى بولغان ئىستېمال ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم. ئىستۇدېنتلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىستېمالى جەريانىدا ئەھۋالغا قاراپ ئىستېمال قىلىش، ئىستېمال پىلانى بولۇش، ئىستېمال يۈزلىنىشى بولۇش، مۇستەقىل ئىستېمال قىلىش قاتارلىق پرىنسىپلاردا چىڭ تۇرۇپ، بۇلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىستېمال ھەرىكىتىنى تىزگىنلىشى لازىم.

قىسقىسى، ئىستۇدېنتلاردىن ئىبارەت ئىستېمال كوللېكتىپىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ساغلام بولسىمۇ، يوقىرىدا تەھلىل قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلىنىپ كەلدى. پەقەت جەمئىيەت، ئائىلە، مەكتەپ ئىستۇدېنتلارغا ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈپ، بىرلىكتە تىرىشساقلا ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىستېمال قارىشى ۋە ئىستېمال ھەرىكىتى ساغلام يولغا كىرەلەيدۇ.

## پايدىلانمىلار


[1] 洪鼎业: 《高等师范院校学生工作研究》[M]，海峡文艺出版社，1997 年版.

[2] 陆建华: 《中国社会问题报告》[M]，石油工业出版社，2002 年版.

[3] 朱力: 《当代中国社会问题》[M]，社会科学文献出版社，2008 年版.


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2013)01-050-04

# كارخانىنىڭ «پاي چېكى قەرەلى هوقۇقى پىلانى»نى قوللىنىش جەريانىدا ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى هەل قىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش *


ئەسقەر ئەنۋەر ئەلسۆيەر

(«شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» ئۇيغۇر مۇخبىرلار بۆلۈمى، ئۈرۈمچى. 830002)



**قىسقىچە مەزمۇنى:** كارخانىلاردا ياراملىق ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ يۆتكىلىپ كېتىشى سەۋەبىدىن ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ يېتىشمەسلىك ئەھۋاللىرى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال كارخانىغا ئېغىر ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرۈپلا قالماستىن، كارخانىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ بەلگىلىك قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرىدۇ. كارخانىلار ياراملىق ئىختىساسلىق خادىملارنى تۇتۇپ قالىمەن دېيىدىكەن، چوقۇم ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىشى كېرەك. «پاي چېكى قەرەلى هوقۇقى پىلانى» ياراملىق ئىختىساسلىق خادىملارنى ئۇزۇن مەزگىل تۇتۇپ تۇرۇش ۋە ئۇلارنى ئۇزۇن مەزگىل رىغبەتلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. بۇ ماقالىدە، «پاي چېكى قەرەلى هوقۇقى پىلانى»نىڭ ئۆل نەزەرىيەسى ۋە هازىرقى زامان كارخانىلىرىدىكى «پاي چېكى قەرەلى هوقۇقى پىلانى» تۈزۈمى لايىھەسىدە ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى هەل قىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا تەھلىل يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要:** 企业的核心人才面临着多种流动诱因和流动机会，这会导致企业的创新人才变得非常的缺乏，给企业带来巨大的成本，使企业人力资本严重流失。企业要想留住核心人才，就要进行必要的措施。《股票期全计划》解决了核心人才长期激励的问题。本文对股票期全激励的基础理论及现代企业股票期权制度设计本身存在的一定缺陷进行了详细的阐述，此外，股票期全 实行的外部环境还有待遇该善。本文提出了相应的改进建议，试图引起更深层次的关注和探讨，以充分发挥股票期权的激励作用。

**Abstract:** The core personnel of enterprise are always meeting opportunities to job-hopping. This brings personnel shortage and financial damage to an enterprise. The "Stock Option Plan" is an essential measure to hold the core personnel and encourage them for a long term. First of all, this paper points out several internal defects of basic theory of the "Stock Option Plan" and external defects of environment. In addition, this paper also provides several solutions to improve drive function of "Stock Option Plan".


كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: F27 ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. پاي چېكى قەرەلى هوقۇقىنىڭ مەنىسى

پاي چېكى قەرەلى هوقۇقى كارخانىلارنىڭ دىرېكتورلارغا بەرگەن بىر خىل تاللاش هوقۇقى بولۇپ، بۇ خىل هوقۇققا ئىگە بولغان دىرېكتورلار بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە مۇشۇ كارخانىنىڭ بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىكى پاي چېكىنى بەلگىلەنگەن باھا بويىچە سېتىۋالالايدۇ.

پاي چېكى قەرەلى هوقۇقى. قانۇندا بەلگىلەنگەن پاي چېكى قەرەلى هوقۇقى(قوزغىتىش تىپىدىكى پاي چېكى قەرەلى هوقۇقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە قانۇندا بەلگىلەنمىگەن پاي چېكى قەرەلى هوقۇقى( شەرتسىز پاي چېكى قەرەلى هوقۇقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. پاي چېكى قەرەلى هوقۇقىنىڭ ئايلانما

* بۇ ماقالە 2012-يىلى 6-ئاينىڭ 27-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئەسقەر ئەنۋەر ئەلسۆيەر (1986-يىلى 12-ئايدا تۇغۇلغان)، باكالاۋر، مۇخبىرلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تەرتىپىنى تۆۋەندىكىدەك تىزىشقا بولىدۇ: تىرىشىپ خىزمەت قىلىش ← شەخسنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ← كارخانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ← پاي باھاسىنىڭ ئۆرلىشى ← مائاشنىڭ ئۆسۈشى ← تىرىشىپ خىزمەت قىلىش.

## 2. ئېلىمىز كارخانىلىرىنىڭ «پاي چېكى قەرەلى ھوقۇقى پىلانى»نى قوللىنىشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

پاي چېكى قەرەلى ھوقۇقى ئۇقۇمى غەربتىكى بازار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىن ئېلىمىزگە كىرگەن. نۆۋەتتە، ئېلىمىز كارخانىلىرىنىڭ بازار ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە كارخانا قۇرۇلمىسى غەربتىكى بازار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا نىسبەتەن ئارقىدا. ئېلىمىز بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكنى تولۇقلاش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىزدىنىپ، بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىراق، بۇ مەسىلىلەر تېخى تولۇق ھەل قىلىنغىنى يوق. بۇنداق بولۇشنى تۆۋەندىكى سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان:

(1) كاپىتال بازىرىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى. كاپىتال بازىرىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسلىق سەۋەب ئۇنىۋېرسال بازىرىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى بولۇپ، ئۇنىۋېرسال بازىرى ئادەتتىكى بازار ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغان نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. پاي باھاسىنىڭ ئۆرلىشى ياكى چۈشۈشى دىرېكتورلارنىڭ كەسپىي نەتىجىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم بولىسمۇ، بىراق ئۇ كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي خىزمەت نەتىجىسىنى ئۆلچىيەلمەيدۇ. ھەتتا بەزى كارخانىلارنىڭ پاي باھاسى بىلەن كارخانىنىڭ ئەمەلىي خىزمەت نەتىجىسى ئوتتۇرىسىدا قارىمۇقارشى مۇناسىۋەت مەۋجۇت.

(2) كەسپىي دىرېكتورلار بازىرىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى. كەسپىي دىرېكتورلار بازىرى پاي ھوقۇقىنى قوزغىتىش پىلانىنى يولغا قويۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، پاي ھوقۇقىنى قوزغىتىش پىلانىنى يولغا قويۇش رىقابەتچانلىقى كۈچلۈك كەسپىي دىرېكتورلار بازىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. مۇكەممەل بىر كەسپىي دىرېكتورلار بازىرى بولغاندىلا پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەردىكى رەھبىرىي خادىملار باشقا شىركەتلەردىن كېلىدىغان رىقابەتكە تاقابىل تۇرالايدۇ ھەم باشقۇرغۇچىلارنىڭ نىشانى بىلەن مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ نىشانىدا ئېغىش يۈز بەرمەيدۇ. چۈنكى باشقۇرغۇچىلارنىڭ خىزمىتى كارخانىنىڭ داڭلىق ماركا يارىتىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىراق، ئېلىمىزنىڭ پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلىرىدە، كەسپىي دىرېكتورلار بازىرى مۇكەممەل بولمىغانلىقتىن، پاي ھوقۇقىنى قوزغىتىش پىلانىنى يولغا قويۇش بىرقەدەر تەس.

(3) كارخانىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى. كارخانىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى كارخانىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. مۇبادا كارخانىنىڭ خىزمەتلىرى كۆلەملەشمىگەن بولسا، پاي ھوقۇقىغا ئىگە بولغان قىسمەن دىرېكتورلار كارخانىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. ئادەتتە پاي ھوقۇقىنى قوزغىتىش پىلانىنىڭ دەسلەپكى لايىھەسى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ مۇدىرىيەت يىغىنى بېكىتكەن مائاش بويىچە تەكشۈرۈش كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلىدۇ. نۆۋەتتە، ئېلىمىزنىڭ پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلىرىنىڭ قانۇنىي ئىگىسى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى تازا مۇكەممەل ئەمەس. نۇرغۇن پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ پايچىكلار يىغىنى، نازارەتچىلىك ھەيئىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى نىسبەتەن ئاجىز بولغاچقا تەدبىر بەلگىلەش، نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش جەھەتلەردە مۇۋاپىق رول ئوينىيالمايدۇ.

(4) باشقۇرغۇچىلارنىڭ كەسپىي نەتىجىسىنى باھالاش تۈزۈلمىسىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى. باشقۇرغۇچىلارنىڭ كەسپىي نەتىجىسىنى تەكشۈرگەندە، باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىگە ئېرىشىشى پاي چېكى قەرەلى ھوقۇقىغا ئېرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئاستىدا، باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئىش

ھەققىي بىلەن كارخانىنىڭ كەسپىي نەتىجە كۆرسەتكۈچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرى، كارخانا پاي باھاسىنىڭ بازاردىكى باھا كۆرسەتكۈچى. بۇ ئارقىلىق كارخانىنىڭ تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ؛ يەنە بىرى، بوغالتىرلىق ۋە مالىيە ئىشلىرى كۆرسەتكۈچى. بۇ ئارقىلىق كارخانىنىڭ ئىلگىرىكى كەسپىي نەتىجىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مۇبادا كارخانىنىڭ مالىيە كۆرسەتكۈچى ساختا بولسا، پاي چېكىنىڭ ئالماشتۇرۇش باھاسى كارخانىدىكى باھانى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىسە، مالىيە كۆرسەتكۈچى كارخانىنىڭ تىجارەت نەتىجىسىنى توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىسە، ئۇنداقتا بۇ ئىككى تۈرلۈك كۆرسەتكۈچ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. ئېلىمىز كارخانىلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن قارىغاندا، كاپىتال بازىرىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ۋە مالىيە كۆرسەتكۈچىنىڭ چىنلىقىنى ئۆستۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر كاپىتال بازىرىنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ۋە مالىيە كۆرسەتكۈچىنىڭ چىنلىقى ئۆستۈرۈلمىسە، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىگە ماسلاشقان باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى تۈزۈمى بىلەن پاي چېكى قەرەلى ھوقۇقى تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىر قەدەر تەسكە توختايدۇ.

## 3. كارخانىنىڭ «پاي چېكى قەرەلى ھوقۇقى پىلانى»نى قوللىنىش جەريانىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى

(1) كاپىتال بازىرىنىڭ ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسىنى ئۆزگەرتىش لازىم. نۆۋەتتە، ئېلىمىز ھۆكۈمىتى مۇناسىۋەتلىك قانۇن-تۈزۈملەرنى تۈزۈپ پاي چېكى قەرەلى ھوقۇقى پىلانىنى يولغا قويۇش مۇھىتى ۋە شارائىتىنى ياخشىلىماقتا. كاپىتال بازىرىنىڭ ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ھەل قىلىش ئۈچۈن، پاي چېكى قەرەلى ھوقۇقى پىلانىنى يولغا قويۇشقا پايدىلىق بولغان تېخىمۇ ياخشى ئۇسۇلنى تېپىپ چىقىش لازىم. پاي چېكى قەرەلى ھوقۇقى پىلانىنى يولغا قويۇش لايىھەسىدىكى يالغانچىلىقلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلاش ئارقىلىق ئىچكى ئالماشتۇرۇشنى چەكلەپ، كاپىتال بازىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلاش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ پەردە ئارقىسىدا ئالماشتۇرۇش قىلمىشىغا قارىتا نازارەتنى كۈچەيتىش لازىم. ھۆكۈمەتمۇ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى بايقىغان ھامان قانۇن بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

(2) كەسپىي دىرېكتورلار بازىرى قۇرۇش لازىم. بازار ئىگىلىكى نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ كەسپلەشكەن، يۇقىرى ساپالىق كەسپىي دىرېكتورلار بازىرى كارخانىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. پاي ھوقۇقىنى قوزغىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كارخانىدىكى باشقۇرغۇچىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولسىمۇ، بىراق ئېلىمىزدە بۇنداق تۈزۈم تېخى ئورنىتىلمىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئالدى بىلەن پاي ھوقۇقىنى قوزغىتىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەسپىي دىرېكتورلار بازىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دىرېكتورلارنى جەمئىيەتتىن ئاشكارا خىزمەتچى قوبۇل قىلىش شەكلىدە قوبۇل قىلىش، رىقابەت ئارقىلىق خىزمەتكە قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنى ۋە بازارلاشقان ئىش ھەققى تۈزۈمىنى ئورنىتىش لازىم. بۇ پاي چېكى قەرەلى ھوقۇقى پىلانىنى يولغا قويۇشتىكى مۇھىم شەرتنىڭ بىرى. كەسپىي دىرېكتورلار بازىرى يەنە دىرېكتورلارغا يېڭىچە بىر بازار بوشلۇقى يارىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەت كەسپىي دىرېكتورلار بازىرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، دىرېكتورلارنىڭ پاي چېكى قەرەلى ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە پايدىلىق بازار شارائىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

(3) قانۇنىي ئىگىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەردىكى قانۇنىي ئىگىنى باشقۇرۇش ئورگانلىرى پايچىلار يىغىنى، مۇدىرىيەت يىغىنى، نازارەتچىلىك

ھەيئىتى ۋە دىرېكتورلار تەشكىللى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھوقۇق يۈرگۈزۈش، تەدبىر بەلگىلەش، نازارەت قىلىش، ئىجرا قىلىش ئورگىنى بولۇش قاتارلىق فۇنكسىيەلەرگە ئىگە. بۇ خىل مۇناسىۋەت قۇرۇلمىسىدا ھەربىر كەسپىي ئورۇننىڭ خىزمەتلىرى ئىنتايىن ئېنىق ئايرىلىدۇ. بۇمۇ ئوخشاشلا، پاي چەكلىك شىركەتنىڭ قوزغىتىش تۈزۈمىنى جارى قىلدۇرۇشىدىكى ئالدىنقى شەرت، شۇنداقلا ئىچكى قىسمىنى نازارەت قىلىشتىكى مۇھىم ئۇسۇل. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەدبىر بەلگىلەش تەرتىپلىرىنى ئاشكارىلاش، ئەركىنلەشتۈرۈش ۋە ئىلمىي بولغان تەدبىر بەلگىلەش قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا.

(4) كەسپىي نەتىجىنى باھالاش تۈزۈلمىسىنى ياخشىلاش لازىم. يېڭى تىجارەت مۇھىتىنىڭ يارىتىلىشىغا، پاي چېكى قەرەلى ھوقۇقى پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، كارخانا دىرېكتورلىرى ۋە مەبلەغ سالغۇچىلار مالىيە كۆرسەتكۈچىگە نىسبەتەن تەدبىر يۈرگۈزۈشنىڭ چەكلىك بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ تونۇپ يەتتى. كۈچلۈك ئۈنۈمدارلىقىقا ئىگە بولمىغان بازاردا پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى پاي چېكى مۇددىتىنى مۆلچەرلەشكە ئامالسىز قالغاچقا، پاي چېكى قەرەلى ھوقۇقىنىڭ كەلگۈسىدىكى پايدىسى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە بولالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر باشقۇرغۇچىلارنىڭ پاي چېكى قەرەلى ھوقۇقى تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈشى ھەمدە كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىغا نىسبەتەن ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىشى لازىم. پاي چېكى قەرەلى ھوقۇقى پىلانى لايىھەسىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلغاندا، بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ساپ پايدىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. پاي چېكى قەرەلى ھوقۇقى پىلانىنى نىسبەتەن ئۆلچەملىك لايىھەلەش كارخانىنىڭ كەسپىي نەتىجىسىنى ئۇنىۋېرسال باھالاش كۆرسەتكۈچىنى ئاشكارىلاشقا پايدىلىق. ئوخشاش ساھەلەردىكى پاي باھاسىنىڭ قىممىتى تەكشى ئېشىش سەۋىيەسىگە ئىگە بولسا، كارخانىنىڭ مالىيە سىياستى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىكى، پۇل مۇئامىلىسى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈش ئاسانلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پاي ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش سىياستىگە نىسبەتەن، كارخانىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلىرى قىسقا مۇددەتلىك پايدا قوغلىشىشنى توختىتىشى، مالىيە بوغالتىرلىق جەدۋىلىگە ساختىلىق ئىشلىتىش، كەسپىي نەتىجىنى يالغاندىن ياساش، پاي باھاسىنى قەستەن ئۆرلىتىۋېلىش قىلمىشلىرىنى قەتئىي چەكلەش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، كارخانىنىڭ «پاي چېكى قەرەلى ھوقۇقى پىلانى» نى قوللىنىش جەريانىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

## پايدىلانمىلار

[1] Jensen,M.C.,and K.J.Murphy, 1990a, Performance Pay and Top-Management Incentives, The Journal of Political Economy,98,(2)

[2] Hal l,B.J.,and J.Liebman,1998,Are CEOs Really Paid Like Bureaucrats,Quarterly Joural of Economics,113

[3] Bryan,S.,L.Hwang,and S.Li1 1en,2000,CE0 Stock-Based Compensation: An Empirical Analysis of Incentive-Intensity,Relative Mix,and Economic Determinants,The Journal of Business,73(4).

[4]辛向阳.《期股制的模式选择及若干问题的解决思路》[J]. 东岳论丛，2002 (2).

[5]胡小平.《ESO是激励约束机制的重要实现形式》[J]. 杭州师范学院学报，2000 (3).

[6]张小宁，邵建馨.《期权激励的机理分析与变通设计》[J]. 中国工业经济，2000 (5).

[7]王晋斌，李振中.《内部持股计划与企业绩效》[J]. 经济研究， 1998 (5).

[8]聂婉生.《股票期权计划理论、方案与实务》[M]. 上海:上海交通大学出版社，2007.

[9]徐敏.《上市公司股票期权方案设计中的几个问题》[J]. 集团经济，2006 (3).

[10]许海峰.《股票期权》[M]. 北京:人民法院出版社，2005.

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

34 ـ يىللىق 1 ـ سان    شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)    第 34 卷第 1 期
2013 ـ يىلى 3 ـ ئاي    新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)    2013 年 3 月

ماقالە نومۇرى: 14ـ054ـ01(2013) 5878ـ1005

# فۇيۇ قىرغىز تىلى توغرىسىدا*

مەھمەت ئۆلمەز

(تۈركىيە يىلدىز تېكنىك ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** فۇيۇ قىرغىز تىلى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىدا ياشاۋاتقان فۇيۇ قىرغىزلىرى قوللىنىۋاتقان تىل بولۇپ، ئۇ ئازاق تىلى گۇرۇپپىسىدىكى خاكاس تىلى بىلەن ئوخشاش فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر تۈركىي تىلدۇر. بۇ ماقالىدە، فۇيۇ قىرغىز تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇنى باشقا تۈركىي تىللار بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، فونېتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق جەھەتتىكى ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، فۇيۇ قىرغىز تىلىنىڭ تىل تەۋەلىكى توغرىسىدا بىر قەدەر مۇكەممەل چۈشەنچە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھەمدە ئاخىرىدا قەدىمقى تۈرك تىلى بىلەن فۇيۇ قىرغىز تىلىنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى بېرىلدى .

**摘要:** 富裕—柯尔克孜语是中国东北地区生活的富裕—柯尔克孜族人所使用的语言，是跟阿扎克语族哈卡斯语言有相近的语言特点的一种突厥语言。这篇文章， 介绍了富裕—柯尔克孜语的语音特点，通过与其他的突厥语言比较，从语音和词汇方面的共同特点方面，提出富裕—柯尔克孜语语法范畴进一步完善的观点。最后举出古代突厥语的对比词典。

**Abstract:** The Fuyu—Kirgiz language, which shares similar language features with the Khakas language, is widely used by Kirgiz people who live in the northeast of China. This paper introduces phonetic features of Fuyu—Kirgiz language and by comparing with its other related languages, points out its common features in phonetics and vocabulary with other related languages. Also, claims that the syntactic features of the Fuyu—Kirgiz language needs to be improved.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H0    ماتېرىيال بەلگىسى: A

فۇيۇ قىرغىز تىلى، ئازاق تىلى گۇرۇپپىسىدىكى خاكاس تىلى بىلەن ئوخشاش فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بىر تۈركىي تىل. تۈركولوگىيە ساھەسىدە، بولۇپمۇ تۈركىيەدە يېقىنقى زامانغا قەدەر ھېچ بىر خەۋىرى بولمىغان بۇ تىلنى بۈگۈن جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىدا، خاربىندىن 160 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چىچىخارغا يېقىن بىر يەردە ياشايدىغان فۇيۇ قىرغىزلىرى قوللانماقتا. ئۇلارنىڭ سانى J.Janhunen نىڭ مەلۇماتىدا 900 كىشى دەپ كۆرسىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا Janhunen نىڭ 1988 ـ يىلى كۆرسەتكەن مەلۇماتىغا ئاساسەن بۇ تىلدا راۋان سۆزلىشەلەيدىغان 70 ياشتىن ئاشقان توققۇز كىشى بار بولۇپ، 50 ياشنىڭ ئۈستىدىكىلەر فۇيۇ قىرغىزچىسىنى ئاڭلاپ چۈشىنەلىسىمۇ تولۇق ئىشلىتەلمەيدىكەن. ئورتا ياشتىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قوش تىللىق بولۇپ، شۇ رايوندا كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇيرات (ئۆلۆت) موڭغۇل تىلىنىمۇ بىلىدىكەن. فۇيۇ قىرغىزلىرى ئۆزلىرىنىڭ يېنىسەي دەريا ۋادىسىدىن، جەنۇبىي سىبىرىيەدىن شەرقىي شىمالغا 1757-1755 ـ يىللىرى كەلگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. فۇيۇ قىرغىزلىرىدا دىن جەھەتتە شامانىزم ۋە لاما دىنىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر. فۇيۇ قىرغىز تىلى توغرىسىدىكى مەلۇماتلىرىمىز خۇ جېنخۇا (胡振华) نىڭ تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا، تېنىشېفنىڭ ماقالىلىرىگە، شۇنداقلا C.hcSönig نىڭ ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغان. ئەمما قولىمىزدىكى بۇ تىل ماتېرىياللىرى پەقەت بىر قانچە يۈز سۆزدىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك تېنىشېفنىڭ تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ تەييارلاندى. فۇيۇ قىرغىز تىلى توغرىسىدا يەنىمۇ ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپلەپ ماتېرىيال توپلاشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر بۇ تىلغا ئائىت پەقەت ئىككى پارچە شېئىرلا بار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئەدەبىي تىلنىڭ ئومۇمىي

---

* بۇ ماقالە 2010ـ يىلى 2ـ ئاينىڭ 9ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** مەھمەت ئۆلمەز(1963 ـ يىلى 3ـ ئايدا تۇغۇلغان)، پىروفېسسور، دوكتور، تۈركىيە يىلدىز تېكنىك(يۇلتۇز تېخنىكا) ئۇنىۋېرسىتېتى پەن ۋە ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى.

ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن تۆۋەندىكى تەتقىقات ماقالىسىنى شۇ ھەقتىكى دىسلەپكى ئىزدىنىش دېيەلەيمىز خالاس. خۇ جېنخۇانىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان سۆزلەر يەنە ماقالىنىڭ ئاخىرىدا قەدىمكى تۈرك تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇلدى. بۇ سۆز ماتېرىياللىرى ھېچ بولمىغاندا فۇيۇ قىرغىز تىلىنىڭ سۆز بايلىقى، فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ۋە مەنسۇپ بولغان تۈرك تىل گۇرۇپپىسى ھەققىدە بەلگىلىك مەلۇمات بېرەلەيدۇ. خۇ جېنخۇانىڭ بۇ چەكلىك ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن فۇيۇ قىرغىز تىلىنىڭ قولىمىزدىكى خاكاس تىلى بىلەن ئاساسي جەھەتتىن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئېيتالايمىز. ئومۇمەن، فۇيۇ قىرغىز تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە: (بۇ ئالاھىدىلىكلەر قەدىمكى تۈرك تىلى ET غا نىسبەتەندۇر) .

(1) d تاۋۇشىنىڭ z تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشى.

| ئۇيغۇرچە | تۈركىيە تۈركچىسىدە | فۇيۇ قىرغىز تىلىدا | قەدىمكى تۈرك تىلىدا |
|---|---|---|---|
| ئاياق | ayak | azıh | adak |
| ئېگىز، يۈكسەك | yüksek | büzih | bedük |
| قۇيرۇق | kuyruk | kuzruh | kudruk |
| توي قىلىشقا چاي ئىچۈرۈلگەن قىز ياكى يىگىت ، ئوبىيېكتى | nışanlı | küzi | küdegü «güveyi» |
| ئۇخلىماق | ak uyum | uzı | udı |

(2) سۆز ئىچىدە سوزۇق تاۋۇشلار ئارىسىدىكى g تاۋۇشىنىڭ بەزى سۆزلەردە چۈشۈپ قېلىشى نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ئالدىدا كەلگەن سوزۇق تاۋۇشنىڭ سوزۇپ ئوقۇلۇشى.

| ئۇيغۇرچە | تۈركىيە تۈركچىسىدە: | فۇيۇ قىرغىز تىلىدا | قەدىمكى تۈرك تىلىدا |
|---|---|---|---|
| ئېغىر | ağır | ār | aġır |
| ئېغىز | ağız | āz | aġız |
| كىيىك | geyik | sīn | sıġun |
| يىگىت | gennç | ci:t | Yigt |
| يوغان، قوپال، ، قاتتىق | kaba, sert | yōn | yoġun |

(3) سۆز ئاخىرىدىكى g تاۋۇشىنىڭ h غا ئالمىشىشى.

| ئۇيغۇرچە | تۈركىيە تۈركچىسىدە | فۇيۇ قىرغىز تىلىدا | قەدىمكى تۈرك تىلىدا |
|---|---|---|---|
| تاغ | tağ | tah | taġ |
| سېرىق | sarı | sarıh | sarıġ |
| ئۇلۇغ | büyük | uluh | uluġ |

(4) سوزۇق تاۋۇشلار ئارىسىدىكى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن k، p، s، ş (ك، پ، س، ش) لارنىڭ بەزى سۆزلەردە جاراڭلىقلىشىپ ئايرىم. ئايرىم ھالدا g، b، z، j (گ، ب، ز، ژ ) لارغا ئۆزگىرىشى.

| ئۇيغۇرچە | تۈركىيە تۈركچىسىدە | فۇيۇ قىرغىز تىلىدا | قەدىمكى تۈرك تىلىدا |
|---|---|---|---|
| دادا، ئاتا | baba | aba | apa |
| ئەللىك | elli | bijin | bäş on |
| پىشۇرماق | pişirmek, kaynatmak | bijir~bişir- | bışur- |
| كىشى، ئىنسان | insan, kişi | kiji | kişi |
| ئىسسىق | sıcak | izih | isig |
| مەست بولماق | sarhoş olmak | izir- | esür- |
| ياقا | yaka | yaga | yaqa |
| يۇقىرى، ئۈست | üst, yukarı | yogor | yoqaru |
| | | | چاغاتايچىدا: |
| ھالقا | küpe | ızırga | ısırga |

(5) خاكاس تىلىدىكىدىن پەرقلىق ھالدا، y (ي-) نىڭ ç (چ-) غا ئەمەس، بەلكى جاراڭلىق ئۈزۈك

تاۋۇشى c (ج-) غا نۆۋەتلىشىشى.

| ئۇيغۇرچە: | تۈركىيە تۈركچىسىدە | قىرغىز فۇيۇ تىلىدا | قەدىمكى تۈرك تىلىدا |
|---|---|---|---|
| ئۆرتمەك، ياپماق | örtmek, kapatmak | cap- | yap- |
| ئۇلاشماق، بارماق | ulaşmak | cit- | yėt- |
| ياز | yaz | cay | yay |
| يېمەك | yeme | ce- | yė- |

| ئۇيغۇرچە | تۈركىيە تۈركچىسىدە | قىرغىز فۇيۇ تىلىدا | ئورتا تۈركچە | قەدىمكى تۈرك تىلىدا |
|---|---|---|---|---|
| پىل | fil | cān | yañan, yaġan | yaña |

(6) بەزى سۆزلەردە، خاكاس تىلىدىكىگە ئوخشاش، دىماغ تاۋۇشلىرىنىڭ تەسرىدە y نىڭ n بولۇشى.

| ئۇيغۇرچە | تۈركىيە تۈركچىسىدە | قىرغىز فۇيۇ تىلىدا | قەدىمكى تۈرك تىلىدا |
|---|---|---|---|
| يېڭى | yeni | nā | yaŋı |
| يامغۇر | yağmur | namır | yaġmur |
| قايتماق، كەينىگە يانماق | geri dönmek | nan- | yan- |
| تۇخۇم | yumurta | nomurtga | yumurtġa |

| ئۇيغۇرچە | تۈركىيە تۈركچىسىدە | قىرغىز فۇيۇ تىلىدا | ئورتا تۈركچە |
|---|---|---|---|
| ئېڭەك | çene | nāh | yañaq |

(7) خاكاس تىلىدىكىدىن پەرقلىق ھالدا، سۆز بېشىدىكى ç (چ-) جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇشىنىڭ s(ش -) گە ئەمەس بەلكى ş (ش-)غا ئالمىشىشى.

| ئۇيغۇرچە | تۈركىيە تۈركچىسىدە | قىرغىز فۇيۇ تىلىدا | قەدىمكى تۈرك تىلىدا |
|---|---|---|---|
| چاپماق، ئۇرماق | vurmak, çarpmak | şap- | çap- |

| ئۇيغۇرچە | تۈركىيە تۈركچىسىدە | قىرغىز فۇيۇ تىلىدا | ئورتا تۈركچە | قەدىمكى تۈرك تىلىدا |
|---|---|---|---|---|
| چىقماق | çıkmak | şıh- | çıq- | taşıq- |

بۇ ئەھۋال يەنىç (چ-) نىڭ ş(ش-)غا ئالمىشىشى، موڭغۇل تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان şah (چاغ، ۋاقىت، زامان) سۆزىدىمۇ كۆرۈلىدۇ: şah < (موڭغۇلچە) çaġ.

(8) خاكاس تىلىدىكىگە ئوخشاش، سۆز بېشىدىكى -b(ب-) ئۇزۇك تاۋۇشىنىڭ -p(پ-) بىلەن نۆۋەتلىشىشى.

| ئۇيغۇرچە | تۈركىيە تۈركچىسىدە | قىرغىز فۇيۇ تىلىدا | قەدىمكى تۈرك تىلىدا |
|---|---|---|---|
| باغلىماق | bağlamak | palgı- | bagla- |
| كەتمەك، بارماق | gitmek | par- | bar- |
| باي | zengin | pay | bay |
| بىلمەك | bilmek | pil- | bil- |
| بۇلۇت | bulut | pult | bulıt |
| بۇرۇن، قەدىم، ئىلگىرى | önce, eski, evvel | purun | burun |

(9) سۆز ئاخىرىدىكى ـz (ـز) تاۋۇشىنىڭ ـs (ـس) غا ئۆزگىرىشى.

| ئۇيغۇرچە | تۈركىيە تۈركچىسىدە | قىرغىز فۇيۇ تىلىدا | قەدىمكى تۈرك تىلىدا |
|---|---|---|---|
| باھار، ئەتىياز | söz | cas | yaz |

| | | | |
|---|---|---|---|
| yez | ces | bakır | مىس |
| yultuz | yıltıs | yıldız | يۇلتۇز |
| az | as | az | ئاز |
| küz | küs | güz | كۈز |
| kız | kıs | kız | قىز |
| semiz | | semiz, yağlı | سېمىز |
| söz | sös | ilkbahar | سۆز |

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئالاھىدىلىكلەرگە كۆرە، فۇيۇ قىرغىز تىلىنىڭ خاكاسچە بىلەن سېرىق ئۇيغۇرچىغا يېقىن بىر تىل ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز، شۇنداقتىمۇ فونېتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن باشقا سىبىر تىللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇشنىڭمۇ ئەھمىيىتى چوڭدۇر. تۆۋەندە فۇيۇ قىرغىز تىلى، خاكاسچىدىن باشقا ياقۇتچە ۋە تۇۋاچە بىلەنمۇ سېلىشتۇرۇلدى، سېلىشتۇرمىلاردا:

(1) فۇيۇ قىرغىز تىلىنىڭ سىبىر گۇرۇپپىسىدىكى تۈرك تىللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقى؛

(2) فۇيۇ قىرغىز تىلىدىكى چەت ئەل تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر؛

(3) خاكاسچە بىلەن بولغان يېقىنلىقى:

(4) سېرىق ئۇيغۇرچە بىلەن بولغان يېقىنلىقى، قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم كۆرسىتىلىدۇ.

سېلىشتۇرمىلاردا كۆرسىتىلگەن ئۆرنەكلەر نۆۋىتى كەلگەندە تەرتىپ بىلەن توختالدى. كۆرسىتىلگەن ئۆرنەكلەر ئېلىنغان لۇغەتلەر ئىزاھلاردا بېرىلدى.

جەدۋەل ئىچىدىكى مىساللار ئېلىنغان تىللار تۆۋەندىكىچە قىسقارتىلدى (ئەسلىي ماقالىگە ئاساسەن): فۇيۇ قىرغىز تىلى [Fuyü]، خاكاسچە [Hak.]، سېرىق ئۇيغۇرچە [SUyg]، تۇۋاچە [Tuv.]، ياقۇتچە [Yak.]، قەدىمكى تۈركچە [ET]، ئورتا تۈركچە [OT]، ئانا تۈركچە [AT]، ئۇيغۇرچە [Uy] (تۈركىيە تۈركچىسى[TT]، ئورتاق تۈرك تىلى [GT]) قىلىپ قىسقارتىلدى.

## 1. فۇيۇ قىرغىز تىلىنى سىبىر گۇرۇپپىسىدىكى تۈرك تىللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش

فۇيۇ قىرغىز تىلىدا بەزى سۆزلەردە سۆز ئىچىدىكى ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىلىقىدا قالغان ‎-g-‎ ئۈزۈك تاۋۇشى چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، ئىككىنچى سوزۇق تاۋۇش سوزۇپ ئوقۇلىدۇ، بۇ جەھەتتىنمۇ فۇيۇ قىرغىز تىلى سىبىر گۇرۇپپىسىدىكى تۈرك تىللىرى بىلەن ئوخشاشلىقتا ئىگە:

| Fuyü | Hak | SUyg | Tuv | Yak | ET | TT | Uy |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ala | aal | ağıl | aal | ıal | ağıl | köy | يېزا |
| aar | aar | uur | aar | ıar | ağır | ağır | ئېغىر |
| aas | aas | uus | aas | uos | ağız | ağız | ئېغىز |

يۇقىرىدىكى مىساللاردىن باشقا يەنە، ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىسىدىكى ‎-ğ- / -g-‎ تاۋۇشى ساقلىنىدىغان مىساللارمۇ مەۋجۇت: ئورتاق تۈركچىدىكى akar ۋە تۈركىيە تۈركچىسىدىكى ağar (ئاقار-) سۆزىنى ياقۇتچىدا تاپالمايمىز. mañhay كەلىمىسى بىلەن قالماق تىلىدىكى (kalmukça) - mañhā سۆزىنى سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. قاراڭ: 57 Kaluzynski.

| Fuyü | Hak | Suyg | Tuv | Yak | ET | TT | Uy |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| agar- | agar- | akar- | agar- | ≠ mañhay- | akar- < AT *akar- | ağarmak | ئاقارماق |
| agaş ~ agış | agas | yıgaş | ıyaş | ≠ mas! | Igaç < ı+ gaç | odun | ئوتۇن، ياغاچ |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| agırı- | agır- | agır- | aarı- | ıarıy- | agrı- < agır+ı- | olmak hastalanmak, hasta | ئاغرىپ قالماق |
| agırın | agrin | ayar | ،≠ayaar oojum | ≠ orguuy- | akru+n, akur-u | yavaş, yavaşça | ئاستا، ئاستا ـ ئاستا |
| agrıh | agırıg | agrık | aarıg | ıarıı | agrıg < agrı-g | hastalık; Slt. Agırı-. | ئاغرىق، كېسەللىك؛ (سېلىشتۇرۇڭ: ئاغىر ـ) |

فۇيۈ قىرغىز تىلىدىكى agıırın بىلەن ياقۇتچىدىكى ïgary~argūy مەنىداش ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئەھۋالنى Kaluzynski ئۆز ماتېرىياللىرىدا موڭغۇل تىلى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ ۋە ئوردۇس موڭغۇلچىسىدىكى argUL، قالماقچىدىكى arGUL ۋە خالاچچىدىكى alGur بىلەن سېلىشتۇرىدۇ (133 ـ بەت). سەۋورتىيان( Sevortyan) ماقالىسىدە Kaluzynskiنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش بىلەن بىللە قوشۇمچە قىلىپ Pekarski دىكى يېزىق شەكىللىرىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەن، (apыгi/opriy:1 144) ؛ ياقۇتچە لۇغەتتىمۇ ئوخشاش ئۆرنەكلەر مەۋجۇت:«с мирон; онелдем итхо» opгууй (ياقۇتچە سۆزلۈك 276 ـ بەت).

فۇيۈ قىرغىز تىلىدىكى agıırın ۋە خاكاس تىلىدىكىağrin شەكىللىرىنى دەل قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى aqru بىلەن ، بولۇپمۇ ئورتا تۈركچىدىكى (بىرلىكتەلىك ھالى قوشۇمچىسى) aqrun< aqru+n بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. يۇقىرىدىكى مىساللار ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، فۇيۈ قىرغىز تىلى بىلەن مۇناسىۋىتى ئەڭ يىراق بولغان تىل ياقۇت تىلى، ئەڭ يېقىن تىل بولسا خاكاس تىلى ۋە سېرىق ئۇيغۇر تىلىدۇر؛ aal «يېزا»، agıırın «ئاستا» سۆزلىرىگە ئاساسلانغاندا خاكاسچە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سېرىق ئۇيغۇرچىغا قارىغاندا تېخىمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ھەر ئىككى تىلدا يەنى فۇيۈ قىرغىز تىلى بىلەن خاكاسچىدا ئوخشاشلاaal شەكلى بار بولۇپ، سېرىق ئۇيغۇرچىدا بولسا ağıl شەكلى مەۋجۇتتۇر. بۇنىڭدىن سىرت يەنەagıırın «ئاستا» سۆزىمۇ پەقەت بۇ ئىككى تىلدىلا بار.

## 2. سۆز بايلىقى جەھەتتىن ئورتاق تۈركچە بىلەن ئوخشاشلىقى

| Fuyü | Hak | SUyg | Tuv | Yak | TT | yU |
|---|---|---|---|---|---|---|
| agar- | agar- | akar- | agar-; | ≠ mañhay- | ağarmak | ئاقارماق، ئاقار ـ |
| agrıh | agırıg | agrık | aarıg | ıarıı | hastalık | ئاغرىق |
| agırı- | agır- | agır- | aarı- | ıarıy- | hastalanmak, hasta olmak | ئاغرىماق، ئاغرى ـ |
| altın | altın | altın | aldın | ≠ kıhıl kömüs | altın | ئالتۇن |
| am | am | = amgo | am; | ≠ biligin anı | şimdi, rahat | ھازىر ، راھەت |
| añ | añ | añ | añ | ≠ kıl | yabanî hayvan | ياۋايى ھايۋان |
| apşıh | =apsah (Koy. apçak) | -? | = aşak | kırcağas oğon°or | yaşlı, yaşlı kişi | قېرى، ياشانغان كىشى |
| ara | aar | ≠ zona | arı | ıñıra | arı | ھەرە |
| aş | as | *as (asta-) | aş (a'ş-çem) | as | yiyecek, aş, yemek | ئاش، يېمەكلىك |
| ayıh~ ayah | ayah | ayak | ayak | ayah | kadeh, bardak | قەدەھ |
| burun | purun | pırın | burun, murun | murun | önce, evvel ;burun(Yak.) | بۇرۇن، ئاۋۋال ؛ بۇرۇن (بەش ئەزا، Yak.) |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| dart- | tart- | tart- | tırt- | tart- | çekmek | تارتماق، تارت ـ |
| digir ~ diñir | tigír | teñir | deer | tañara | gök, gökyüzü | كۆك، ئاسمان |
| dimir~ dümür | timír | temir | demir | timir | demir | تۆمۈر |
| r:ıgad | ashart | tıskarı | daşkaar | = tahırca | :dışarı | سىرت، تاشقىرى ، |
| şıh- | (ayrıca sıh-) | | | | çıkmak | تالا؛ چىقماق، چىق ـ |
| Goy | hoy | koy | hoy | ≠ baaran | koyun | قوي |
| güşcoh | küçi çoh | krş.kuş, gu$^{h}$ş | küş çok | küühe suoh | güçsüz | كۈچسىز |
| im | imi | *em (emçi) | em | emp | ilaç, hap | دورا، ئەم |
| imçi | imci | emçi | emçi | krş. emçit | doktor | دوختۇر، تېۋىپ ، ئەمچى |
| sıgır | sohır | sokur, sugur, sıgır | sogur; | ≠ haraga suoh ogon°or | benekli, :örk (Hak.)alaca | ئەما، قارىغۇ ؛ ئالا-بۇلا، رەڭگارەڭ(.Hak) |

فۇيۇ قىرغىز تىلىدىكى ara نىڭ ئورنىدا سېرىق ئۇيغۇرچىدا zona سۆزى بار. سېرىق ئۇيغۇرچىغا قوشنا تىللارغا قارايدىغان بولساق، (قارا يوغۇرلارنىڭ تىلىدا) موڭغۇلچىدا öcgey، خالخا موڭغۇلچىسىدا zyigö شەكىللىرىنى كۆرىمىز، (قاراڭ: L 1074). فۇيۇ قىرغىز تىلىدىكى yaıh~ ayah غا نىسبەتەن ياقۇتچىدا بۇگۇنçskiaa ( < رۇسچە) ئومۇملاشقان بولسىمۇ SRYak دە aÿaḫ ئۆرنىكىمۇ بار:

«й»носовый айахист.сатый больой кусокдлыа кумыса(33b)

فۇيۇ قىرغىز تىلىدىكى cohşüg نىڭ كۆكى بولغان şüg*(كۈچ، قۇۋۋەت) ئۈچۈن سېرىق، guhş قاتارلىقلار بار. خاكاسچە kuşeġ ،kuş(175b) ئۇيغۇرچىدا dekepġ ،pek(69b) ،(157b) ۋە ياقۇتچىدىكى مۇناسىۋەتلىك مىساللار بولسا 3-شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. فۇيۇ قىرغىز تىلىدىكى im ئۈچۈن ياقۇتچىدا (540b) emçit ۋە çarv (< رۇسچە) سۆزلىرى بار. ياقۇتچە meçit «تېۋىپ، دوختۇر» سۆزىدىكى çit +«+چىت» قوشۇمچىسى باشقا تۈرك تىللىرىدىكى çI +(+چى) قوشۇمچىسىدىن پەرقلەندۈرۈلۈشى كېرەك. بۇ ھەقتە بۇ ماتېرىيالغا قاراڭ:

*PhTF* I, Poppe s. 680: *+sıt/+hıt*, *Grammatika sovremennogo yakutskogo literaturnogo yazıka*, Moskva 1982, s. 111-112, § 155; Krueger s. 116-117; (موڭغۇلچە)] بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

فۇيۇ قىرغىز تىلى كۆك تۈركچە سۆزلەر نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىنغىنىدا، بۇ تىلنىڭ خاكاسچە، سېرىق ئۇيغۇرچە ۋە تۇۋاچىلار بىلەن مەنبەداش تىل ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. apşıh, ayıh ,sıgır, agar-, am, añ ~ ayah, Goy, imçi كەلىمىلىرىنىڭ بۇ تىلدا يوقلۇقى ۋە بۇلارنىڭ ئورنىدا باشقا سۆزلەرنىڭ، بولۇپمۇ چەت ئەل تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشى جەھەتتىن ياقۇتچە بىلەن پەرقلىنىدۇ. قەدىمكى تۈرك تىلى (ET) سۆز ئىچى ۋە سۆز ئاخىرىدىكى d (د) تاۋۇشىنىڭ z (ز) غا ئۆزگىرىشى:

| Fuyü | Hak | SUyg | Tuv | Yak | TT | Uy |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ahsır at | ahsır | azgır | = askır | atır | tay | تاي |
| azıh | azah | azak | adak | atah | ayak, pençe | ئاياغ، پۇت، پەنجە(.Hak) |
| bos | pos | <u>poz</u> | bot | ≠ *beye | vücut | بەدەن، ۋۇجۇت |
| Guzruh | huzuruh | kuzruk | kuduruk | kuturuk | kuyruk | قۇيرۇق |
| uzı- | uzu- | uzu- | udu- | utuy- | uyumak | ئۇخلىماق، ئۇخلا- |
| Gizin- | kizín- | kezin- | kettin- | ketilin | giyinmek | كىيىنمەك، كىيىن- |
| güzi | kizö | küzegi, küzegü | küdee | kütüö | güvey | كۈيئوغۇل |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| yıstıh, yıslıh | çıstıg | ġa≠ u$^{h}$G | çıdıg | sıttaah | koku, kokma, çürük, bozuk, kokulu | پۇراق، پۇراش؛ چۇرۇك، بۇزۇق(.Tuv)؛ پۇراقلىق(.Yak) |

تۇۋاچىدىكى ır» ask ئاياغ» سۆزى خاكاسچىدىن كەلگەن بولۇشى كېرەك. ياقۇت تىلىدا «بەدەن، ۋۇجۇت» مەنىسىدە كەلگەن beye سۆزى YakRS دە beyem شەكلىدە بولۇپ، بۇنىڭدىكى m+ نىڭ بىر قوشۇمچە ئىكەنلىكى ئېنىق. قىسقىچە، ـz- تىللىرى دەپ ئاتالغان تىللاردا «كىيىنمەك» مەنىسىدىكى سۆزلەرنىڭ قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى شەكلىدىن كەلگەن كەلىمىلەرنى كۆرمەلەيمىز. ياقۇتچە ۋە تۇۋاچە شەكىللىرى بولسا (ـli-in- ked>)-kedilin* پېئىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى كېرەك. فۇيۇ قىرغىز تىلىدىكى yıstıh، yılsıh ئۇچۇن سېرىق ئۇيغۇرچىدا قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى پۇرد- ـuhGalë ,.ـuhGa yıd «ھىد» ياكى باشقا بىر تۈرلەمە سۆز يوق بولۇپ، بۇنىڭ ئورنىدا «پۇراق، ھىد» سۆزلىرى بار. فۇيۇ قىرغىز تىلى، خاكاس uhGaġ ماق، ھىدلىماق پېئىللىرى ۋە تىلى ھەمدە ياقۇت تىللىرىدىكى شەكىللىرى بولسا قەدىمكى تۈركچىدىكى (yıd+lıġ>) yıdıġ بىلەن باغلىنىشلىق بولۇشى كېرەك. تۇۋا تىلىدىكى شەكلى بولسا بىر سۈپەت بولۇپلا قالماي يەنە قەدىمكى تۈركچىدىكى (yıd+ı-ġ>) yıdıġ بىلەن باغلىنىشلىق بولۇشى كېرەك. قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ـ d-، d- تاۋۇشىنىڭ فۇيۇ قىرغىز تىلىدا ـ z-، z- غا ئالمىشىشىدىن، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مىساللار ئارقىلىق سېرىق ئۇيغۇرچە بىلەن خاكاسچىنىڭ ئوخشاشلىقلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە:

| Fuyü | Hak | SUyg | Tuv | Yak | TT | Uy |
|---|---|---|---|---|---|---|
| amırla- | = amıra- | = amıra- | = amıra- | = amırah, amarah | ;inlenmekd k esevinm khoşlanma | دەم ئالماق، ئارام ئالماق؛ سۆيۈنمەك، ياقتۇرماق(.Tuv) |
| arah | araga | arakı | araga | arıgı | içki, votka | ھاراق، شاراب |
| arbın | arban | ≠ gö$^{h}$p, ge$^{h}$p | arbın | ≠ elbeh, ulahan, deley | ibüyük, ir ; çok | جىق؛ چوڭ، يوغان(.Hak) |
| dalay | talay | taley | dalay | ≠ muora (Rus.) | deniz = ET | دېڭىز |
| Galu | ≠ aat | galu | ≠ añgır | ø | yaban kazı | ياۋا غاز |
| giçin | ≠ aalcı | ø | ≠ aalçı | ≠ ıalcıt | misafir | مېھمان |
| Guduh* | hutuh | iñb≠ ciñ / | kuduk | ≠ holuocas | Kuyu | قۇدۇق |
| mürün | ≠ sug | ügüs | ≠ hem | ≠ örüs | Irmak | دەريا |
| nom | ≠ kniga | nom, lom | nom | ≠ kinige | kutsal yazı | نوم |
| ös- | ös- | -, örle-e≠ bėz | ös- | ≠ ulaat, üün, sit | büyümek, yetişmek | ئۆسمەك |

ياقۇتچىدا «دەم ئالماق، ئارام ئالماق» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئەسلىدە ـ sınańn پېئىلى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن سۆز يىلتىزى فۇيۇ قىرغىز تىلىدىكى ـ amırla بىلەن بىر بولغان amırah ، mamarah «ياردەمپەرۋەر، ئاقكۆڭۈل» كەلىمىسى بىلەن ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلىدۇ. خاكاسچە، سېرىق ئۇيغۇرچە ۋە تۇۋاچىدىكى شەكىللىرىمۇ يەنە فۇيۇ قىرغىز تىلىدىكى ـ amırla بىلەن يىلتىزداش سۆزلەر بار بولۇپ، ئۇلار پەرقلىق قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئوخشىمىغان مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ؛ فۇيۇ قىرغىزچىسىدىكى ـ amıral سۆزىنى قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ـ amur+la* بىلەن ئوخشاش چۈشىنىشكە بولىدۇ (قاراڭ ـ amra . DE )، بۇنىڭدىن باشقىلىرىنى بىۋاسىتە قەدىمكى تۈركچىدىكى ـ arma (ـ ruma+la*، بۇنىمۇ mra. DE بىلەن سېلىشتۇرۇڭ) بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. فۇيۇ قىرغىزچىسىدىكى giçin «مېھمان» كەلىمىسىنى موڭغۇلچىدىكى ei gçin (L373b) ۋە خالخا تىلىدىكى giy çin(Vietze76b) سۆزلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. * قەدىمكى تۈركچىدىكى ġ» quduقۇدۇق» سۆزىدىكى ـd- (ـد-) تاۋۇشىنىڭ فۇيۇ قىرغىزچىسى ۋە خاكاسچىلاردا ـz- (ـز-) تاۋۇشىغا ئۆزگەرمەيدىغانلىقىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ سۆز خاكاسچە ۋە فۇيۇ قىرغىزچىسىغا سىرتتىن كىرگەن سۆزدۇر. تۇۋاچە kuduk سۆزىگە كەلسەك، ئاساسەن قەدىمكى تۈركچىدىكى ġ- (ـغ) = تۇۋاچىدىكى g-(ـگ)

بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، يەنى قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى سۆز ئاخىرىدا كېلىدىغان ġ(غ) تاۋۇشى تۇۋاچىدا ھەر دائىم قانۇنىيەتلىك ھالدا ساقلىنىپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن (بىر ئىككى مىسال مۇستەسنا) بۇ سۆزنىڭ تۇۋا تىلىغىمۇ سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆز ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. jing سۆزىدىن ⁝ئاسىرىق ئۇيغۇرچىدىكى icŋ/ʤiŋ (جىڭ/ژىڭ) كەلىمىسى بولسا خەنزۇچىدىن كەلگەن. فۇيۇ قىرغىزچىسىدىكى nom (<سوغدى تىلى«مۇقەدددەس كىتاب») كەلىمىسى خاكاسچە ۋە ياقۇتچىدا يوقتۇر. خاكاسچىدا «كىتاب» ئۈچۈن kniga (<رۇسچە)، «مۇقەددەس» ئۈچۈن ızıh ۋەsvyatoy (<رۇسچە)كەلىملىرىنى؛ ياقۇتچىدا بولسا «مۇقەددەس» ئۈچۈن sibetiey (<رۇسچە) ۋە ıtık كەلىملىرى بار.

فۇيۇ قىرغىزچىسىدىكى ـös «ئۆسـ» (<موڭغۇلچە «ئۆسـ»، L 645a) سۆزى ئۈچۈن سېرىق ئۇيغۇرچە ۋە ياقۇتچىدا باشقا سۆزلەر قوللىنىلىدۇ: سېرىق ئۇيغۇرچىدا ـbėez (< ـü b.bed ED 299ET)، ياقۇتچىدا ـüün (<ـün، M.stachowski، 1933b: §22.3، s.91).

فۇيۇ قىرغىزچىسىدىكى چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتلار يەنىلا بۇ تىلنىڭ ياقۇت تىلى بىلەن ئەڭ ئاز ئوخشاشلىقى بارلىقىنى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان باشقا تىللار بىلەن بولسا بەلگىلىك دەرىجىدە ئوخشاشلىقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. پەقەت ürün» mدەريا» كەلىمىسى بىلەن بۇ تىللار دىن پەرقلىق تۇرىدۇ ۋە يەنە aGlu «ياۋا غاز» سۆزى ئارقىلىق يالغۇز سېرىق ئۇيغۇرچە بىلەنلا ئوخشاشلىق ھاسىل قىلىدۇ. تەتقىقاتىمغا ئاساسلانغاندا، giçin «مېھمان» سۆزى پەقەت فۇيۇ قىرغىزچىسىدىلا مەۋجۇتتۇر. نېمىشقا سېرىق ئۇيغۇرچىغا ئەمەس خاكاسچىغا (فونېتىكا جەھەتتىن) يېقىن؟

| Fuyü | Hak | SUyg | Tuv | Yak | TT | Uy |
|---|---|---|---|---|---|---|
| naa | naa | yañu | çaa, çaña | saña | yeni, taze; az önce | يېڭى، تازا؛ بايا، بىر ئاز ئاۋۋال |
| naah | naah | yag- | çaak | sıñaah | çene | ئېڭەك |
| namır | nañmır | yagmır | = ça's | samıır | yağmur | يامغۇر |
| nan- | nan- | yan- | çan- | ≠ ergiy- | dönmek, geri gelmek | يانماق، قايتماق،يېنىپ كەلمەك |
| nandır- | nandır- | yandır- | çandır- | ≠tönnör | döndürmek, geri çevirmek | قايتۇرماق، ئارقىغا ياندۇرماق |
| emcek | imcek | = emıg | = emig | =emiiy | göğüs | ئەمچەك، كۆكرەك |
| cürüh | çürek | yürek | çürek | süreh | yürek | يۈرەك |

مىسالنى tönnör بىلەن بىر قاتاردا تۇرغان ياقۇتچىدىكى nandır فۇيۇ قىرغىزچىسىدىكى قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى tñöder بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. بۇ مىساللار فۇيۇ قىرغىز تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان تىللار ئىچىدە، بۇ تىلنىڭ ياقۇت تىلىدىن، باشقا تىللار بىلەن فونېتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتتىن ئوخشاشلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مىساللاردىكىدەك، قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ـy(ي) تاۋۇشى، تەركىبىدە بىر دىماغ تاۋۇشى ياكى كېكىرتەك تاۋۇشى بولغان سۆزلەردە ــ قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى yaıñ «يېڭى» ، yañaq «ياڭاق، مەڭىز» ، yaġmır «يامغۇر» ، yan» ـ» يانـ، يانماق، قايتماق» ...لارغا ئوخشاش ــ پەقەتلا فۇيۇ قىرغىز تىلى ۋە خاكاس تىللىرىدا ـn(نـ) گە نۆۋەتلەشمەكتە. بۇنىڭدىن سىرت « emcek ئەمچەك، كۆكرەك» سۆزى پەقەت بۇ ئىككى تىلدىلا ئورتاقتۇر ۋە شۇنداقلا قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى «يۈرەك» سۆزىدە باشتا كەلگەن «ي» تاۋۇشى سېرىق ئۇيغۇرچىدا ئۆز پېتى كېلىدۇ، فۇيۇ قىرغىز تىلى ۋە خاكاس تىللىرىدا بولسا «چ/ج» غا ئۆزگىرىدۇ، نېمە ئۈچۈن خاكاسچىغا ئەمەس، بەلكى سېرىق ئۇيغۇرچىغا يېقىن؟

| Fuyü | Hak | SUyg | Tuv | Yak | TT | Uy |
|---|---|---|---|---|---|---|
| sıgır | sohır | sokur,sugur,sıgır | sogur | ≠ haraga suoh ogonn´or | kör | قارىغۇ، ئەما |
| içik,biçik,ürgü,Gicib | kniga | pıçig | bijik | kinige | öğrenci ;itapk | كىتاب؛ ئوقۇغۇچى |
| bicin | ≠ ilíg | peson pison, | bejen | bies uon | elli | ئەللىك |
| miçin | =obez'- | piçin | -≠sarbaş | =ebisiyeene,≠haya | maymun | مايمۇن |

| | | |
|---|---|---|
| yana | kın | içcite |

يۇقىرىدا بېرىلگەن مىساللارغا قارايدىغان بولساق، فۇيۇ قىرغىز تىلى خاكاس تىلىدىن يىراقلىشىدۇ ۋە سېرىق ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېقىنلىشىدۇ، لېكىن بۇ تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئەمەس بەلكى سۆز بايلىقى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت مۇھىتىغا ئاساسلىنىدۇ خالاس. فۇيۇ قىرغىز تىلىنىڭ سېرىق ئۇيغۇر ۋە خاكاس تىللىرىدىن پەرقلىنىدىغان نۇقتىلار:

| Fuyü | Hak | SUyg | Tuv | Yak | TT |
|---|---|---|---|---|---|
| ayt- | ayt- | ayt- | ayıt-كۆرسەتمەك، | ıyıt- | sormak konuşmak, anlatmak |
| سورماق | ئېيتماق | ئېيتماق | چۈشەندۈرمەك، ئۆگەتمەك | سورىماق | göstermek, açıklamak, öğretmek |

فۇيۇ قىرغىز تىلى تۈرك تىللىرى ئىچىدە كۆپ جەھەتتىن سېرىق ئۇيغۇرچىغا، بولۇپمۇ خاكاس تىلىغا يېقىن بولسىمۇ، بەزى نۇقتىلاردا بۇ تىللاردىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى «ئايىت» (سورىماق) پېئىلىدا ھەر ئۈچ تىلدىن، خاكاسچە، سېرىق ئۇيغۇرچە ۋە تۇۋاچىدىن ئايرىلماقتا ۋە ھەم فونېتىكا ھەمدە مەنا جەھەتتىن ئەڭ قەدىمكى ھالىتىنى ساقلاپ قالماقتا، جۈملىدىن «ئايت ـ» (<ئايىت ـ) پېئىلىنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەنىسىنى، يەنى «سورىماق» مەنىسىنى ساقلاپ قېلىپ ياقۇت تىلى بىلەن ماسلاشماقتا ۋە قەدىمىي بىر خۇسۇسىيەتنى نامايان قىلماقتا.

## 3. لۇغەت

ET agıl =aal يېزا
aar ئېغىر = ET agır
aas ئېغىز = ET agız
agar- ئاقارماق = TT agar-
agaş ~ agış ئوتۇن، ياغاچ = ET ıgaç
agırı- ئاغرىماق، كېسەل بولماق =ET agrı-
agırın ئاستا= ET akru, OT akrun (<akru+n birliktelik durumu eki)
agrıh ئاغرىق، كېسەل = ET agrıg < agrı-g
ah ئاق = ET ak
ahsır at تاي = ET adgır ve at
akı ئاكا = Mo. aka
al- ئالماق، سېتىۋالماق = ET al-
aldıh كەڭ، ئوچۇق = krş. ET alkıg < alk-ıg
altın ئالتۇن = ET altun
am ئەمدى، ھازىر =Slt. ET amtı
amırla- ئارام ئالماق، دەم ئالماق =Slt. ET amra- سۆيمەك، ئامراق بولماق
añ ياۋايى ھايۋان، ئاڭ =Slt. Mo. añ
añtar- تەتۈرگە ئۆرىمەك، ئىچىنى سىرتىغا ئۆرىمەك = krş. ET agtar-
apşıh قېرى، ياشانغان =Slt. ET avıçga
aptır گەۋدە، بەدەن، ساندۇق = Mo. abdara
ara ھەرە = ET arı
arah ھاراق = Mo. << Arapça عرقى ªaraki
arbın جىق = Mo. arbin
arı ئاۋۇ تەرەپ، باشقا تەرەپ = Slt. ET añaru, ıñaru
arıslıñ ئارسلان = ET arslan
artıh ئارتۇق = ET artuk
as ئاز = ET az
aş ئاش = ET aş
at ئات = ET at
at ئات، ئىسىم = ET at
ay ئاي، قەمەر = ET ay
ayıh ~ ayah قەدەھ = ET ayak
ayt- سورىماق = ET ayıt-
azıh ئاياغ، پۇت = ET adak
balgaş پاتقاق، لاي = OT balçık
bıltır بۇلتۇر = OT bıldır
bıs bhGhz = ET bèz
bicin ئەللىك = ET bèş + on
biçik كىتاب = Mo. biçig < ET bitig
bos بوي، ۋۇجۇد = ET bod
bug بۇغا =Slt. ET buka "boğa"
buluñ بۇلۇڭ = ET buluñ
burun بۇرۇن = ET burun

burun بۇرۇن، ئىلگىرى = ET *burun*
caan پىل = OT *yañan, yagan*
cap-ياپماق = ET *yap-*
cay ياز = ET *yay*
ce- يېمەك = ET *yè-*
cürüh يۈرەك = ET *yürek*
dalay دېڭىز = Mo. *dalay* = ET *taluy*
dart- تارتماق = ET *tart-*
dayı تاغا =Slt. ET *tagay*, TT *dayı*
dıgar تاشقىرى، تالا (ayrıca krş. şıh- "çıkmak") = ET *taşgaru*
digir ~ diñir كۆك، ئاسمان = ET *teñri*
dimir ~ dümür تۆمۈر = ET *temir*
emcek ئەمچەك = krş. ET *emig* (< *em-ig*)
Galu ياۋا غاز = Slt. SUyg. *galu*
giis كىگىز = ET *kidiz*
Gizin- كىيىنمەك = ET *kedin-*
Goy قوي = ET *koy*
Guduh قۇدۇق = ET *kudug*
Guzruh قۇيرۇق = ET *kudruk*
güşcoh كۈچسىز، كۈچ يوق = ET *küç* + *yok*
güzi ئۆگەي = ET *küdegü*
ib ئۆي = ET *eb*

im ئەم، دورا = ET *em*
imçi ئەمچى، تېۋىپ = ET *emçi*
miçin مايمۇن = ET *bèçin*
mürün دەريا = Mo. *mören*
naa يېڭى، تازا؛ بايا، بىرئاز ئاۋۋال = ET *yañı*
naah ئېڭەك = OT *yañak*
namır يامغۇر = ET *yagmur*
nan- قايتماق، يېنىپ كەلمەك = ET *yan-*
nandır- قايتۇرماق، كەينىگە ياندۇرماق = OT *yantur-*
nom نوم = Mo. *nom*, ET *nom* < Soġd. *nwm* < Yun.
nomurtga تۇخۇم = OT *yumurtga*
oñ ئوڭ، ئوڭ تەرەپ = ET *oñ*
ös- ئۆسمەك = Mo. *ös-*
öş- (ئوت)ئۆچمەك = ET *öç-*
san سان، مىقتار؛ نومۇر = ET *san* (< *sa-* "saymak")
sıgır قارىغۇ، ئەما = OT *soʃur ~ suʃur*
sıın كېيىك = ET *sıgun*
sööh سۆڭەك = ET *süñük*
suh سۇ = ET *sub*
uluh ئۇلۇغ = ET *ulug*
uyıttır- نومۇس قىلماق، ئۇيالماق = ( پەقەت ET *uyad-* !)
uzı- ئۇخلىماق = ET *udı-*

## 1) تۈركچە-ئۇيغۇرچە- فۇيۈ قىرغىزچە

TT ad =yU ئات، ئىسىم = Fuyü *at*
TT ağabey = Uy ئاكا = Fuyü *akı*
TT ağarmak = Uy ئاقارماق = Fuyü *agar-*
TT ağır =Uy ئېغىر = Fuyü *aar*
TT ağız = Uy ئېغىز = Fuyü *aas*
TT ak = Uy ئاق = Fuyü *ah*
TT almak =Uy ئالماق = Fuyü *al-*
TT altın = Uy ئالتۇن = Fuyü *altın*
TT arı = Uy ھەرە = Fuyü *ara*
TT arslan =Uy ئارسلان = Fuyü *arıslıñ*
TT at = Uy ئات = Fuyü *at*
TT ay =Uy ئاي = Fuyü *ay*
TT ayak = Uy ئاياغ، پۇت = Fuyü *azıh*
TT az = Uy ئاز = Fuyü *as*
TT az önce = Uy بايا، بىرئاز ئاۋۋال = Fuyü *naa*
TT beden = Uy بەدەن = Fuyü *aptır*
TT beyaz = Uy ئاق = Fuyü *ah*
TT bildir = Uy بۇلتۇر = Fuyü *bıltır*
TT biraz = Uy ئاز = Fuyü *as*
TT biz (şiş) = Uy بىز = Fuyü *bıs*
TT bucak = Uy بۇلۇڭ = Fuyü *buluñ*
TT burun = Uy بۇرۇن = Fuyü *burun*
TT büyük = Uy ئۇلۇغ = Fuyü *uluh*
TT büyümek = Uy ئۆسمەك = Fuyü *ös-*
TT çamur = Uy پاتقاق، لاي = Fuyü *balgaş*
TT çekmek = Uy تارتماق = Fuyü *dart-*
TT çene = Uy ئېڭەك = Fuyü *naah*
TT çevirmek (içini dışına) = Uy ئۆرىمەك = Fuyü *añtar-*
TT çok = Uy جىق = Fuyü *arbın*
TT çok = Uy ئارتۇق = Fuyü *artıh*
TT dayı = Uy تاغا = Fuyü *dayı*
TT demir = Uy تۆمۈر = Fuyü *dimir ~ dümür*
TT deniz = Uy دېڭىز = Fuyü *dalay*
TT dışarı = Uy تاشقىرى، تالا = Fuyü *dıgar*
TT dinlenmek = Uy ئارام ئالماق، دەم ئالماق = Fuyü *amırla-*
TT doktor = Uy ئەمچى، تېۋىپ = Fuyü *imçi*
TT döndürmek = Uyقايتۇرماق، ياندۇرماق = Fuyü *nandır-*
TT dönmek = Uy قايتماق، يانماق = Fuyü *nan-*

TT elli = Uy ئەللىك = Fuyü *bicin*
TT ev = Uy ئۆي = Fuyü *ib*
TT fil = Uy پىل = Fuyü *caan*
TT geçen yıl = Uy بۇلتۇر = Fuyü *bıltır*
TT geniş = Uy كەڭ، ئوچۇق = Fuyü *aldıh* = Fuyü açık
TT geri çevirmek = Uy (كەينىگە)ياندۇرماق = Fuyü *nandır-*
TT geri gelmek = Uy كەينىگە يانماق= Fuyü *nan-*
TT geyik = Uy بۇغا = Fuyü *bug*
TT geyik = Uy كېيىك = Fuyü *sıın*
TT giyinmek = Uy كىيىنمەك = Fuyü *Gizin-*
TT göğüs = Uy ئەمچەك، كۆكۈس = Fuyü *emcek*
TT gök = Uy كۆك، ئاسمان = Fuyü *digir ~ diñir*
TT gövde = Uy گەۋدە = Fuyü *aptır*
TT güçsüz = Uy كۈچسىز، كۈچ يوق = Fuyü *güşcoh*
TT güvey = Uy كۈيئوغۇل = Fuyü *güzi*
TT hastalanmak = Uy ئاغرىپ قالماق = Fuyü *agırı-*
TT hastalık = Uy ئاغرىق، كېسەللىك = Fuyü *agrıh*
TT ırmak = Uy دەريا = Fuyü *mürün*
TT içki = Uy هاراق = Fuyü *arah*
TT ilaç = Uy ئەم، دورا = Fuyü *im*
TT isim = Uy ئات، ئىسىم = Fuyü *at*
TT kadeh = Uy قەدەھ = Fuyü *ayıh ~ ayah*
TT kamer = Uy ئاي، قەمەر = Fuyü *ay*
TT kapatmak = Uy ياپماق، تاقىماق = Fuyü *cap-*
TT karaca = Uy بۇغا = Fuyü *bug*
TT karaca = Uy كېيىك = Fuyü *sıın*
TT keçe = Uy كىگىز = Fuyü *giis*
TT kemik = Uy سۆڭەك = Fuyü *sööh*
TT kitap = Uy كىتاب = Fuyü *biçik*
TT koyun = Uy قوي = Fuyü *Goy*
TT kör = Uy قارىغۇ، ئەما = Fuyü *sıgır*
TT köşe = Uy بۇلۇڭ = Fuyü *buluñ*
TT köy = Uy يېزا = Fuyü *aal*
TT kutsal yazı = Uy نوم = Fuyü *nom*
TT kuyruk = Uy قۇيرۇق = Fuyü *Guzruh*
TT kuyu = Uy قۇدۇق = Fuyü *Guduh*

TT maymun = Uy مايمۇن = Fuyü *miçin*
TT miktar = Uy سان، مىقتار = Fuyü *san*
TT numara = Uy سان، نومۇر = Fuyü *san*
TT odun = Uy ئوتۇن = Fuyü *agaş ~ agış*
TT önce = Uy بۇرۇن، ئىلگىرى = Fuyü *burun*
TT öte taraf = Uy ئاۋۇ تەرەپ = Fuyü *arı*
TT örtmek = Uy ياپماق = Fuyü *cap-*
TT sağ = Uy ئوڭ = Fuyü *oñ*
TT sağ taraf = Uy ئوڭ تەرەپ = Fuyü *oñ*
TT sandık = Uy ساندۇق = Fuyü *aptır*
TT satın almak = Uy ئالماق، سېتىۋالماق = Fuyü *al-*
TT sayı = Uy سان = Fuyü *san*
TT sormak = Uy سورىماق = Fuyü *ayt-*
TT sönmek (ateş) = Uy (ئوت) ئۆچمەك = Fuyü *öş-*
TT su = Uy سۇ = Fuyü *suh*
TT şimdi = Uy ئەمدى، هازىر = Fuyü *am*
TT şiş = Uy بىگىز = Fuyü *bıs*
TT tay = Uy تاي = Fuyü *ahsır at*
TT taze = Uy يېڭى، تازا = Fuyü *naa*
TT utandırmak= نومۇس قىلدۇرماق، ئۇيات هېس = Uy قىلدۇرماق Fuyü *uyıttır-*
TT uyumak = Uy ئۇخلىماق = Fuyü *uzı-*
TT votka = Uy هاراق = Fuyü *arah*
TT vücut = Uy بوي، ۋۇجۇد = Fuyü *bos*
TT yaban kazı = Uy ياۋا غاز = Fuyü *Galu*
TT yabanî hayvan = Uy ياۋايى هايۋان، ئاڭ = Fuyü *añ*
TT yağmur = Uy يامغۇر = Fuyü *namır*
TT yaşlı = Uy قېرى، ياشانغان = Fuyü *apşıh*
TT yavaş = Uy ئاستا، ئېغىر = Fuyü *agırın*
TT yaz = Uy ياز = Fuyü *cay*
TT ye- = Uy (يېمەك)-يە = Fuyü *ce-*
TT yeni = Uy يېڭى، تازا = Fuyü *naa*
TT yetişmek = Uy ئۆسمەك، يېتىشمەك = Fuyü *ös-*
TT yiyecek = Uy ئاش، يېمەكلىك = Fuyü *aş*
TT yumurta = Uy تۇخۇم = Fuyü *nomurtga*
TT yürek = Uy يۈرەك = Fuyü *cürüh*

## 2) سۆز يىلتىزلىرى

Arapça عرقى *ᵃaraki* = Fuyü *arah* هاراق
ET adak = Fuyü *azıh* ئاياغ، پۇت
ET adgır ve at = Fuyü *ahsır at* تاي
ET agıl = Fuyü *aal* يېزا
ET agır = Fuyü *aar* ئېغىر
ET agız = Fuyü *aas* ئېغىز

ET agrı- = Fuyü *agırı-* ئاغرى-، ئاغرىپ قالماق
ET agrıg < agrı-g = Fuyü *agrıh* ئاغرىق
ET agtar- = Fuyü *añtar-* ئۆرىمەك (ئىچىنى تېشىغا)
ET ak = Fuyü *ah* ئاق
ET akru = Fuyü *agırın* ئاستا، ئېغىر
ET al- = Fuyü *al-* ئال-

ET sub = Fuyü *suh* سۇ
ET süñük = Fuyü *sööh* سۆڭەك
ET tagay = Fuyü dayı تاغا
ET tart₋ = Fuyü *dart₋* تارتماق
ET taşgaru = Fuyü *dıgar* تاشقىرى، تالا (*şıh₋* چىق₋)
ET temir = Fuyü *dimir ~ dümür* تۆمۈر
ET teñri = Fuyü *digir ~ diñir* كۆك، ئاسمان
ET udı₋ = Fuyü *uzı₋* ئۇخلىماق
ET ulug = Fuyü *uluh* ئۇلۇغ
ET uyad₋ "utanmak" = Fuyü *uyıttır₋* ئۇيالماق، نومۇس قىلماق
ET yagmur = Fuyü *namır* يامغۇر
ET yan₋ = Fuyü *nan₋* يانماق (كەينىگە)
ET yañı = Fuyü *naa* يېڭى، تازا؛ بىر ئاز ئىلگىرى، بايا، ھېلى
ET yap₋ = Fuyü *cap₋* ياپماق
ET yay = Fuyü *cay* ياز
ET yė₋ = Fuyü *χε–* يە₋
ET yürek = Fuyü *cürüh* يۈرەك
Mo. abdara = Fuyü *aptır* گەۋدە، بەدەن، ساندۇق
Mo. aka = Fuyü *akı* ئاكا
Mo. añ = Fuyü *añ* ياۋايى ھايۋان، ئاڭ
Mo. arah = Fuyü *arah* ھاراق
Mo. arbin = Fuyü *arbın* جىق
Mo. biçig = Fuyü *biçik* كىتاب
Mo. dalay = Fuyü *dalay* دېڭىز
Mo. mören = Fuyü *mürün* دەريا
Mo. nom = Fuyü *nom* نوم
Mo. ös₋ = Fuyü *ös₋* ئۆسمەك، يېتىشمەك
OT akrun = Fuyü *agırın* ئاستا، ئېغىر
OT balçık = Fuyü *balgaş* پاتقاق، لاي
OT bıldır = Fuyü *bıltır* بۇلتۇر
OT soʃur ~ suʃur = Fuyü *sıgır* قارىغۇ، ئەما
OT yantur₋ = Fuyü *nandır₋* كەينىگە ياندۇرماق
OT yañak = Fuyü *naah* ئېڭەك
OT yañan, yagan = Fuyü *caan* پىل
OT yumurtga = Fuyü *nomurtga* تۇخۇم
Soğdca nwm = Fuyü *nom* نوم
SUyg. galu = Fuyü *Galu* ياۋا غاز
TT agar₋ = Fuyü *agar₋* ئاقارماق
TT dayı = Fuyü *dayı* تاغا
Yun. νομος = Fuyü *nom* نوم

ET alkıg < alk₋ıg = Slt. Fuyü *aldıh* كەڭ، ئوچۇق
ET altun = Fuyü *altın* ئالتۇن
ET amra₋ = krş. Fuyü *amırla₋* دەم ئالماق، ئارام ئالماق
ET amtı = Fuyü *am* ئەمدى، ھازىر
ET añaru, ıñaru = krş. Fuyü *arı* ئاۋۇ تەرەپ
ET arı = Fuyü *ara* ھەرە
ET arslan = Fuyü *arıslıñ* ئارسلان
ET artuk = Fuyü *artıh* جىق، ئارتۇق
ET aş = Fuyü *aş* ئاش، يېمەكلىك
ET at = Fuyü *at* ئات
ET at = Fuyü *at* ئات، ئىسىم
ET avıçga = Fuyü *apşıh* قېرى، ياشانغان
ET ay = Fuyü *ay* ئاي، قەمەر
ET ayak = Fuyü *ayıh ~ ayah* قەدەھ
ET ayıt₋ = Fuyü *ayt₋* سورىماق
ET az = Fuyü *as* ئاز
ET bėçin = Fuyü *miçin* مايمۇن
ET bėş + on = Fuyü *bicin* ئەللىك
ET bėz = Fuyü *bıs* بېگىز
ET bod = Fuyü *bos* بوي، ۋۇجۇد
ET buka = Fuyü *bug* بۇغا
ET buluñ = Fuyü *buluñ* بۇلۇڭ
ET burun = Fuyü *burun* بۇرۇن
ET burun = Fuyü *burun* بۇرۇن، ئىلگىرى
ET eb = Fuyü *ib* ئۆي
ET em = Fuyü *im* ئەم، دورا
ET emçi = Fuyü *imçi* ئەمچى، تېۋىپ
ET emig (< em₋ig) = Fuyü *emcek* ئەمچەك، كۆكۈس
ET ıgaç = Fuyü *agaş ~ agış* ئوتۇن
ET kedin₋ = Fuyü *Gizin₋* كىيىنمەك
ET kidiz = Fuyü *giis* كىگىز
ET koy = Fuyü *Goy* قوي
ET kudruk = Fuyü *Guzruh* قۇيرۇق
ET kudug = Fuyü *Guduh* قۇدۇق
ET küç + yok = Fuyü *güşcoh* كۈچسىز، كۈچ يوق
ET küdegü = Fuyü *güzi* كۈيئوغۇل
ET nom = Fuyü *nom* نوم
ET oñ = Fuyü *oñ* ئوڭ، ئوڭ تەرەپ
ET öç₋ = Fuyü *öş₋* ئۆچمەك (ئوت)
ET san = Fuyü *san* سان، مىقتار، نومۇر
ET sıgun = Fuyü *sıın* كېيىك

3) لاتىن ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان سۆزلەردە قوللىنىلغان بەزى ھەرپلەر

ئې ė    ئە e    ش ş    چ ç

ڭ ñ
ق q
ğ گ(تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن كەلگەندە) ، غ (تىل

**4) قىسقارتىلغان سۆزلەر**

a كىتابنىڭ بىر بېتىنىڭ بىرىنچى يېرىم يۈزى
b كىتابنىڭ بىر بېتىنىڭ ئىككىنچى يېرىم يۈزى
ED = Clauson, Sir Gerald: *An Etymological Dictionary of Pre_Thirteenth_Century Turkish*, Oxford 1972. («كلاۋزۇن» نىڭ لۇغىتى)
L = Lessing, Ferdinand D. et al.: *Mongolian_English Dictionary*, Berkely/Los Angeles 1960.(موڭغۇلچە لۇغەت)
S = بەت

غ ġ
ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن كەلگەندە)

Slt = سىلىشتۇرۇڭ
Soġd = سوغد تىلى
Vietze = VIETZE, Hans_Peter, unter Mitarbeit von Klaus Koppe, Gabriele Nagy und Tumenbajaryn Daschzeden, *Wörterbuch Mongolisch_Deutsch*, Leipzig 1988.
YakRS = ياقۇتچە ـ رۇسچە لۇغەت
Yun = يۇنانچە(گىرېكچە)

## پايدىلانمىلار


1. AFANAS'YEV, P. S. ve L. N. HARİTONOV, Russko_Yakutskiy slovar', Moskva 1968.
2. BASKAKOV, N. A., A. İ. İNKIJEKOVA_GREKUL, Hakassko_russkiy slovar', Moskva 1953.
3. CLAUSON Gerard, An Etymological Dictionary of Pre_Thirteenth_Century Turkish. Oxford 1972.
4. 胡振华:中国突厥语研究论文集 Comparative Dictionary of Turkic Languages in China. 1990 ÇANKOV, D. İ. Russko_hakasskiy slovar', Moskva 1961.
5. 胡振华: «黑龙江省富裕县的柯尔克孜族及其语言特点», 中央民族学院学报 1991: 253_263.
6. HU Zhen Hua (胡振华), Guy IMART, Fu_Yü Gïrgïs: A tentative description of the easternmost Turkic Language, Bloomington, Indiana 1987.
7. A Kirghiz Reader, UAS 154, Bloomington, Indiana 1989 (özellikle bak. Text XVII, 402_408).
8. JANHUNEN, Juha, "A Sino_Finnish Joint Expedition to the Minority Nationalities of Northern China", JSFOu 82, 1989: 277_279.
9. KA,U'YNSKI, S., Mongolische Elemente in der Jakutischen Sprachen. Warszawa 1962.
10. Iacutica. Prace jakutoznawcze, Warszawa 1995.
11. KRUEGER, J. R., Yakut Manual, Bloomington_The Hague 1962.
12. 雷选春/陈宗振: 西部裕固汉词典· 中国少数民族语言系列词典丛书 、中国社会科学院民族研究所主编·四川民族出版社、成都 1992.
13. LESSING, Ferdinand D. (yay.), Mongolian_English Dictionary, Berkeley / Los Angeles 1960 (31995).
14. MALOV, Sergey Yefimoviç, Yazık Jyoltıh Uygurov: slovar' i grammatika. Alma_Ata 1957.
15. MONGUŞ, D. A., Russko_tuvinskiy slovar', Moskva 1980.
16. NADELYAEV,V.M., D.M.NASİLOV, E.R.TENİŞEV, A.M.ŞÇERBAK,Drevnetyurkskiy Slovar'.Leningrad 1969.
17. ÖLMEZ, Mehmet, "Tuvalar ve Tuvaca", Çağdaş Türk Dili, sayı: 95, Ocak 1996: 10_17.
18. "Hakaslar ve Hakasça", Çağdaş Türk Dili, sayı: 96, Şubat 1996: 6_21.
19. "Sarı Uygurlar ve Sarı Uygurca", Çağdaş Türk Dili, sayı: 98, Nisan 1996: 31_37.
20. "Potanin's Yellow Uigur Material and its Importance Today", Language and Culture of Turkic Peoples, ed. M.
21. Stachowski, Studia Turcologica Cracoviensia 5, Kraków 1998: 149_182.
22. Tuvacanın Eskiliği Üzerine", Türk Dilleri Araştırmaları, 10 (2000): 133_138.
23. ÖLMEZ, Zuhal, "Yakutlar ve Yakutça", Çağdaş Türk Dili, Sayı 86, Nisan 1995: 29_37.
24. PAL'MBAH, A. A., Russko_tuvinskiy slovar', Moskva 1953.
25. Tuvinsko_russkiy slovar, Moskva 1955.

26. POPPE, Nikolaus, "Das Jakutische", Philologiae Turcicae Fundamenta, Tomus Primus, Wiesbaden1959: 671_684.

27. POTANİN, G. N., 1893: Tangutsko_tibetskaya okraina Kitaya i tsentral'naya Mongoliya, I, Sankt_Peterburg.

28. RÄSÄNEN, Martti, Versuch eines etymologischen Wörterbuchs der Türksprachen, Helsinki 1969; II Wortregister 1971 (haz. I. KECSKEMÉTI).

29. Zentralasien. Lieferung 1 a _ agrıg. Wiesbaden 1977; Lieferung 2 agrıglan_ _ anta. Wiesbaden 1979.

30. Lieferung 3 anta _ asanke. Wiesbaden 1981; Lieferung 4 asankelıg _ ayat_. Wiesbaden 1988; Lieferung 5 ayatıl_ ämgäklig. Wiesbaden 1994.

31.SCHÖNIG, Claus, "Bemerkungen zum Fu_yü_Kirgisischen", Bahşı Ögdisi. Festschrift für Klaus Röhrborn/Klaus Röhrborn Armağanı, yay. von J. P. LAUT, M. ÖLMEZ, Freiburg/İstanbul 1998: 317_340.

32. SEVORTYAN, E. V., Etimologiçeskiy slovar' tyurkskih yazıkov, Obşçetyurkskiye i mejtyurkskiye osnovı na glasnıye, Moskva 1974.

33. SLEPTSOV, P. A., Yakutsko_russkiy slovar', Moskva 1972.

34. STACHOWSKI, Marek, Dolganischer Wortschatz, Kraków 1993. [A]

35. Geschichte des Jakutischen Vokalismus, Uniwerzytet Jagiellonski, Kraków 1993. [B]

36.TANNAGAŞEVA, N. N. Kurpeşko, AKALIN, Şükrü Haluk, Şor Sözlüğü, Türkoloji Araştırmaları, Adana 1995.

37. TEKİN, Talat, Türk Dillerinde Birincil Uzun Ünlüler, TDAD 13, Ankara 1995.

38. TENİŞEV, E. R., "O yazıke kırgızov uyezda fuyuy (KNR)", Voprosı yazıkoznaniya, 1966, 1: 88_96.

39. Tuvinsko_russkiy slovar', Moskva 1968.

40. Stroy sarıg_yugurskogo yazıka, Moskva 1976.

41. "K voprosu o proishojdenii kirgizov i ih yazıka", Sovetskaya Tyurkologiya, 1989, 4: 3_17 (Türkçesi: 42. "Kırgızların ve Kırgızcanın Kökeni Sorunu Üzerine", çev. C. TURGUNBAYEV, Türk Lehçeleri ve Edebiyatı Dergisi, sayı 11, Şubat 1997: 56_71).

43. "Fuyuyskih kırgızov yazık", Tyurkskiye yazıki, Bişkek 1997: 455_459.

44. VIETZE, Hans_Peter, unter Mitarbeit von Klaus Koppe, Gabriele Nagy und Tumenbajaryn Daschzeden, Wörterbuch Mongolisch_Deutsch, Leipzig 1988.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2013)01-068-05

# قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى «ئىرق بىتىك» ئۈستىدە مورفولوگىيەلىك تەھلىل*

**ئابابەكرى ئابدۇرەشىد**

(مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ. 100081)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** «ئىرق بىتىك» قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن بىردىنبىر مۇكەممەل يازما بولۇپ، ئۇنىڭ مورفولوگىيەسىنى تەتقىق قىلىش ۋە چۈشىنىش قەدىمكى تۈرك تىلى، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئەتراپلىق ئىگىلەشتىكى ئۈچۈن مول ماتېرىيال مەنبەسى ۋە نەزەرىيە ئاساسى. بۇ ماقالىدە، «ئىرق بىتىك»تە كۆرۈلگەن قوشۇمچىلار ئاساسىدا، مەزكۇر ئەسەر تىلىنىڭ مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى، سۆزلەرنىڭ ياسىلىش ۋە تۈرلىنىش يوللىرى قاتارلىقلارنى بىرقەدەر تەپسىلىي تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۆزگىرىشلىرىنى بىر پۈتۈنلۈكتە تونۇپ چۈشىنىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى.

**摘要:** 《占卜书》是用古代突厥文记载的完整保存的唯一文献，研究分析其语言形态特点会为全面掌握古代突厥语、进一步深入研究古代维吾尔语提供丰富的资料之源和理论基础。本文以《占卜书》中所见的后缀为主，通过对其语言形态特点、其中常见的构词成分和构形成分进行较为全面的研究分析，为整体上掌握当时维吾尔语的后期演变情况而具备了条件。

**Abstract:** Irk Bitig (Book of Omens) is the only intact literature written in the Old Turkic, the analysis on morphological characteristics of its language provides a rich source of information and theoretical basis for further understanding of the Old Turkic, and further study of Old Uyghur. This paper based on the suffixes seen in Irk Bitig, by more comprehensive research and analysis on the morphological characteristics of its language, and on the different types of suffixes, it has made efforts for overall grasping on the evolution of Old Uyghur at the latter period of time.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I222　　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. تېمىغا كىرىش

«ئىرق بىتىك» (Irk Bitig)، تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «بىتىك» دەپ ئېلىنىدى) تۈرك-رۇنىك يېزىقىدا يېزىلىپ، ھازىرغىچە بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ كەلگەن بىردىنبىر كىتاب شەكلىدىكى قەدىمىي يازما بولۇپ، دۇنخۇاڭ ئەتراپىدىكى بۇددا مىڭئۆيىدىن تېپىلغان. ئۇ قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ «ñ» دىيالېكتىدا يېزىلغان[1]، ئەينى دەۋر تۈرك تىلىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم مەنبە بولۇش بىلەن بىرگە، شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئاڭ- ئىدېئولوگىيەسىنى نىسبەتەن ئەتراپلىق ۋە بەلگىلىك چوڭقۇرلۇقتا ئېچىپ بېرەلەيدىغان تۇنجى «چۈش تەبىرى» ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن تېكىست 65 تۈرلۈك چۈش ۋە ئۇنىڭ تەبىرى، تۈگەنچ، ئاخىرقى سۆز (colophon)دىن ئىبارەت 67 بۆلەكتىن تەركىبلەنگەن. «ئىرق بىتىك»نىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى ئېنىق بېكىتىش تەس بولسىمۇ، تەتقىقاتچىلاردىن جامېس خامىلتون (J.Hamilton)، لۇئىس بازىن (L.Bazin) قاتارلىقلار بۇ ئەسەرنىڭ 9- ئەسىرنىڭ 30-40- يىللىرىدا يېزىلغانلىقىنى

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 12- ئاينىڭ 6-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
**ئاپتور:** ئابابەكرى ئابدۇرەشىد (1981- يىلى 4- ئايدا تۇغۇلغان)، دوكتورانت، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئەسەرنىڭ «ئاخىرقى سۆز» قىسمىدىكى «يولۋاس يىلى 2- ئاينىڭ 15-كۈنى... ئاكىمىز ئىتاچۇك سانغۇن ئۈچۈن پۈتتۈردۈم» دېگەن بايانلارغا ئاساسەن، بازىن ئەسەرنىڭ 930-يىلى 17-مارت ياكى 942-يىلى 4-مارتلاردا كىتاب قىلىپ تۈپلەنگەنلىكىنى قىياس قىلىدۇ[2].

«بىتىك»نىڭ ھازىرغىچە ئىككى خىل نۇسخىسى تېپىلغان. بىرى، سىتەيىن دۇنخۇاڭدىن تاپقان نۇسخا؛ يەنە بىرى، لېكوك تۇرپان تويوقتىن تاپقان نۇسخا. بۇ ئەسەر ئۈستىدە ھازىرغا قەدەر كۆپلىگەن تۈركولوگلار تەتقىقات ئېلىپ بارغان. تۇنجى بولۇپ قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى يېشىپ ئوقۇغان دانىيەلىك تىلشۇناس ۋىلھېلىم تومسېن (W.Thomsen) بۇ بىتىكنى ترانسكرىپسىيە قىلىپ، ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان[3]. تۈركىيەلىك تۈركولوگلاردىن ھۈسەيىن نامىق ئۇرخۇن، تالات تېكىن[4] قاتارلىقلار بۇ ۋەسىقە ئۈستىدە ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مەخسۇس ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم خەنزۇ تەتقىقاتچىلار بۇ «بىتىك»تىكى سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشى، تەرجىمىسى، تىل ئالاھىدىلىكى، تارىخى قىممىتى قاتارلىق نۇقتىلار بويىچە خېلى كۆپ ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان[5]. ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلاردىن ئىبراھىم مۇتىئى، تۇرسۇن ئايۇپ، مۇھەممەدرېھىم سايىت قاتارلىقلار بۇ ئەسەر ئۈستىدە مۇھىم ئەمگەكلەرنى ئىشلىگەن، ترانسكرىپسىيە، يەشمە ۋە سۆزلۈك ئاساسىدا ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە سۇنغان[6].

گەرچە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا يۇقىرىقىدەك بىر قاتار تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، تەتقىقات ئاساسەن تېكستشۇناسلىق دائىرىسىدە بولغان، «بىتىك» تىلىنىڭ مورفولوگىيەسى ــ ئەسەردىكى سۆز تۈرلىرى، سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، تۈرلىنىشى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش بىر قەدەر كەم بولغان. بۇ ئەسەر قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن بىردىنبىر مۇكەممەل يازما بولغاچ، ئۇنىڭ مورفولوگىيەسىنى تەتقىق قىلىش ۋە چۈشىنىش قەدىمكى تۈرك تىلى، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئەتراپلىق ئىگىلىشىمىز ئۈچۈن مول ماتېرىيال مەنبەسى ۋە نەزەرىيە ئاساسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. تۆۋەندە «بىتىك» تىلىنىڭ مورفولوگىيەسى ئۈستىدە بىر قانچە نۇقتىلار بويىچە تەھلىل يۈرگۈزۈپ ئۆتىمىز.

## 2. «بىتىك» تىلىنىڭ مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى

«بىتىك»نىڭ يېزىلغان دەۋرى ( 930- 942-يىللار)گە ئاساسلانغاندا، ئۇ قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن يازمىلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ يازمىدا شۇ دەۋر يېزىق تىلىنىڭ مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى روشەن ئىپادىلىنىپلا قالماي، ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك تىلىنىڭ مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن. باشقىچە ئېيتقاندا، «بىتىك» گەرچە دەسلەپكى دەۋرلەردە يېزىققا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئىككى دەۋردىكى بەزى خاس مورفولوگىيەلىك شەكىللەرنى ئارىلاش قوللىنىش ئەھۋالى كۆپ كۆرۈلگەن.

دەسلەپكى ئىستاتىستىكىمىزغا ئاساسلانغاندا، «بىتىك» 67 بۆلەك، 809 قۇر[7]، 1288 سۆزدىن تەركىبلەنگەن بولۇپ، ئىسىم، سۈپەت، ئالماش، سان (تۇرغۇن سۆز)، شەخسلىك پېئىللار، ئىسىمداش، سۈپەتداش، رەۋىشداش (شەخسسىز پېئىللار)، رەۋىش، باغلىغۇچى، ئىركەلمە ۋە ھۆكۈم باغلىغۇچىسى قاتارلىق سۆز تۈركۈملىرى ئەسەر سۆزلۈكىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەسەر تىلىنى سېلىشتۇرما ئاساسىدا مورفولوگىيە نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرلۈك مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىك روشەن ئىپادىلىنىدۇ:

**1) ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسىدىكى ئالاھىدىلىكلەر**

(1) چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى ئۈچۈن دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن g (V)- قوشۇمچىسىنى قوللىنىش بىلەن بىرگە، كېيىنكى دەۋر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان n(X)– قوشۇمچىسىمۇ خېلى كۆپ قوللىنىلغان. مەسىلەن:

a. äki öküzüg bir bukursıka kölmiš kamšayu umatın turur ter.(25:1-6)

a. ئىككى ئۆكۈزنى بىر بۇقۇرسىغا قېتىپتۇ، (ئۇلار) مىدىرلىيالماي تۇرغىدەك، دەپتۇ.

b. oyma är oğlanın kišisin tutuğ urupan oš iç oyğalı barmıš. (29:1-7)

b. ئۇيمىچى ئەر ئوغلىنى ۋە ئايالىنى دوغا قويۇپ، (ماللارنىڭ) ئىچ-باغرىنى ئۇيغىلى (ئالغىلى) بېرىپتۇ.

(2) چىقىش كېلىش قۇشۇمچىسى ئۈچۈن كۆپ قىسىم ئەھۋالدا DAn- ئىشلىتىلگەندىن سىرت، بەزى ئەھۋالدا DA-بىلەنمۇ كەلگەن. يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، 3-شەخس تەۋەلىك قۇشۇمچىسىدىن كېيىن چىقىش كېلىش قۇشۇمچىسى قوشۇلغاندا بەزى ھاللاردا ئىككى قوشۇمچە ئارىسىغا بىر باغلامچى (Pronominal) n قوشۇلۇپ، nDAn- بولۇپ ئىپادىلەنگەن[8]. مەسىلەن:

a. äsri amga yalım kayaka ünüp barmıš ölümtä ozmıš . (49: 7-11)

a. ئالا ئۆچكە تىك قىياغا قاراپ مېڭىپ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

b. oğlı ögintä kaŋınta öbkäläpän täzipän barmıš. (58:1-4)

b. ئوغلى ئاتا-ئانىسىدىن رەنجىپ كېتىپ قاپتۇ.

(3) يۆنىلىش كېلىش قۇشۇمچىلىرىدىن GA- دىن باشقا، ئورخۇن-يېنسەي يازمىلىرىنىڭ تىلىدا بىر قەدەر كۆپ كۆرۈلىدىغان iŋärü-، gärü-، iŋä- قاتارلىقلارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

a. kul sabı bägiŋärü ötünür kuzğun sabı täŋrigärü yalbaru. (54:1-5)

a. قۇل بەگكە سۆزلەپ ئۆتۈنۈپتۇ، قۇزغۇن تەڭرىگە يالۋۇرۇپتۇ.

b. turña kuš tüšnäkiŋä konmıš tuymatın tuzakka ilinmiš uça umatın olurur.(61:1-7)

b. تورغاي قۇش قونداققا قونۇپتۇ، تۇيماستىن تۇزاققا چۈشۈپ ئۇچالماي تۇرۇپتۇ.

### 2) سانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى

(1) سانلارنى ئىپادىلەشتە ئاساسلىقى يۇقىرى خانە ساناش سىستېمىسى قوللىنىلغان بولۇپ، تۆۋەن خانە ساناش ئۇسۇلى ياكى artuqı سۆزى بىلەن ئىپادىلەيدىغان شەكىل ئۇچرىمايدۇ. مەسىلەن:

tokuzon boš koñ utmıš. (29: 11-13)

توقسان قوينى ئاسانلا ئۇتتۇۋاپتۇ.

(2) دەرىجە سانلارنى ئىپادىلەش جەھەتتە ئاساسەن ساناق سان ئاخىرىغا nç(X)– قوشۇمچىسى قوشۇلغان بولۇپ، 66- بۆلەكتە بۇنىڭغا ئوخشىمىغان ھالدا äki سۆزىنىڭ ئاخىرىغا nti- قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، äkinti«ئىككىنچى» دەپ ياسالغان. تېكستتە مۇنداق ئۇچرايدۇ:

barıs yıl äkinti ay beš yegirmikä taygüntan manıstantakı kiçig dintar buru guru äšidip içimiz isig saŋun itaçuk üçün bitidim. (66:1-10)

يولۋاس يىلى 2- ئاينىڭ 15-كۈنى تەيگۈنتەن بۇتخانىسىدىكى كىچىك دىندار بۇرۇئا گۇرۇدىن ئاڭلاپ، ئىسىك سانغۇن ئىتەچۇك ئۈچۈن پۈتتۇم.

## 3. رەۋىشداشلارنىڭ ئالاھىدىلىكى

«بىتىك»تە شەخسسىز پېئىللاردىن رەۋىشداش ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان بولۇپ، پۈتۈن تېكىست سۆزلۈكىنىڭ تەخمىنەن 6% نى تەشكىل قىلىدۇ. ھەتتا بەزى بۆلەكلەردە ئارقا-ئارقىدىن ئىككى-ئۈچ رەۋىشداشنى ئۇلاپ ئىشلىتىش ئەھۋالىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

özlük at öŋ yerdä arıp oŋup turu kalmıš täŋri küçiŋä tağ üzä yul sub körüpän yiš üzä yaš ot körüpän yorıyu barıpan sub içipän yaš yepän ölümdä ozmıš. (17: 1-14)

مىنىڭ ئات چۆلدە ھېرىپ-چارچاپ تۇرۇپ قاپتۇ. تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن تاغ ئۈستىدە يول، سۇ كۆرۈنۈپتۇ. دالىدا ئوتياش كۆرۈپ، (ئات شۇ يەرگە) بېرىپتۇ، سۇ ئىچىپ، ئوت يەپ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇ.

### 1) كەڭ زاماننىڭ ئالاھىدىلىكى

(1)دەسلەپكى دەۋرلەردىكى يازمىلاردا كەڭ زامان ئاساسلىقى Ir- قوشۇمچىسى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولىسىمۇ، «بىتىك»تە بۇ زاماننى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلار بىر قەدەر كۆپ خىللاشقان، Ir- دىن باشقا Ur–، Ar- قاتارلىقلار ئارقىلىقمۇ كەڭ زامان ئىپادىلەنگەن. ئالايلۇق:

a. kan äligin tutmıš kara kamağ süsi ögirär. (63:6-9)

a. خان كېيىكنى قولى بىلەن تۇتۇپتۇ، ئاۋام، قوشۇن (ھەممىيلەن) خۇشال بوپتۇ.

b. kiši olğı yorıyu aztı yana täŋri kutınta üçünç yılta kop äsän tükäl körüšmıš kop ögir<u>är</u> säbin<u>ür</u>. (15:10-20)

b. ئادەم بالىسى يۈردى ئازدى، يەنە تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۈچىنچى يىلى ھەممىسى ئامان-ئېسەن كۆرۈشۈپ، خۇشال بولۇپتۇ، سۆيۈنۈپتۇ.

(2) كەڭ زامانىنىڭ بولۇشسىز شەكلى -mäz قوشۇمچىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

altun kanatlığ talım kara kuš män tanım tüsi takı tükä**<u>mäz</u>**kän taluyda yatıpan tapladukumın tuta män. (3:1-10)

ئالتۇن قاناتلىق جەسۇر قارا قۇشمەن، تۈك-پەيلىرىم تېخى تولۇق چىقمىدى. دېڭىزدا يېتىپ، خالىغىنىمنى تۇتىمەن.

كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «بىتىك» تىلىنىڭ مورفولوگىيەسىدە ئەينى دەۋر تىل ئالاھىدىلىكىنى بىر قەدەر تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان گىراماتىكىلىق شەكىللەر خېلى كۆپ كۆرۈلگەن. بۇ بىزنىڭ ئەينى دەۋر تىل ئالاھىدىلىكىنى ياخشى چۈشىنىشىمىزدىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماي، كېيىنكى دەۋر تىل تەرەققىياتىنى ئىلمىي ئاساستا چۈشىنىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىزنى مول ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

## 4. تۈگەنچە

ماقالىدە، «بىتىك»تە كۆرۈلگەن قوشۇمچىلار ئاساسىدا، ئەسەر تىلىنىڭ مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى، سۆزلەرنىڭ ياسىلىش ۋە تۈرلىنىش يوللىرى قاتارلىقلارنى بىر قەدەر تەپسىلىي تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، شۇ دەۋردىكى دەۋرداش ئەسەرلەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى بىرئاز بولسىمۇ روشەنلەشتۈرۈش، ئەينى دەۋر تىلىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۆزگىرىشلىرىنى بىر پۈتۈنلۈكتە تۇرۇپ چۈشىنىش ئۈچۈن ماتېرىيال ھازىرلاشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. تېمىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، ئىنچىكە نۇقتىلار نىسبەتەن كۆپ بولغاچقا، ھەممە قوشۇمچە ياكى ھەممە كاتېگورىيەنى بىر-بىرلەپ تەھلىل قىلماستىن، بىر قەدەر تىپىك، ئەينى دەۋر تىل تەتقىقاتىدا ئەھمىيەتلىك بولغان تەرەپلەر نۇقتىلىق تەھلىل قىلىندى. ماقالە «بىتىك» مورفولوگىيەسى توغرىسىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشلەردىن بولغاچقا، تەھلىللەردە يەنە بىر قىسىم مەسىلىلەر ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن، كېيىنكى تەتقىقاتلىرىمىزدا بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، مەزكۇر تېما تەتقىقاتىنى بەلگىلىك چوڭقۇرلۇقتا، تېخىمۇ سىستېمىلىق يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز.

## ئىزاھلار

[1][2] Tekin, Talat, 1993:1.

[3] V.Thomsen, 1912: 190-214.

[4]H.N.Orhun, 1938: 71-93; Tekin, Talat, 1993.

[5]耿世民，2005：285-302；杨富学，2003：171-175；杨富学，牛汝极，1995：245-246；杨富学，1997：104-105；张铁山，赵永红，1993：31-42.

[6] ئىبراھىم مۇتىئىي، «بۇلاق»، 1980-يىل 1-سان؛ تۇرسۇن ئايۇپ، 1988-يىل، 319-336؛ مۇھەممەدرېھىم سايىت، «بۇلاق»، 1993- يىل 1- سان.

[7] مۇھەممەدرېھىم سايىت «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1993-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلغان «ئىرق بىتىك» ناملىق ماقالىسىدە «تولۇق تېكىست 104 قۇر» دەپ يازغان بولۇپ، ماقالىمىزدە تالات تېكىننىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئىرق بىتىك» ئۈستىدىكى تەتقىقات كىتابىنىڭ ئاخىرىغا بېرىلگەن فاكسىمىلىنىڭ قۇر سانىنى ئاساس قىلدۇق.

[8] بۇ ئارتۇق تاۋۇش ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگىنىمىزدە، ھازىرغىچە ئېتىراپ قىلىنغان قاراش شۇكى، بۇ يەردىكى n تاۋۇشى قوشۇلما تاۋۇش. بۇ تۈرك تىلىنىڭ ئەينى چاغدىكى باشقا دىيالېكتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇيغۇر، ئۆزبېك تىلىدىن باشقا تۈركىي تىللاردا ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى بىلەن كېلىش قوشۇمچىلىرى ئارىسىغا n تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ

كېلىشى ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال.

## پايدىلانىملار

1. ۋ.م.ناسىلوف: «ئورخۇن-يېنسەي ۋادىلىرىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ تىلى» (ئۇيغۇر سايرانى، سابىت روزى تەرجىمىسى)، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005- يىلى 9- ئاي نەشرى.

2.تۇرسۇن ئايۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1998-يىلى 10-ئاي نەشرى.

3. مۇھەممەد رېھىم سايىت: «ئىرق بىتىك»، «بۇلاق»، 1993-يىللىق 1-سان.

4. ئىبراھىم مۇتىئىي: «ئىرق بىتىك»، «بۇلاق»، 1980-يىللىق 1-سان.

5. Hamit Tömür, Modern Uyghur Grammar, İstanbul, 2003.

6. Tekin ,Talat, *Irk Bitig*, *The Book of Omens*, Wiesbaden,1993.

7. Erdal, Marcel, *Old Turk Word Formation*, Vol.1-2, Wiesbaden, 1991

8. Clauson, Sir Gerard, *An Etymological Dictionary of Pre-Thirteen – Century Turkish*, Oxford,1972

9. Orkun, Hüseyin Namık, *Eski Turk Yazıtları II*, 1938,71-93.

10. Thonsen, Vilhelm, *Dr.M.A.Stein's Manuscripts in Turkish 'Runic' Script from Miran and Tun-huang*, in: *JRAS* 1912, 190-214.

11. 耿世民：《古代突厥文碑铭研究》，北京：中央民族大学出版社，2005年8月版.

12. 冯·加班：《古代突厥语语法》，耿世民译，呼和浩特：内蒙古教育出版社，2004年8月版.

13.杨富学：《回鹘文献与回鹘文化》，北京：民族出版社，2003年9月版.

14. 杨富学：《敦煌本Irk Bitig 书跋》，《北京图书馆馆刊》，1997年第四期.

15. 杨富学，牛汝极：《沙洲回鹘及其文献》，甘肃文化出版社，1995年版.

16. 张铁山，赵永红：《古代突厥文<占卜书>译释》，《喀什师范学院学报》，1993年第二期.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2013)01_073_06

# خەنزۇ - ئۇيغۇر تىللىرىدىكى قۇش ئىسىملىرىنىڭ ياسىلىش ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مۇلاھىزە*

غەيۇر ئابدۇقادىر

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844007)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** قۇش ئىسىملىرى كىشىلەر ئۇزاق زاماندىن بۇيان كۆزىتىش، ئاڭلاش ۋە ھېس قىلىش ئارقىلىق ھاسىل قىلغان تاۋۇشلۇق بەلگە، لېكىن ھەر خىل تىللاردا تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى، تىل ئادىتى، مىللەتلەرنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى ۋە شەيئىلەرنى كۆزىتىش نۇقتىسى پەرقلىنىپ تۇرغاچقا، ئوخشاش بىر قۇشقا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىك ئاساسىدا ئىسىم ياسىلىشى مۇمكىن. بۇ ماقالىدە 100 دىن ئارتۇق قۇش ئىسمىنى بەش تۈر بويىچە تەھلىل قىلىش ئاساسىدا خەنزۇ - ئۇيغۇر تىللىرىدىكى قۇش ئىسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**：鸟类名词是人类长期以来依靠视觉、听觉、感知而产生的一种声音符号。然而，不同语言由于思维方式、语言习惯，心理因素和观察角度不同、汉维语从不同的视角依据某一种鸟的不同特征来对其命名。 本文在两种理论类型的基础上分析汉维语 100 多种鸟名。探讨汉维语鸟名的相同点和不同点。

**Abstract:** The naming of bird relies on a vocal system based on vision, hearing and cognition. But in different languages, the names for birds vary a lot from each other according to the speaker's thinking mode, language habits, psychology and viewpoints. This paper is an analysis of the common points and differences in the naming methods of birds between Chinese and Uyghur languages .

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H0　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئىسىم ياساش ۋە ئىسىم قويۇش ئىنسانلارنىڭ دۇنيادىكى تۈرلۈك - تۈمەن شەيئىلەرنى بىلىش جەريانىدا ھاسىل قىلغان بىر خىل ئىجادىي تىل پائالىيىتى، شۇنداقلا بىر خىل تىلدىكى سۆزلۈكلەرنى بېيىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى. مەيلى ئۇ شەيئى ئىنسانلاردىن بۇرۇن ياكى كېيىن پەيدا بولسۇن، ئۇنىڭغا نىسبەتەن مەلۇم بىر خىل ھېسسىي چۈشەنچە ئاساسىدا ئىسىم قويغاندىلا، ئىنسانلارنىڭ ئالاقىلىشىشىگە ۋە شەيئىلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشكە قولايلىق بولىدۇ. تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەيئىلەرگە مەلۇم بىر خىل تاۋۇشلۇق بەلگە قويۇش ئىسىم ياساش ياكى ئىسىم قويۇش دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنسانلار ئىسىم قويۇش جەريانىدا ئەشۇ شەيئى بىلەن ئۇچرىشىش، شەيئىلەرنى ئىنچىكە كۆزىتىش ئاساسىدا مەلۇم چۈشەنچە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بەلگىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە مەلۇم بەلگىسىنى ئاساس قىلىدۇ. ئىنسانلار ئىسىم قويۇشتا شەيئىلەر قايسى جەھەتلەردىن تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ، شەيئىلەرنىڭ ئىسىم بەلگىسى بىلەن ئەشۇ شەيئى ئوتتۇرىسىدا قانداق ئىچكى باغلىنىشلىق بولىدۇ، دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە تىلشۇناسلار ئوخشىمايدىغان نۇقتىدىن مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇنىسى ئېنىقكى، شەيئىلەرنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن ئىنكاسى ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ئىنسانلارنىڭ شەيئىلەرگە ئىسىم قويۇش ئاساسى، كۆزىتىش نۇقتىسى ۋە شۇ ئاساستا شەكىللەندۈرگەن

---

* بۇ ماقالە 2011 - يىلى 4- ئاينىڭ 19 -كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** غەيۇر ئابدۇقادىر(1957-يىل 5-ئايدا تۇغۇلغان) پىروفېسسور، ماگىستىرانت يېتەكچىسى، خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تەرجىمە ۋە تىل مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تاۋۇش بەلگىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولغان مىللەت ئالاھىدىلىكى، تىل ئۇسلۇبى، تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى، پىسخىكىسى ۋە ياشاپ تۇرۇۋاتقان جۇغراپىيەلىك مۇھىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئوخشاش بىر خىل شەيئىنى ئوخشىمايدىغان نۇقتىدىن كۆزىتىش ئارقىلىق ئۆز تىلىنىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق، گىرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا ھەر خىل تاۋۇشلۇق بەلگە بىلەن ئاتايدۇ، نەتىجىدە شەيئى ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما تاۋۇش ۋە سۆز تاللاش نۇقتىسى ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىك كېلىپ چىقىدۇ.

تۇرلۇك تۇمەن شەيئىلەر ئىچىدە، قۇشلار ئىنسانلارنىڭ نەزەرىگە يولۇققان ئەڭ ئىپتىدائىي جانىۋارلار بولسا كېرەك. قۇشلار تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانلار بىلەن ئورتاق ياشاپ، گۈزەل مۇھىت بەرپا قىلىشتا، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ۋە بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغداشتا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل قىياپىتى ۋە مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن ئىنسانلارغا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ گۈزەللىكىنى تونۇتتى. ئىنسانلارغا ھوزۇر ئاتا قىلدى. تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك قۇشلارنىڭ ئاۋازى، رەڭگى، شەكلى ۋە ياشاش ئادىتى ئىنسانلارنىڭ كۆرۈش ۋە ئاڭلاش سەزگۈسىگە تەسىر كۆرسىتىش نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى شەكىللەندۈرۈشتە مۇھىم ئاساس بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار كۆپ نۇقتىدىن كۆزىتىش، ئۇلارنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلىش ئاساسىدا ھەر خىل قۇشلارغا نىسبەتەن ئوخشىمايدىغان ئىسىم بەلگىلىرىنى ھاسىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بىر خىل قۇش تۈرلۈك تىللاردا ئوخشىمايدىغان نۇقتىدىن كۆزىتىش ۋە ھېس قىلىش ئاساسىدا ئوخشىمايدىغان تاۋۇش بەلگىلىرى، ئوخشىمايدىغان سۆزلەر بىلەن ئاتالدى. قۇشلارنىڭ ئىسمى ئوبرازلىق، رەڭدار، يېقىملىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، بۇ ماقالىدە خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدىكى 100 دىن ئارتۇق قۇش ئىسمىنىڭ ياسىلىش ئالاھىدىلىكى، ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى ھەققىدە بەش نۇقتىدىن تەھلىل يۈرگۈزۈلىدۇ.

## 1. ئاۋازىغا ئاساسەن ياسالغان قۇش ئىسىملىرى

سايراش قۇشلارنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئاڭلاش سەزگۈسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئېنىق ئاۋاز، بەزى قۇشلارنىڭ سايرىغان ئاۋازى يېقىملىق، ئىنچىكە، ئوبرازلىق بولغاچقا، خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدا خېلى بىر قىسىم قۇشلارنىڭ ئىسمى ئاۋازىغا ئاساسەن ياسالغان. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدا «鹁鸪» (پاختەك) يامغۇر يېغىش ئالدىدا ياكى ھاۋا ئېچىلغاندا، «گۇ، گۇ، گۇك» دەپ سايرىغان ئاۋازىغا ئاساسەن «بوگۇ» دەپ ئاتالغان. «苦恶鸟» بۇ ئىسىم ئەركىكىنىڭ «كۇۋۇ ـ كۇۋۇ» دەپ سايرىغان ئاۋازىغا ئاساسەن ياسالغان. شەنشىدە كۆرۈلىدىغان «吉了鸟» (جىۋىلداق)، بۇ قۇشنىڭ ئاۋازىمۇ خەنزۇ تىلىدا «جىلا ـ جىلا» دەپ تەقلىد قىلىنغاچقا، «جىلا نىياۋ» دەپ ئاتالغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئالىم يەن شىگۇنىڭ ئىسپاتلىشىچە، «鸽子» (كەپتەر) دېگەن سۆزدىكى «鸽» كەپتەرنىڭ ئاۋازىغا تەقلىد قىلىنغان[1]. ئۇيغۇر تىلىدا «كاككۇك» (布谷鸟)، سوپىسوپىياڭ (黄鹂)، ۋىتىلداق (鹌鹑)، ھۆپۈپ (山和尚)، قاقىرا (苍鹭) دېگەن قۇشلارنىڭمۇ ئىسمىمۇ ئاۋازىنى ئەينەن تەقلىد قىلىنىش ئاساسىدا ياسالغان. ھوقۇش (夜猫子)، بۇ قۇشنىڭ بىر قانچە ئىسمى بولۇپ، ئۇ مۈشۈك ياپىلاق (猫头鹰)، توغراق مۈشۈكى دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. «ھوقۇش» دېگەن نامغا كەلسەك، ئۇ كېچىسى سايرىغاندا «ھۇق ـ ھۇق» دەپ بوغۇق ۋە سوزۇق ئاۋاز چىقارغاچقا، شۇنىڭغا ئاساسەن تەقلىد قىلىنىپ، شۇنداق ئىسىم قويۇلغانلىقىنى پەرەز قىلىمىز[2]. كەكلىك (石鸡) دېگەن ئىسىممۇ، شۇ قۇشنىڭ «كەك ـ كەك» دەپ سايرىغان ئاۋازىغا تەقلىد قىلىنىپ «كەك» دېگەن سۆزنىڭ ئارقىسىغا ئىسىم ياسىغۇچى ئۇلانما «لىك» قوشۇلغان بولۇشى مۇمكىن. چايكا (海鸥) رۇس تىلىدىن كىرگەن قۇش نامى بولۇپ، رۇس تىلىدا شۇ قۇشنىڭ ئاۋازىغا ئاساسەن «چايكا» دەپ ئاتالغان. قۇشلارنىڭ ئاۋازىغا ئاساسەن ئىسىم ياساش ئەڭ

ئىپتىدائىي سۆز ياساش ئۇسۇلى بولسىمۇ، ئەمما ئىنسانلارنىڭ شەيئىلەرنى پەرقلەندۈرۈشىگە، ئوبرازىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشىگە ئىنتايىن قولايلىق بولغان. يۇقىرىقى مىساللاردىن شۇنداق بىر ئالاھىدىلىكنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدا قۇشلارنىڭ ئاۋازىنى تەقلىد قىلىشتا ھەر ئىككى تىلدا ئۆز تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنگەندىن باشقا، ئاۋازىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە بىر خىل مىللىي پىسخىكا ئامىلى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. قوش ئىسمى خەنزۇ تىلىدا تەقلىد ئاۋاز ئارقىسىغا «鸟»، «子» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش ئارقىلىق ياسالغان بولسا، ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشاشلا تەقلىد ئاۋاز ئارقىسىغا «قۇش»، «لىك»، «غۇ»، «قۇ» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش ئارقىلىق ياسالغان.

## 2. رەڭگە ئاساسەن ياسالغان ئىسىملار

رەڭگى ھەر خىل، چىرايلىق بولۇش قۇشلارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، قۇشلارنىڭ ئومۇمىي رەڭگىدىن قارىغاندا، بەزى قۇشلاردا بىر خىل رەڭ ئاساس گەۋدە بولغاندىن باشقا، كۆپىنچە قۇشلاردا ئىككىدىن ئارتۇق، ھەتتا كۆپ خىل رەڭ تەبىئىي ماسلاشقان ھالدا كۆركەم ئەكس ئەتكەن. مۇشۇ ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، ئىنسانلار ئىسىم ياسىغاندا قۇشلارنىڭ ئومۇمىي رەڭگىگە ۋە مەلۇم قىسمىدىكى گەۋدىلىك رەڭگىگە ئاساسلانغان.

**1) ئومۇمىي رەڭگە ئاساسەن ياسالغان ئىسىملار**

خەنزۇ تىلىدا «白鹭»، (ئاققوتان)، «乌鸦» (قاغا)، «苍鹭» (كۆكقوتان)، «黑琴鸡» (قاراقۇر)، «黄雀» (سېرىق قۇشقاچ)، «灰鹤» (سۇرتۇرنا)، «棕鸥» (قوڭۇر چايكا)، «卒鸟» (كۆكتارغان بېلىقى). ئۇيغۇر تىلىدا «ئالاقاغا» (寒鸦)، «قارا لەيلەك» (黑鹳)، «قارا كاككۇك» (黑鸠)، «توق سېرىق تۇمۇچۇق» (硫黄鹀)، «يېشىل قاقىرا» (绿鹭)، «مىس رەڭ قىرغاۋۇل» (铜鸡)، كۆك كەپتەر (灰鸽).

**2) مەلۇم قىسمىدىكى رەڭگە ئاساسەن ياسالغان ئىسىملار**

خەنزۇ تىلىدا «白尾鹞» (ئاق قۇيرۇق قورغۇي)، «白眉鸦» (ئاق قاشلىق ئۆردەك)، «丹顶鹤» (قىزىلباش تۇرنا)، «赤嘴潜鸟» (قىزىل تۇمشۇق چۇمگەك)، «白枕鹤» (ئاق گەجگىلىك تۇرنا)، «白额雁» (ئاقباش غاز)، «绿头鸭» (يېشىل باش ئۆردەك)، «灰嘴鸥» (كۈلرەڭ تۇمشۇقلۇق بېلىقئالغۇچ)، «红尾鸲» (قىزىل قۇيرۇقلۇق جىگدىچى). ئۇيغۇر تىلىدا: قىزىل پوكان تۇمۇچۇق (赤胸鹀)، ئاق پاچاق سۆگەت سۇڭگۈلىگۈچى (淡脚柳莺)، سېرىق پوكان تۇمۇچۇق (黄胸鹀)، قىزىل تاماقلىق ۋىتىلداق (黄喉鹨)، كۆك پاچاقلىق زەڭگەر قۇشقاچ (青脚鹬). گەرچە قۇشلار رەڭدار بولسىمۇ، ئەمما مەلۇم بىر خىل رەڭ، قۇشنىڭ مەلۇم بىر ئەزاسىدا گەۋدىلەنگەچكە، خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدا ئەشۇنداق گەۋدىلىك رەڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن رەڭ، ئەزا ۋە قۇش ئىسمى بىرىكىش ئارقىلىق ياسالغان.

## 3. شەكىلگە ئاساسەن ياسالغان ئىسىملار

قۇشلارنىڭ جۇغى ئۆزئارا پەرقلەنگەندىن باشقا، نۇرغۇن قۇشلارنىڭ مەلۇم بىر ئەزاسى باشقا ئەزاسىغا قارىغاندا ئالاھىدە شەكىل بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئىنسانلار ئەشۇ قۇشلارنىڭ ئاۋازى ۋە رەڭگىدىنمۇ ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرغان مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىسىم قويىدۇ. مەسىلەن، «大苇莺» (چوڭ قومۇشلۇق شۇڭگۈلىگۈچى)، «小杜鹃» (كىچىك كاككۇك)، «小鹀» (كىچىك تۇمۇچۇق)، «大天鹅» (چوڭ ئاق قۇ). ئۇيغۇر تىلىدا قۇشلارنىڭ ئىسمىنى ياساشتا ئۇلارنىڭ ھەجمى ئالاھىدە نەزەرگە ئېلىنمىغاچقا «چوڭ»، «كىچىك» دېگەن سۆزلەر بىلەن بىرىككەن قۇش ئىسىملىرى ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. ئەمما قۇش ئىسىملىرىدىكى ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ مەلۇم ئەزاسىنىڭ، يەنى تۇمشۇقى، بويىنى، بېشى، پوكىنى، پۇتى، تاجىسى، قۇيرۇقىنىڭ گەۋدىلىك بولغانلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن،秃鼻乌鸦(توقناق قاغا)، يەنى تاز بۇرۇن قاغا، 短嘴天鹅(قىسقا تۇمشۇقلۇق ئاق قۇ)، 反嘴鹬 (تەتۈر تۇمشۇقلۇق زەڭگەر قۇشقاچ)، 翘嘴鹬

(ئىلمەك تۇمشۇقلۇق زەگگەر قۇشقاچ)، 秃鹫 (تازقارا)، 针尾鸭 (يىڭنە قۇيرۇقلۇق ئۆردەك)، 铁爪鹀 (تۆمۈر تىرناق تۇمۇچۇق). قۇشلارنىڭ تۇمشۇقى ئۆزگىچە گەۋدىلىك بولغاچقا، خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدا كۆپىنچە قۇشلارنىڭ ئىسمى تۇمشۇقىغا ئاساسەن ياسالغان.

بۇنىڭدىن باشقا، بەزى قۇش ئىسملىرىدا رەڭ ھەم شەكىلدىن ئىبارەت قوش ئالاھىدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بىرلا ۋاقىتتا ۋە مەلۇم ئەزاسى بىرىكىپ ئىزاھلاش ئاساسىدا قۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى بىرقەدەر مۇكەممەل گەۋدىلەنگەن. مەسىلەن، 乌燕鸥 (قارا قاناتلىق قالغاچسىمان بېلىقئالغۇچ)، 红胸秋沙 (قىزىل پوكان ئۇچلۇق تۇمشۇقلۇق ئۆردەك)، 红胸角雉 (پۆپەكلىك قىزىل پوكان قىرغاۋۇل)، 红腰杓鹬 (قىزىل بەل قوشۇق تۇمشۇقلۇق زەگگەر قۇشقاچ)، 黄眉柳莺 (سېرىق قاشلىق سۆگەت سۆگگۈلگۈچى) بۇ قۇشلارنىڭ ئىسمىدا ھەم مەلۇم شەكىل ئالاھىدىلىكى، ھەم ياشاش مۇھىتى بىرلا ۋاقىتتا ئىپادىلەنگەن. بولۇپمۇ قۇشلارنىڭ ئۇيغۇرچە ئاتىلىشىدا رەڭ ۋە مەلۇم ئەزا تېخىمۇ كونكرېت، روشەن ئىپادىلىنىپ، كۆپىنچە تەرجىمە ئىسىم ئىكەنلىكى تېخىمۇ بىلىنىپ تۇرغان.

## 4. پاناھ جايىغا ئاساسەن ياسالغان ئىسىملار

قۇشلارنىڭ ياشاش مۇھىتى ھاۋا، پەسىل ۋە جۇغراپىيەلىك شارائىت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ياشاپ تۇرغان جۇغراپىيەلىك مۇھىت، رايون ۋە ھاۋا كىلىمات ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئوخشاش قۇشلارنىڭ رەڭگىدە پەرق كۆرۈلگەندىن باشقا، ئاۋازىدىمۇ بىر خىل «يەرلىك شىۋە» تۈسى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بەزى قۇشلارنىڭ يازدا، بەزى قۇشلارنىڭ قىشتا كۆپىيىپ قېلىشى، بەزى قۇشلارنىڭ مەلۇم رايون ياكى دۆلەت تەۋەلىكىگە ئىگە بولۇپ قېلىشى؛ بەزى قۇشلارنىڭ تاغدا، بەزى قۇشلارنىڭ ئورمانلىقلاردا، بەزى قۇشلارنىڭ ساسلىق ۋە كۆللەردە ماكان تۇتۇشى قۇشلارنىڭ ياشاش ئادىتى، تەقدىرى پەسىل، ھاۋا ۋە جۇغراپىيەلىك مۇھىت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، مۇھىت ياكى پەسىل ئالمىشىپ قالسا بەزى قۇشلارنىڭ ياشىيالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، خېلى بىر قىسىم قۇشلارنىڭ ئىسمى دۆلەت، رايون تەۋەلىكىگە، پاناھ جايىغا ئاساسەن ياسالغان.

**1) قىتئە، دۆلەت، رايون ناملىرى بىلەن ياسالغان ئىسىملار**

خەنزۇ تىلىدا: 蒙古沙鸻 (موڭغۇلىيە سارادىر قۇشى)، 非洲鸵鸟 (ئافرىقا تۆگىقۇشى)، 美洲鹦鹉 (ئامېرىكا قىتئەسى شاتۇتىسى)، 日本绿雉 (ياپونىيە قىرغاۋۇلى). ئۇيغۇر تىلىدا: سىبىرىيە موسىسكاپا قۇشى (乌鹟)، ئامېرىكا سوپىتورغىيى (百灵雀)، شىمالىي تىنچ ئوكيان دېڭىز قۇشقىچى (鸽海雀)، ئافرىقا قۇزغۇنى (鹭鸦).

**2) جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ياسالغان ئىسىملار**

بۇنىڭدا ئاساسەن قۇش ئىسمىنىڭ ئالدىغا دائىم تۇرىدىغان، ئۇزۇقلىنىدىغان پاناھ جايىنىڭ نامى قوشۇلغان. مەسىلەن، 蓝鸟鸡 (كۆك ئورمان توخۇسى)، 山莺 (تاغ تۇمۇچۇقى)، 树鹟 (دەرەخ ۋىتىلدىقى)، 水鹟 (سۇ ۋىتىلدىقى)، 田鹟 (ئېتىز ۋىتىلدىقى)، 普通秧鸡 (سازلىق توخۇسى)، 松鸡 (ئورمان توخۇسى)، 苇鹀 (قومۇش تۇمۇچۇقى)، 雪鸡 (ئۇلار).

پاناھ جايىغا ئاساسەن ياسالغان بەزى قۇش ئىسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلىدا بەزى قۇش ئىسىملىرى دۆلەت، رايون نامى بىلەن ئاتالغان بولسا، خەنزۇ تىلىدا ئۇنداق ئاتالمىغان؛ خەنزۇ تىلىدا پاناھ جايى بىلەن ئاتالغان بولسا، ئۇيغۇر تىلىدا يەككە قۇش ئىسمى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدا 雪鸡 ( قار توخۇسى ) دەپ ئاتالغان بولسا، ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇلار» دەپلا ئاتالغان.

## 5. ياشاش ئادىتىگە ئاساسەن ياسالغان ئىسىملار

قۇشلارنىڭ ياشاۋاتقان جۇغراپىيەلىك مۇھىتى، تىپى ۋە نەسلى ئۇلارنىڭ ياشاش ئادىتى، ئۇسۇلى، جۈملىدىن يېمەكلىك جەھەتتىكى مايىللىقىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادىتى، ئۇسۇلى

ئۆزىگە خاس بولغاچقا، بەزى قۇشلارنىڭ ئىسمى مۇشۇ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ياسالغان. مەسىلەن، دەرەخ قوۋزىقىنى تېشىپ يېمەكلىك ئىزدەيدىغان بولغاچقا، 啄木鸟 (تۆمۈر تۇمشۇق) دەپ ئاتالغان. 刀鹟 (قومۇش يارغۇچ)، ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ خىل قۇش تۇمشۇقى بىلەن قومۇشنى يېرىپ ئىچىدىكى قۇرتنى يەيدىكەن. 屠夫鸟 (پوكانچى)، بۇ خىل قۇش تۇتقان ئولجىنى ئىلمەك ياغاچقا ئىلىپ قويۇپ بىر باشتىن تېتىپ يەيدىكەن. 雷鸡(چاقماق قۇش)، بۇ قۇشنىڭ ئۇچۇش سۈرئىتى چاقماق تېزلىكىدە بولغاچقا، ئىسمى مۇشۇ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ياسالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا مەلۇم بىر خىل قۇش بولۇپ، ئۇ يېمەكلىكنى ئەكېلىپ ئانىسىغا قۇسۇپ بېرىدىكەن، مۇشۇ ئالاھىدىلىككە ئاساسەن كىشىلەر 孝鸟 (ۋاپادار قۇش) دەپ ئىسىم ياسىغان. يەنە بىر خىل قۇش بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇۋا ياساش ئۇسۇلى ئۆزگىچە ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇۋىسى كىچىك ئۆيگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ يان تەرىپىگە بىر ـ ئىككى كىرىش ئېغىزى قويىدىكەن، ئۇۋىنىڭ ئالدى تەرىپى گۈل ـ گىياھلار بىلەن ئورالغاچقا كىشىلەر ئۇنى 园丁鸟 (باغۋەن قۇش) دەپ ئاتىغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مەلۇم بىر قۇش دائىم كۆمۈر چوغىنى يەيدىكەن، شۇنىڭغا ئاساسەن 食火鸟 (چوغچى قۇش) دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ قۇشلارغا بۇنداق ئىسىم ياساش خېلىلا ئومۇملاشقان. مەسىلەن، سۆزمىچى (松鸦)، قوشۇق تۇمشۇقلۇق بېلىقچى (勺嘴鹬)، ئاق بېلىقئالغۇچ (银鸥)، شاخ سانىغۇچ (鹡鸰)، تاپ قۇش (秃鹫)، تازقارا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جىگدىچى (鸲鹆)، لايخورەك (鹬). دېمەك، قۇشلارنىڭ ئىسمىدىنلا ئۇلارنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادىتى، خاراكتېرى روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىدا بىز خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدا قۇش ئىسمىنىڭ ياسىلىشىدىكى بەش خىل ئالاھىدىلىك ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئۆتتۇق. لېكىن بۇ خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدا قۇش ئىسىملىرىنىڭ ياسىلىشى، ئاساسىي تاللاش نۇقتىسى ھەرقانداق ئەھۋالدا ئوخشاش بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئەمەلىيەتتە كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئوخشىمايدىغان مىللەتلەرنىڭ تىلىدا ئوخشاش بىر شەيئىنىڭ ئىسمى ئوخشىمايدىغان نۇقتىدىن، ئوخشىمايدىغان سۆزلەر ئارقىلىق ياسىلىشى مۇمكىن، چۈنكى بىر خىل شەيئى كۆپ ئالاھىدىلىككە، كۆپ خىل شەكىلگە ئىگە بولىدۇ، ئوخشاش شەيئىلەرگە نىسبەتەن مىللەتلەرنىڭ كۆزىتىش، تاللاش، ھېس قىلىش نۇقتىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئىسىملارمۇ ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن ئىجاد قىلىنىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكنى قۇش ئىسىملىرىدىن روشەن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، ئوخشاش بىر خىل قۇش خەنزۇ تىلىدا «山雀» دەپ پاناھ جايى بولغان «تاغ» ئارقىلىق ئىسىم ياسالغان بولسا، ئۇيغۇر تىلىدا «سېرىق شىمشىق» دەپ رەڭ ئاساسىدا ئىسىم ياسالغان؛ خەنزۇ تىلىدا «灰沙燕» دەپ رەڭ ئاساسىدا ئىسىم قويۇلغان بولسا، ئۇيغۇر تىلىدا «سۇ قارلىغىچى» دەپ ياشاش مۇھىتى ئارقىلىق ئىسىم ياسالغان، ئوخشاش قۇشقا نىسبەتەن سۆز تاللاش نۇقتىسىمۇ ئوخشاش بولمىغان. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدا «毛脚燕» دەپ «يۇڭ» دېگەن سۆز تاللانغان بولسا، ئۇيغۇر تىلىدا «پايپاقلىق قارلىغاچ» دەپ «پايپاق» سۆزى تاللانغان. ئوخشاش كەپتەر خەنزۇ تىلىدا «灰鸽» دەپ «كۈل رەڭگە» مايىل بولغان بولسا، ئۇيغۇر تىلىدا «كۆك كەپتەر» دەپ كۆك رەڭگە مايىل بولغان. خەنزۇ تىلىدا «普通朱雀» (ئادەتتىكى تورغاي) دەپ ئىسىم ياسالغان بولسا، ئۇيغۇر تىلىدا «قىزىل تورغاي» (红朱雀) دەپ ئىسىم ياسالغان. خەنزۇ تىلىدا «海燕» (دېڭىز قارلىغىچى) دەپ ئىسىم ياسالغان بولسا، ئۇيغۇر تىلىدا «بورانقۇش» (风鸟) دەپ ئىسىم ياسالغان. دېمەك، خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدا ئوخشاش قۇشلارنىڭ ئىسمىنى ياسىغاندا كۆزىتىش، ھېس قىلىش ۋە سۆز تاللاش نۇقتىسى ئوخشاش بولمىغان، بۇنىڭدا ئاساسەن مىللەتلەرنىڭ ياشاپ تۇرغان جۇغراپىيەلىك مۇھىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى، تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئۆزىگە خاس پسىخىكىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، بۇ خىل ئالاھىدىلىك قۇش ئىسىملىرىنى ياساشقا تەسىر كۆرسەتكەن.

يەنە بىر قىسىم قۇشلارنىڭ ئىسمى ئوخشىتىش ئارقىلىق ياسىلىپ، ئوبرازلىق، ئاممباب، چۈشىنىشلىك بولغان، مەسىلەن، قۇشنىڭ باش قىسمى مۈشۈككە ئوخشىغاچقا «猫头鹰» (مۈشۈكياپىلاق) دەپ ئىسىم ياسالغان، باش قىسمى سۇمرۇغقا ئوخشىغاچقا

«凤头潜鸭» (سۇمۇرغىباش چۆمگەك) دەپ ئىسىم ياسالغان، كۆرۈنۈشى مارجانغا ئوخشىغاچقا «珊瑚鸟» (مارجانقۇشقاچ) دەپ ئىسىم ياسالغان. خەنزۇلار ئۆردەكنىڭ تۇمشۇقىنى چالغۇ ئەسۋاب بولغان پىپاغا ئوخشىتىپ «琵嘴鸭» (يالپاق تۇمشۇقلۇق ئۆردەك) دەپ ئىسىم ياسىغان. مېڭىشى ۋە بويى تۆگىگە ئوخشىغاچقا «鸵鸟» (تۆگىقۇش) دەپ ئىسىم ياسالغان. دۇنيادا بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان شەيئى ۋە ھادىسىلەر كۆپ بولغاچقا، ئىنسانلار شەيئىلەرگە ئىسىم ياساشتا بىر شەيئىنى يەنە بىر شەيئى بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش ئاساسىدا ئىسىم ياساپ، بىر خىل ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلغان.

خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدىكى بىر قىسىم قۇش ئىسىملىرىنىڭ ياسىلىشى ئالاھىدىلىكىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، بىرىنچىدىن، تەبىئەت دۇنياسىدا ياشاۋاتقان ئوخشاش بىر خىل قۇشنىڭ ئىسمى خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدا ئوخشىمايدىغان تاۋۇشلۇق بەلگە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەلۇم بىر شەيئىنىڭ گەۋدىلىك بولغان سىرتقى ئالاھىدىلىكى ئاشۇ شەيئىنى بىلىشنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇپ قالىدۇ. بۇ بەلگىنى كىشىلەر ئىسىم ياساشتا مۇھىم ئاساس قىلىۋالىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، تىلدىكى مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئامىللىرى تىل پائالىيىتىدە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتەتتىكەچكە ئوخشىمايدىغان تىللاردا ئوخشاش شەيئىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ ھەممە جەھەتتىن تامامەن ئوخشاپ قېلىشى بىر خىل تاسادىپىي ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئوخشىمايدىغان مىللەتلەر ئوخشاش شەيئىگە نىسبەتەن ئوخشىمايدىغان نۇقتىدىن، ئوخشىمايدىغان سۆزلەر ئارقىلىق ئىسىم قويىدۇ. ئوخشاش ئالاھىدىلىك تاللانغان تەقدىردىمۇ ھەر خىل تىللاردا ئىپادىلەش جەھەتتە پەرق كۆرۈلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، قۇشلارنىڭ رايون، كېلىمات، پەسىل ۋە جۇغراپىيەلىك مۇھىت ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك بولغاچقا، بىر رايوندا ياشاۋاتقان مەلۇم بىر قۇش يەنە بىر رايوندا كۆرۈلمەيدۇ. كۆرۈلگەن تەقدىردىمۇ شەكىل جەھەتتىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مەلۇم قۇشلارنىڭ ئىسمى بىر تىلدىن يەنە بىر تىلغا سۆزمۇ ـ سۆز تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق سىڭىپ كىرىدۇ. قىسقىسى، قۇشلارنىڭ ئىسمىدىن شۇ قۇشلارنىڭ مەلۇم بىر خىل ئالاھىدىلىكىنى بىلىۋېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوخشىمايدىغان تىللارنىڭ ئىسىم ياساشتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا بىزنىڭ قۇشلارنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىمىزگە، قۇشلارنى كۆپ نۇقتىدىن تەتقىق قىلىشىمىزغا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

## ئىزاھلار

[1]شۇگاۋيۇ، ليۇخۇا روڭ: «رۇس ـ خەنزۇ تىللىرىدىكى قۇش ئىسىملىرىنىڭ ياسىلىشى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات»، «جۇڭگو رۇس تىلى ئوقۇتۇش ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ»، 2002 ـ يىللىق 3 ـ سانى، 28 ـ بەت.
[2] مۇختەر ئابدۇرېشىت: «ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم قۇش نامىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە قوللىنىلىشى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ» 2008 ـ يىللىق 3 ـ سانى، 20 ـ، 21 ـ بەتلەر.

## پايدىلانمىلار

1. ۋاڭ ئەيلىڭ، سى فۇجىن: «خەنزۇ تىلىدا سۆز ياساش ئۇسۇللىرى»، بېيجىڭ سودا نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
2. شۇيۇلوڭ: «سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ھەققىدە»، شاڭخەي چەت ئەل تىللىرى مائارىپى نەشرىياتىنىڭ 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
3. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى: «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ئورمانچىلىق لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1984 ـ يىلى نەشرى.
4. پېڭ زۇڭلۇ، ئىبراھىم ئەھمىدى: «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1989 ـ يىلى نەشرى.
5. چېن شىمىڭ، لياۋزېيۇ: «ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ 1995ـ يىلى نەشرى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 04_079_01(2013) 1005_5878

# يەر ناملىرى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا*

قەييۇم مىجىت

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، غۇلجا. 835000)

قىسقىچە مەزمۇنى : بۇ ماقالىدە، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن، يەر ناملىرى ۋە ئۇنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈش شەكىللىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى بىر قانچە جەھەتتىن مۇھاكىمە قىلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر ناملىرىنى توپلاش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要**：本文从社会语言学的角度简单解释地名及其一些特征，几方面探讨维吾尔语地名结构形式和特点，并且提出收集和研究维吾尔语地名的重要性。

**Abstract:** From a sociolinguistic point of view, this paper briefly explains several features of place names, and discusses structural features of place names in Uyghur. In addition, puts forward the importance of collecting and studying Uyghur place names.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H0　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. يەر ناملىرى ۋە ئۇنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى

يەر ناملىرى تىل، تارىخ، جۇغراپىيە ۋە مەدەنىيەت قاتارلىقلارنىڭ يىغىندىسى. ئۇ تىلنىڭ سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسى شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مول بولغان تارىخ، جۇغراپىيە، مەدەنىيەت مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەر ناملىرى كۆپىنچە جەمئىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن، تىل شەكلى بىلەن ئىجتىمائىي مەزمۇننىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ، يەر ناملىرىنى تەتقىق قىلىش، مۇھىمى يەر ناملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى، كېلىش مەنبەسى ۋە تەرەققىياتىنى، يەر ناملىرىنىڭ قۇرۇلما سىستېمىسى ۋە تۈرلىرىنى تەتقىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

يەر ناملىرى جۇغراپىيە ئەمەلىيىتىدىكى خاس ئاتالغۇلار بولۇپ، كىشىلەرنىڭ بوشلۇق ھەققىدىكى ئۇقۇملىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان ئۆلچەملەشتۈرۈش تەلىپى ئىنتايىن قاتتىق بولىدۇ. مانا بۇ يەر ناملىرىنىڭ نىسبەتەن مۇقىملىق خاراكتېرىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. بەزى يەر ناملىرى نەچچە ئەسىرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، قەدىمدىن ھازىرغىچە پۈتۈنلەي بىرخىل قوللىنىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىكى تەيشەن، چېڭدۇ، خەنشۇي قاتارلىقلار غەربىي خەندىن باشلاپ شۇنداق ئاتىلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى قەشقەر، قومۇل، تارىم، تەڭرىتېغى، كۇچا، خوتەن، تۇرپان، ئىلى، غۇلجا قاتارلىق يەر ناملىرى خېلى ئۇزۇن دەۋرلەردىن تارتىپ شۇنداق قوللىنىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

بەزى ئىجتىمائىي ۋە جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يەر ناملىرى گەرچە ھازىر ئىجتىمائىي ۋە جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكلەردە زور ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەي، ئەسلىدىكى شەكلى بويىچە قوللىنىلىۋاتىدۇ. ئادەتتە،

---

* بۇ ماقالە 2012 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** قەييۇم مىجىت (1957 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

يەر نامىلىرى ئىچىدە، تەبىئىي جۇغراپىيەلىك نامىلار، ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان يەرلەرنىڭ نامىلىرى قاتارلىقلار ئاسانلىقچە ئۆزگەرمەيدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، تارىخنىڭ ئۆزگىرىشى، جۇغراپىيەۋى شەرت- شارائىتلاردا ئۆزگىرىش بولۇشى، ھاكىمىيەتنىڭ ئالمىشىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يەر- جاي نامىلىرىدىمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. يەر- جاي نامىلىرى ئىچىدە ئاسان ئۆزگىرىدىغىنى كۆپىنچە سىياسىي ۋە سىنىپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يەر نامىلىرىدۇر. شۇنىڭدەك مەمۇرىي رايون قىلىنغان، چوڭ پىلانلاش ئېلىپ بېرىلغان يەرلەردىكى يەر نامىلىرىمۇ بىر قەدەر ئاسان ئۆزگىرىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۆزگەرگەن يەر نامىلىرى يەر نامى تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغاندىلا ئاندىن ئۆزگەرتىلىشى كېرەك. خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. ئەكسىچە بولسا، قانۇنسىز ئۆزگەرتكەنلىك بولۇپ قالىدۇ.

يەر نامىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شارائىتقا بولغان بىلىشىنى كونكرېت ئەكس ئەتتۈرىدۇ ياكى بولمىسا، كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ تەسىراتى ۋە پوزىتسىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ھەمدە يەر نامىلىرىنىڭ قويۇلۇشى ھامان بەلگىلىك سەۋەب ياكى بەلگىلىك ئاساسقا ئىگە بولىدۇ.

شۇڭا، يەر نامىلىرىنىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق كۆپ مىقداردىكى تەبىئىي جۇغراپىيە، فىلولوگىيە تارىخى قاتارلىق جەھەتلەرگە ئائىت بىلىملەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بۆرەتاغ، تەڭرىتاغ، تەڭرىكۆلى، قەشقەر، خوتەن، ئۇرۇمچى، غۇلجا، جىلىلىيۈزى، تۇرپانيۈزى، توققۇزتارا، ئۈچ دەرۋازا، ئالتىشۇئار مەھەللىسى دېگەنگە ئوخشاش يەر نامىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئېتىمولوگىيە ۋە باشقا جەھەتلەردىكى مەزمۇنلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، تەھلىل قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە.

ئادەتتە، يەر نامىلىرىنىڭ مەنىسى مۇنداق ئىككى جەھەتتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، تەسۋىرىيلىك. يەنى تەبىئىي جۇغراپىيەۋى ئالاھىدىلىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بولىدۇ. بۇنىڭدا، تاغ، سۇ، ئورمان نامىلىرى ئاساسىدا يەر نامىلىرى ھاسىل قىلىنىدۇ. مەسىلەن، مايتاغ، كەڭساي، ئىلى ۋادىسى، ئاراتۆستەك، قارىقاش، توغراق، تېرەكمازار، كەكلىكچۆل، قاغىلىق دېگەنلەردەك.

يەنە بىرى، خاتىرىلىك. بۇنىڭدا بىرەر تارىخىي ئالاھىدىلىك ۋە تارىخىي ۋەقە ئاساسىدا يەر نامىلىرى ھاسىل قىلىنىدۇ. مەسىلەن، بۆرەتاغ، تەڭرىتاغ، تەڭرىكۆلى، خانىقا مەھەللىسى، ئەزاندۆڭ، ئىسلاميۈزى، تۇرپانيۈزى، شەھەرئىچى، بوينىكېسىك، بېدە بازىرى دېگەنلەردەك.

## 2. يەر نامىلىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى

يەر نامىلىرىنى تەتقىق قىلىش، مۇھىم نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە.

بىرىنچى، يەر نامىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ. شۇنداقلا مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتىنى مەلۇم پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەر نامىلىرى تارىخنىڭ مەھسۇلى. ئوخشىمىغان دەۋردىكى يەر نامىلىرى مۇقەررەر ھالدا، ئوخشىمىغان دەۋرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، بۆرىتاغ، تەڭرىكۆلى، ئارغۇبۇلاق، قارلۇقغول، تەڭرىتاغ دېگەنگە ئوخشاش يەر نامىلىرىدا مەلۇم تارىخىي ئالاھىدىلىك ئەكس ئېتىدۇ.

ئىككىنچى، يەر نامىلىرىنى تەتقىق قىلىش قەدىمكى جۇغراپىيەۋى ئالاھىدىلىكلەر ۋە جۇغراپىيە تارىخىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بىلىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، مۇزتاغ، كەڭساي، توققۇزتارا، ئارقا بۇلاق، ئاراتۆستەك، يېرىلغان يەر دېگەنگە ئوخشاش يەر نامىلىرىدا مەلۇم جۇغراپىيەۋى ئالاھىدىلىكلەر ئەكس ئېتىدۇ.

ئۈچىنچى، يەر نامىلىرىنى تەتقىق قىلىش قەدىمكى تىل ۋە دىيالېكتلارنى تەتقىق قىلىشنى مەلۇم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەر نامىلىرى، بولۇپمۇ قەدىمكى يەر نامىلىرى مەلۇم دەرىجىدە قەدىمكى تىل ۋە دىيالېكتلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلىغان بولىدۇ.

شۇڭا، تىل ۋە دىيالېكت تارىخىنى تەتقىق قىلىش يەر ناملىرىنى تەتقىق قىلىشتىن ئايرىلالمايدۇ.

تۆتىنچى، يەر ناملىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، يەر خەرىتىسىنى سىزىش، چېگرالارنى بەلگىلەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە يەر ناملىرىنى تەتقىق قىلىشقا ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 3. ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پسىخىكىسى، ئۆرپ-ئادىتى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، دۇنيا قارىشى قاتارلىقلار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئۇيغۇرلار يىراق قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپلا ھەرقايسى جايلارغا ئوخشىمىغان نامىلارنى بەردى. بۇ ئوخشىماسلىق شۇ جاينىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى، تەبىئىي شارائىتى، بايلىق مەنبەسى، يىراق-يېقىنلىقى، پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ ئايرىلغان. مەسىلەن، يەر نامىنى قويۇشتا، شۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا، بولۇپمۇ، يەر شەكلىگە ئاساسەن، دۆڭ مەھەللە، ئويتام، قارىدۆڭ دەپ ئاتىغان. سۇ ئىنشائاتى ئىشلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا، ئارائۆستەڭ، قاشئېرىق، ئاقئۆستەڭ، بۇلاق مەھەللە، دېگەندەك نامالارنى قويغان ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر ناملىرى شۇ جايدا ياشىغان ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ كەسپى، لەقەملىرىگە ئاساسەن تۈزۈلىدۇ. مەلۇم بىر ئوقنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بەزىدە غايىۋى ئۇبرازلار ھەم ۋەقەبايانلار ھەققىدە ساۋات بېرىدۇ. يەنە بەزى يەر ناملىرى كىشىلەرنىڭ ئارزۇ- تىلەكلىرى ۋە ساددا تەبىئەت قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە، ئۇيغۇر تىلىدىكى يەرناملىرىنىڭ تۈزۈلۈش مەنبەسى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى بايقايمىز. ھەر قايسى مەنبەلەر بىلەن باغلاپ قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە جەھەتتىن كۆرستىشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، تۇتېم، قەبىلە، مىللەت، تارىخىي ۋەقە، دىنىي ئۆرپ- ئادەت ناملىرىدىن تۈزۈلگەن يەر ناملىرى. مەسىلەن، بۆرەتاغ، تەڭرىتاغ، تەڭرى كۆلى، قاراقۇم دېگەنلەردەك؛

ئىككىنچى، شەھەر، قەلئە، يۇرت، ھاكىمىيەت، ئۇنۋان ناملىرىدىن تۈزۈلگەن يەر ناملىرى؛ بۇنىڭغا تۆۋەندىكىلەرنى مىسال قىلىپ كۆرستىشكە بولىدۇ:

يەركەند، تاشقورغان، ئۈچ (ئۇچتۇرپان)، تاشكەند، قوقان كەنتى، تۇرپانيۈزى، ئاغى مەھەللە(ئارغۇ مەھەللە)، خوتەن مەھەللىسى، بەشكېرەم مەھەللىسى دېگەنلەردەك.

ئۈچىنچى، ھايۋانات، قۇش، دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈك، مېۋە- چىۋە ناملىرىدىن تۈزۈلگەن يەر ناملىرى. مەسىلەن: ئاقساقمارال، بۆرىبۇلاق، جەرەنبۇلاق، كەكلىكچۆل، كەكلىكبۇلاق، توخۇچىيۈزى، چىلانباغ، نەزەرباغ، راھەتباغ، باغۇەنكوچا، ياڭاقلىق، ئۆرۈكلۈك، قوغۇنچى، ياڭاقساي، ئالمىلىق، ئۈششاقتال، يۇلغۇنلۇق، توغراقلىق، قارىياغاچ، تېرەكمازار، جىگدىلىك مەھەللە، پىيازلىق، بىدەبازىرى ئالمابازار دېگەنلەردەك.

تۆتىنچى، سۇ، ئېقىن، كۆل، تەبىئەت ھادىسلىرى ناملىرى ۋە چوڭ-كىچىك، يېڭى- كونىلىقنى بىلدۈرىدىغان ناملاردىن تۈزۈلگەن يەر ناملىرى. بۇنىڭغا تۆۋەندىكىلەرنى مىسال قىلىپ كۆرستىشكە بولىدۇ: ئاقسۇ، بايكۆل، ئارشاڭبۇلاق، كۆلئېرىق، كۆلساي، سۇبويى، سوپۇنبۇلاق، ئارائۆستەڭ، كەڭساي، سۇدەرۋازا، يامغۇرلۇق، قارلىقتاغ، مۇزتاغ، شاماللىق، شامالباغ، چوڭكۆل، چوڭ بۇغرا، كىچىك توغراق، ئۇلۇغسۇ باشبۇلاق، يېڭىتام، كونىتام، يېڭىيەر، كوناشەھەر، يېڭىشەھەر، يېڭى مەھەللە، يېڭىيول دېگەنلەردەك.

بەشىنچى، ئادەم ئىسمى، كەسىپ نامى، چارۋىچىلىق نامى ۋە كونىلەرنىڭ ناملىرىدىن تۈزۈلگەن يەر ناملىرى. مەسىلەن: مەمەتنىڭ جاڭگىلى، ماۋت لەڭگەر، روزمەتيۈزى، خۇدىيارىيۈزى، جۇمە بازار، پەيشەنبە بازار، دۆڭقوتان، قۇمقىشلاق، قوتانتام، قىشلاقتام، بورىچى، ناغرىچى، موزدۇزلار مەھەللىسى، تۆمۈرچى مەھەللىسى، كېمىچى مەھەللىسى، خۇمدان

مەھەللە، تۆپىچى مەھەللىسى، قازانچى مەھەللىسى، تونۇرچى كوچا...

ئالتىنچى، سان ـ سىفىر، رەڭ ـ تۈس، ئورۇن ـ تەرەپ، ئارىلىق ـ كۆلەم نامىلىرىدىن تۈزۈلگەن يەر نامىلىرى. مەسىلەن: توققۇزتارا، ئالتىزاق، بەشكېرەم، يەتتەسۇ، ئونئۆي، ئونيارىيۈزى، ئىسلامىيۈزى، تۆتدۇكان، ئۈچدۇكان، قاراتال، قىزىلسۇ، ئاقتاغ، قىزىلقۇم، يېشىلكۆل، سېرىقتاش، سېرىقتاغ، قاراماي، ئاقئۆي، قارىدۆڭ، ئۇزۇنداۋان، ئۇزۇنقۇم، كەڭساي، ئارقابۇلاق، ئاياغقۇم، ئارقاتاغ، ئارائۆستەڭ، ئوتتۇرابۇلاق، يۇقىرىقى پەنجىم، تۆۋەنكى پەنجىم دېگەنلەردەك؛

يەتتىنچى، يەر شەكلى، ئۆتەڭ ۋە قىزىلما بايلىقلار نامىغا ئاساسەن شەكىللەنگەن يەر نامىلىرى كونكرېت ئىپادىسى تۆۋەندىكىچە: ئويتام، دۆڭ مەھەللە، ئويباغ، باشئەگىم، تۇمشۇق، بايتوقاي، ئالتۇنلۇق، تۆمۈرلۈك، قوغۇشۇنلۇق، تەلكە، مۇزئارت، مۇزداۋان، لەنگەر، بەشتۆپە دېگەندەك؛

سەككىزىنچى، سىمۋوللۇق ئۇسۇل، كۆتۈلمىگەن ھادىسىلەر ۋە يېڭى دەۋر تەلىپى ئاساسىدا شەكىللەنگەن يەر نامىلىرى. مەسىلەن: داڭقانچۆل، قازانبۇلاق، ئالتەشەھەر مەھەللىسى، سەمەت غولىغان يەر، پايانىياز يىقىلغان تۈز، خامان كۆيدى، سۇباستى كەنتى، قورغاس ئېغىزى، تەرەققىي يېزا، يېڭىھايات مەھەللىسى، قىزىلبايراق كوچىسى، بەخت كوچىسى، ئازادلىق يولى، ئالغا كوچا، غالىبىيەت يولى، خەلق مەيدانى قاتارلىقلار.

يەر نامىلىرىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشىدە ھەر بىر يەر نامىنىڭ مەنە دائىرىسى ، كېلىپ چىقىشى، تىل، مىللەت قاتلىمى، ئىجتىمائىي ئورنى، قوللىنىش قىممىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى، دەرىجىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ. ئۇ يەنە يەر نامىلىرىنىڭ پەيدا بولۇش ئالاھىدىلىكىنىلا ئەمەس، بەلكى شۇ يەر نامىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئىجتىمائىي، تارىخىي ۋە تەبىئىي ئامىللار ئاساسىدا ئۇلارنى ئىنچىكە تۈرلەرگە بۆلۈشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تىلشۇناسلىق، جۇغراپىيە، تارىخشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرنىڭ تەتقىقاتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

## پايدىلانمىلار


1. قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى: «يەر نامىلىرى ئىلمى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى.
2. يۇسۇپ ئىگەم: «شىنجاڭ يەر ـ سۇ نامىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ ئەھمىيىتى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1998 ـ يىللىق 4 ـ سان.
3. 戴庆厦编著《社会语言学教程》中央民族学院出版社，1993年6月第一版。
4. 郭熙编著《中国社会语言学》南京大学出版社, 1999年3月第一版。


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 05 ـ 083 ـ 01 (2013) 5878 ـ 1005

# زامان ۋە ماكان نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى چار بازارلىرىغا نەزەر*

خالىدە ئىسلام

(ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى، ئۈرۈمچى. 830012)

قىسقىچە مەزمۇنى: تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارغا تارقاق جايلاشقان ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى چار بازارلىرى كۈچلۈك ۋاقىتچانلىققا ۋە روشەن ماكان خاسلىقىغا ئىگە، ئەگەر مۇئەييەن زامان ۋە ماكان قاتلىمىدىن ئايرىلسا، بۇ ئەنئەنىۋى چار بازارلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. مەزكۇر ماقالىدە، زامان ۋە ماكان نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى چار بازارلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**：维吾尔传统集贸市场具有很强的时间特征与鲜明的空间色彩，如它一旦离开一定的时空层面，就无法存在。本文将从时空视角出发，对维吾尔传统集贸市场展开讨论。

**Abstract:** Uyghur bazaar has unique cultural characteristics in respect to time and space, and it has been playing an important role in Uyghur's daily life. In this paper, from the viewpoint of time and space discusses the main Characters of Uyghur bazaar.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I253. 4　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇرلار يېزا ـ كەنت، ناھىيە ـ رايونلار ئارا ھەپتە كۈنلىرى نۆۋەت بويىچە قىزىيدىغان بازارلارنى «چار بازار» دەپ ئاتايدۇ. بۇيەردىكى «چار» سۆزى پارسچىدىكى «چھار» (مەنىسى: تۆت، تۆت دانە)[1]سۆزىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مەلۇم ماكان بوشلۇقى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، بۇ ئۇيغۇر چار بازارلىرىنىڭ تۆت تەرەپكە تۇتىشىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. رېئاللىق شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئۇيغۇر چار بازارلىرى كۆپىنچە ھاللاردا «تۆت كوچا ئېغىزى، تۆت دوقمۇش، تۆت يول ئېغىزى» غا جايلاشقان. خوتەن رايونىدا چار بازار رەستىلىرىنى «چاسۇ» دەيدىغان ئادەت ھېلىھەم مەۋجۇت. بۇ يەردىكى «چاسۇ» بەلكىم پارسچە «چھارسۇ» ( مەنىسى: تۆت تەرەپ) [2] تىن كەلگەن. «چار» نىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يەنە «بوغداي، ئارپا باشاقلىرىنىڭ پوستىدىن ئاجرالماي ئېلىنىپ قالغان دېنى، ئاق باسقان، ئالا چىپار»[3] قاتارلىق مەنىلىرىمۇ بار.

«بازار» پارسچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىغا پارسچىدىن كىرگەن، مەنىسى نەرسە ـماللارنى ساتىدىغان ـ ئالىدىغان جاي[4] دېگەنلىك بولىدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، پارسچىدا «چار بازار» دېگەن گەپ يوق. بۇ شۇبھىسىزكى ئۇيغۇرلار «چار» بىلەن «بازار»نى بىرلەشتۈرۈپ ياسىغان سۆز. «چار» بىلەن «بازار» سۆزىنىڭ قاچانلاردا ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. 12 ـ13 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق ئا. ك. بوروكوف تۈزگەن، موسكۋادا نەشر قىلىنغان «ئوتتۇرا ئاسىيا قۇرئان تەپسىرىنىڭ لېكسىيەسى» دېگەن كىتابتا «مەن بازارغا باردىم، يەنە كەلدىم»[5]دەپ مىسال ئېلىنغان. شۇنىڭدىن قارىغاندا، 12 ـ13 ـ ئەسىرلەردە «بازار» سۆزى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرگە ئومۇملاشقان بولۇشى مۇمكىن. ھازىر «بازار» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى مۇنداق ئىككى خىل مەنىدىن چۈشىنىشكە بولىدۇ : بىرى، كىشىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ياكى مەخسۇس بەلگىلەنگەن جايلاردا قۇرۇلغان سودا ـ سېتىق، ئالماشتۇرۇش سورۇنى. يەنە بىرى، بەلگىلىك ۋاقىتتا مۇئەييەن ئورۇندا ئېلىپ بېرىلىدىغان سودا پائالىيىتى. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە بازارغا «سودا ـ سېتىق قىلىدىغان مەخسۇس جاي، ئاھالىلەر سودا ـ سېتىق قىلىش ئۈچۈن

*بۇ ماقالە 2012 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

*بۇ ماقالە «城镇化进程中南疆农村发展与乡村集市变迁研究» نامىدىكى 2011 ـ يىللىق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاد فوندىنىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىلىرىدىن بىرى.

ئاپتور: خالىدە ئىسلام (1980 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، ياردەمچى تەتقىقاتچى، ئازسانلىق مىللەتلەر رايون ئىقتىسادى ۋە ئەنئەنىۋى بازارلار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بەلگىلەنگەن مەخسۇس كوپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا قارىتا تاۋار ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئورۇن» [6]دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. بازار ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا يەنە ئادەم كۆپ توپلاشقان جاينىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن ئولتۇراقلىشىش ۋە شەھەرلىشىشكە قەدەم قويغان مىللەتلەرنىڭ بىرى. نىيە، كىروران، ئىدىقۇت، يارغول، بېشبالىق، قارابالغاسۇن. . . قاتارلىق قەدىمكى شەھەر ئىزلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زاماندىكى پارلاق شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ يالدامىسى ھېسابلىنىدۇ[7]. مۇقىم ئولتۇراقلىشىش شەھەرلىشىشنىڭ مۇھىم ئاساسى بولۇپ، ئۇ يەنە بوستانلىق چار بازارلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ كەلگەن. چەكلىك بوستانلىقلاردىكى نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىشى ئىش تەقسىماتىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن ئايرىلىپ چىقىپ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا- سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە بوستانلىق چار بازارلىرى تېخىمۇ جانلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن.

ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار ۋە قەدىمكى ئىزلارغا ئاساسلانغاندا، غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى شەھەر- قەلئە بەگلىكلىرى ئاساسلىقى ئەينى دەۋرلەردىكى سۇ، ئوتلىرى ئەلۋەك بولغان قەدىمكى بوستانلىقلارنى مەركەز قىلىپ جايلاشقان. ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرتتا قۇرۇلغان 36 بەگلىكنىڭ ھەممىسى بوستانلىق شەھەر-قەلئەلىرى ئىدى. ئۇ بەزىدە ئاساسىي ۋادا، بوستانلىق ۋە قاتناش تۈگۈنىنى تايانچ قىلغان بىرقانچە شەھەرگە مەركەزلەشكەن، بەزىدە ئۇششاقلىشىپ كەتكەن[8]. بازار سودىسى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مەيدانغا كەلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ تەرەققىياتى مۇقەررەر ھالدا شەھەرلەرگە تايانغان. ئەينى چاغلاردا ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە كىشىلەر توپلانغان جاي تەبىئىي ھالدا شەھەر ( بازار ) نىڭ مۇھىم ئاساسى بولغان.

بازارلارنىڭ غىدىقلىشى بىلەن بوستانلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكى تەدرىجىي جانلىنىپ، بوستانلىق كىشىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا تەسىر قىلىشقا باشلىغان. زامانلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، قۇملۇق ئەتراپىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا سودا پائالىيىتى ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرى قويۇق بىرلەشكەن ئەنئەنىۋى چار بازارلار مەيدانغا كەلگەن. ئۇلار بوستانلىق كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا، مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلانغان. بازار - ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ھەر قايسى بوستانلىقلارنى بىرلىك قىلىپ ھەپتە كۈنلىرى نۆۋەت بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان، بوستانلىقتا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ۋە مەنىۋى ھاياتىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن ئۇنىۋېرسال سودا پائالىيىتى ۋە سودا-سېتىق سورۇنىدۇر. ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن، بوستانلىق چار بازارلىرى ھەم ماددىي كاپالەت، ھەم مەنىۋى ئالاقە سورۇنى ھېسابلىنىدۇ[9].

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى چار بازارلىرى قەرەللىك ھالدا ھەرقايسى بوستانلىق رايون-مەھەللىلىرى ئارىسىدا ماددىي بايلىق ۋە مەنىۋى جۇغلانمىلارنى تەقسىملەيدۇ-تارقىتىدۇ. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بازارلىرى ئىنتايىن كۈچلۈك ۋاقىتچانلىققا ئىگە بولۇپ، چار بازارنىڭ ۋاقىتچانلىقى ئوخشىمىغان مەزگىل - بۆلەكلەردە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ماكرو جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ۋەزىيەت مۇقىم، جەمئىيەت تىنچ، تۇرمۇش ئاسايىشلىق، خەلق خاتىرجەم بولۇپ، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ سودىغا مەدەت بېرىشى، پۇقرالارنىڭ چار بازار سودىسىغا ئاكتىپ قاتنىشىشى بازارنىڭ ئاۋاتلىشىشىغا زور تۈرتكە بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا بازارلارمۇ چېكىنىشكە يۈزلىنىدۇ.

تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردا ھەركۈنى دېگۈدەك بازار بولۇپ تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە ئوخشىمىغان ۋاقىت بۆلەكلىرىدە چار بازارنىڭ ئورنى ئوخشاش بولمايدۇ. ناھىيە-يېزىلارنىڭ سانى كۆپ، ئەكسىچە ھەپتە كۈنلىرى چەكلىك بولغاچقا بازارلار نۆۋەت بويىچە بولىدۇ، شۇڭلاشقا بەزىدە بىر كۈندە ئىككى-ئۈچ يەردە بازار بولىدىغان تەكرارلانما ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. ئۇزاق زامانلار داۋامىدا بازار كۈنلىرى مۇقىملىشىپ كەتكەن بولۇپ، تەبىئىي ئاپەت، ھاۋارايى ياكى ئالاھىدە ئەھۋاللار بولمىسا بازار كۈنى ئاساسەن خالىغانچە ئۆزگەرتىلمەيدۇ. كىشىلەرمۇ ھەرقايسى بازار كۈنلىرىدە ئۆزلۈكىدىن بازارغا بېرىشقا ئادەتلەنگەن.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ناھىيە-شەھەرلەرنىڭ چار بازار كۈنى ئادەتتە يەكشەنبە، شەنبە كۈنىگە تۇراقلاشقان. بازار كۈنلىرىدە بازارلار ئادەتتىكىدىن تاشقىرى قىزىپ كېتىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا ناھىيە بازىرىنى يەنە «يەكشەنبە بازار، چوڭ بازار، ناھىيە بازىرى» دېيىدىغان ئادەتمۇ بار. يېزا-سەھرالارنىڭ بازار كۈنى دۈشەنبىدىن-جۈمەگىچە بولغان كۈنلەرگە مۇقىملاشقان بولۇپ، نۇرغۇن بازارلارغا بازار بولىدىغان كۈننىڭ نامى ئىسىم بولۇپ قالغان. يەنى «دۈشەنبە بازار» «سەيشەنبە بازار»، «چارشەنبە بازار»، «پەيشەنبە بازار»، «جۈمە (ئازنى) بازار»، «شەنبە بازار»، «يەكشەنبە بازار» دېگەن بۇ ناملار ئۇزاق زامانلار داۋامىدا بازارلارغا سىڭىشىپ، كىشىلەرگە تونۇش بولۇپ كەتكەن. دېھقانلارمۇ ھەپتە ئىچىدىكى ئۆزىگە يېقىن مۇۋاپىق بازار كۈنلىرىنى تاللاپ، ئېلىم-سېتىم ئىشلىرىنى قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەن.

ئۇيغۇر چار بازارلىرىنىڭ زامان جەھەتتىن دەۋرىيلىك ئايلىنىشى مۇئەييەن قانۇنىيەت ئىچىدە داۋاملىشىدۇ. يەنى ھەپتىنى بىرلىك قىلغان ئاساستا، ھەرقايسى بوستانلىقلار ئارا نۆۋەت بويىچە بولىدۇ. بوستانلىقنى بىرلىك قىلىپ ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرى يەتتە كۈندە بىر كېلىدىغان بازار كۈنى ھەرخىل ماللار، قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ۋە دېھقانچىلىق ئېشىنچە مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا ئاپىرىپ ساتىدۇ ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا ئېھتىياجلىق زۆرۈر لازىمەتلىك بۇيۇملىرىنى سېتىۋالىدۇ.

ئۇيغۇر بازارلىرىنىڭ ئاساسلىق ئىشتىراكچىلىرى دېھقانلار بولغاچقا، ئۇلار ئەتىگەندە ئۆيىدىن چىقىپ، بازارغا بېرىپ سودىلىقنى قىلىپ، كەچ كىرگىچە يەنە چوقۇم ئۆيلىرىگە قايتىۋېلىشنى ئويلايدۇ. بازارلارمۇ ھەرقايسى يېزىلارنى بىرلىك قىلىپ، بىر كۈن ئىچىدە بېرىپ-كېلەلەيدىغان ۋاقىت ئارىلىقىنى ئاساس قىلىپ شەكىللەنگەن. شۇڭا يېقىن بولغان بازارلار كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى تاللىشى بولۇپ قالغان. يېزىلارنىڭ ئۆز ئارا چېگرالىنىدىغان جايلىرىدا ئولتۇراقلاشقان، بازارغا يىراقراق بولغان دېھقانلارمۇ كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزلىرىگە ئەڭ يېقىن بازارلارنى تاللايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى بازارلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە مەھسۇلات ئۈستۈنلۈكى بولغاچقا، ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، بازار تاللايدىغان ئەھۋاللارمۇ بار.

دېھقانلارنىڭ بازارغا بېرىشتىكى ئاساسلىق قاتناش قورالى ئېشەك ھارۋىسى بولغاچقا، بۇ بازار ئارىلىقىنىڭ مۇئەييەن دائىرە ئىچىدە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بازارلارغا يېقىن ئولتۇراقلاشقان نۇرغۇن كىشىلەر بازارغا پىيادە بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھەرخىل چوڭ-كىچىك ماتورلۇق قاتناش قوراللىرى كەڭ يېزا-قىشلاقلارغىچە كېڭەيدى. بۇ بازارلارغا بېرىپ-كېلىشكە زور قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى.

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى چار بازارلىرىدىكى ئالماشتۇرۇلىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن بىۋاستە باغلانغان بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بازارنىڭ ئاساسلىق قاتناشقۇچىلىرى بولغان دېھقانلارنىڭ كىرىمى، ئېشىنچە مەھسۇلاتلىرى بازار سودىسىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. دېھقانلارنىڭ بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىغان - ئالماشتۇرىدىغان مەھسۇلاتلىرىمۇ، سېتىۋېلىش كۈچىمۇ ھامان چەكلىك دائىرىدە بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بازارنىڭ ئايلىنىش دەۋرىيلىكى بەك ئۇزاق ياكى بەك قىسقا بولۇپ كەتسە، بازاردىكى تەمىنلەش-ئېھتىياج تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇپ، يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇڭا ھەرقايسى بوستانلىق ئىقتىسادىي رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئېھتىياجىغا ئاللىقاچان ئۇيغۇنلىشىپ كەتكەن، ئۇزاق زامانلار داۋاملىشىپ مۇقىملاشقان بازارلارنىڭ ھەپتە دەۋرىيلىكى ۋە بازار ئارىلىقىنى قالايمىقان ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ.

ئۇيغۇر بازارلىرىنىڭ ئاۋاتلىقى پەسىلگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئادەتتە مول ھوسۇل يىغىۋېلىنىدىغان، توي-تۆكۈن نىسبەتەن كۆپ بولىدىغان ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە بازارلار بولەكچىلا ئاۋاتلىشىپ، ئېلىم-سېتىم تازا قىزىپ كېتىدۇ. ئەكسىچە قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە بازار سەل-پەل بوشاپ، سودا-سېتىق نىسبەتەن تۆۋەنلەپ قالىدۇ. بۇ ئېنىقكى، دېھقانلارنىڭ كىرىم-چىقىم دەۋرىيلىك مەزگىلى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق بولۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى كۆپەيگەندە قىلىدىغان چىقىمىمۇ كۆپ بولىدۇ. بۇ ئاخىرقى ھېسابتا بازارغا مۇئەييەن دەرىجىدە جانلىنىش ئېلىپ كېلىدۇ.

بىر يىل ئىچىدىكى ھېيت ـ بايراملارنىڭ ئەنئەنىۋى چار بازارلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ خېلىلا چوڭ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى روزا ھېيت، قۇربان ھېيت بايراملىرىدا بازار سودىسى ئالاھىدە جانلىنىپ كېتىدۇ. باشقا ۋاقىتلاردا خەجلەشكە كۆزى قىيماي يىغىپ قويغان پۇللىرىنى ھېيتتا خەجلەيدۇ. كونىلىرىنى يېڭىلايدۇ. ئۆيلىرىگە، باللىرىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالىدۇ. شۇڭا كىشىلەر بۇ ۋاقىتتىكى بازارنىڭ ئاۋاتلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ «ھېيت بازىرى» دەپ ئاتايدۇ. سودىگەرلەرمۇ «ھېيت بازىرى»نى چىڭ تۇتۇپ ماللىرىنى يېڭىلاپ بازارنى رەڭگارەڭ تۈسكە كىرگۈزىدۇ.

ئۇيغۇر چار بازارلىرىدا، بازارنىڭ ئەڭ ئاۋاتلاشقان، سودا تازا قىزىيدىغان ۋاقتى بىر كۈندىكى چۈشتىن بۇرۇن 11:00دىن چۈشتىن كېيىن 4:00 لەرگىچە بولغان مەزگىلدە بولىدۇ. شۇڭا مەيلى دېھقانلار بولسۇن ياكى سودىگەرلەر بولسۇن مۇشۇ پەيتنى چىڭ تۇتۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. دىسلەپكى سودىسىنى ئالاھىدە چوڭ بىلىپ، ئاساسەن ياندۇرماسلىققا تىرىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دەم ئېلىش كۈنلىرى، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ۋە ساياھەت مەزگىللىرىمۇ بازار سودىسىغا مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ماكان نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بازار بوستانلىقتا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم سودا ئالاقە، ئالماشتۇرۇش سورۇنىدۇر. شۇنداقلا يەنە بوستانلىق مەھەللە ـ رايونلىرىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ۋە شۇ يەرلىك رايوننىڭ مەركىزىي بۆلىكى ھېسابلىنىدۇ.

قۇم بارخانلىرى داۋاملىق تەھدىت سېلىپ تۇرىدىغان تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلار چوڭ ـ كىچىك بوستانلىق تۈركۈملىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بوستانلىقلارنىڭ بېكىنمە، تارقاق، يەككە جايلىشىش ئالاھىدىلىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ئىقتىسادىي ئىگىلىكى ۋە نىسپىي مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھالىتىنى بەلگىلىگەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ مۇستەقىل بوستانلىق بۆلەكلىرى ئىچىدە ھەرقايسى يېزا ـ مەھەللىلەرنى بىرلىك قىلغان نۇرغۇنلىغان چوڭ ـ كىچىك ئەركىن سودا ئالماشتۇرۇش سورۇنى ـ ـ چار بازارلار مەيدانغا كەلگەن. بۇ بازارلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ھەرقايسى بوستانلىقلار ئارا ئالاقە ـ ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتكەن.

بوستانلىقلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتى بازارلارنىڭ ماكان جەھەتتىن ھەرقايسى رايون ـ بۆلەكلىرىگە تارقاق جايلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بوستانلىقلار چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ئۈزۈك ـ ئۈزۈك ھالەتتە جايلاشقان بولغاچقا، بۇ يەردە ياشاپ كەلگەن بوستانلىق خەلقلىرى بوستانلىق مەھەللە ـ كەنتلەرنى چۆرىدەپ ئالاقە ۋە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارغان. بۇ ئالاقە ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى كېيىن شۇ جايلاردا چار بازارلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا مۇھىم ئاساس بولغان. زامانلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ بازارلار تەبىئىي ھالدا شۇ رايوننىڭ مەركىزىي بۆلىكىگە ئايلانغان.

بوستانلىقتا ئىشلەپچىقىرىش ئادەتتە ئائىلە ئىگىلىكى ئاساسىدا، چەكلىك كۆلەم ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلە ئىگىلىك شەكلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۆپىنچە ئەنئەنىۋى ئۇسۇللار ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، تېخنىكا ۋە ماھارەت تەلىپى بەك يۇقىرى ئەمەس. ئىستېمال نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، بوستانلىق رايونلىرىنىڭ نوپۇسى كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قارىشى ۋە ئىستېمال ئېھتىياجى ھامان چەكلىك بولىدۇ. ناھىيە ـ يېزىلار ئارا ھەركۈنى دېگۈدەك بازار بولغىنى بىلەن كىشىلەر ئالاھىدە سودىلىقى بولمىسا ھەممە بازارلارغا بېرىپ كەتمەيدۇ. بۇ بوستانلىق بازارلىرىنىڭ ماكان ۋە كۆلەم جەھەتتىن مۇئەييەن دائىرە ئىچىدە بولۇشىنى بەلگىلىگەن.

تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى ھەرقايسى بوستانلىق رايونلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە مەھسۇلاتى بولىدۇ. بۇ شۇ مەھسۇلات بازىرىنىڭ مەلۇم رايونغا نىسبەتەن مەركەزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنىڭدا رايون ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي خاسلىققا ئىگە بولغان بۇيۇملار تېخىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەلۇم رايوندىكى مەلۇم مەھسۇلاتلار شۇ رايوندا شۇ مەھسۇلاتلار بازىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالىدۇ، بازار شەكىللەنگەندىن كېيىن مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىشىغا زور دەرىجىدە تۈرتكە بولىدۇ. مەسىلەن، خوتەننىڭ ھەرقايسى بوستانلىق بازارلىرىدا مەخسۇس گىلەم، قاشتېشى، ئەتلەس، ياغاچ سودىسى بولىدىغان كىچىك بازار رەستىلىرى بار. بۇ بازارلارنىڭ خوتەن

بوستانلىقىغا تارقىلىشى ۋە باشقا جايلارنىڭ بازىرىغا قارىغاندا مۇئەييەن ئىناۋەتكە ئىگە بولۇشىنى خوتەن بوستانلىقىنىڭ رايون ئۇستۇنلۇكى ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ خاسلىقى ۋە بۇ مەھسۇلاتلارغا بولغان ئاللاھىدە ئېھتىياجىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بازارلىرىنىڭ ماكان جايلىشىشى كىچىك جەھەتتىن پەرقلەنسىمۇ، ئەمما چوڭ جەھەتتىن ئاساسەن بىردەك. ئۇيغۇر چار بازارلىرى چوڭ يول بويلىرى، توٓت كوچا دوقمۇشى، ئاھالىلەر ئولتۇراق مەركىزىنى ئاساس قىلىپ جايلاشقان بولۇپ، ئادەتتە چوڭ غول رەستە بويلاپ، كىچىك-تارماق رەستىلەرگە بۆلۈنگەن، چوڭ-كىچىك تارماق رەستىلەر ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن.

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بازارلىرى ماكان جايلىشىشى جەھەتتىن ناھىيە-شەھەر بازىرى ۋە يېزا-سەھرا بازىرى دەپ ئايرىلىدۇ، ناھىيە-شەھەر بازارلىرى بىرقەدەر چوڭ بولۇپ، شۇ ناھىيە-شەھەرگە قاراشلىق ھەممە يېزا-سەھرالاردىن ئادەملەر كېلىدۇ. بەزى چوڭ بازارلارغا يەنە باشقا-قوشنا ناھىيە-شەھەرلەردىنمۇ ئادەملەر كېلىدۇ. يېزا-سەھرا بازارلىرى كۆلەم ۋە كېلىدىغان ئادەم سانى جەھەتلەردىن نىسبەتەن كىچىك بولىدۇ. مەيلى ناھىيە-شەھەر بازىرى ياكى يېزا-سەھرا بازىرى بولسۇن بازار ئەتراپىغا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى، پاراۋانلىق ئورۇنلىرى ۋە باشقا ئۇل مۇئەسسەسە ئورگانلىرى مەركەزلىك جايلاشقان.

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى چار بازارلىرىنىڭ ئورنى ئۇزاق زامانلار مابەينىدە مۇقىملاشقان بولۇپ، ئادەتتە بۇ مۇقىملىشىپ كەتكەن بازار ئورۇنلىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. كىشىلەردە بازار ئورۇنلىرى قالايمىقان ئۆزگەرتىلسە ياخشى بولمايدۇ، بەرىكەت قاچىدۇ دېيىدىغان قاراشمۇ بار. شۇڭا بازارلاردىكى سودىگەر-سېتىقچىلار بازار رەستىلىرىدىكى ياخشى ئورۇنلارنى تالىشىدۇ، ئۇلار بازار ئورنى ياخشى بولسا، تىجارىتىمۇ ياخشى بولىدۇ، بەرىكەت ياغىدۇ، دەپ قارايدۇ.

قىسقىسى، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى چار بازارلىرى كۈچلۈك ۋاقىتچانلىققا ۋە ئۆزىگە خاس ماكان خاسلىقىغا ئىگە بولۇپ، مۇئەييەن زامان ۋە ماكان قاتلىمىدىن ئايرىلسا، ئۇيغۇر چار بازارلىرىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. بازارلارنىڭ زامان ۋە ماكان ئالاھىدىلىكى ئۇيغۇر چار بازارلىرىغا ئۆزگىچە تۈس بېغىشلىغان بولۇپ، بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىش ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى چار بازارلىرىنىڭ خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئىزاھلار

[1] [2] [4] «پارسچە-خەنزۇچە لۇغەت»، سودا-كىتاب نەشرىياتى، 1981- يىلى 9-ئاي خەنزۇچە نەشرى، 800-،502 -، 221-بەت.
[3] «ئۇيغۇرتىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىلى 8-ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 413-بەت.
[5] ئا. ك. بوروكوف: «ئوتتۇرا ئاسىيا قۇرئان تەفسىرىنىڭ لىكسىيەسى »، موسكوۋا شەرق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1963- يىلى رۇسچە نەشرى، 88-بەت.
[6] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لوغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 342- بەت.
[7] ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق: «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 - يىلى 11- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 336-بەت.
[8] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 -يىلى 3-ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 239-بەت.
[9] خالىدە ئىسلام: «بوستانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر بازارلىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئۇيغۇرچە نۇسخىسى، 2011 _ يىلى 4- سان، 68-بەت.

## پايدىلانمىلار

1. داۋۇت ساۋۇت: «شىنجاڭ سودا-بازارلىرىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
2. ئابلەت نۇردۇن: «شىنجاڭ سودا-بازار تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009-يىلى 8-ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى.
3. خالىدە ئىسلام: «ئۇيغۇرلاردا بازارنىڭ مەيدانغا كېلىشى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە نۇسخىسى، 2008-يىل 1-سان.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

ماقالە نومۇرى: 5_088_1005_5878 (2013)01

# بەدئىي زوقلىنىش مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى*

## ئابدۇرۇسۇل كىچىككىئاخۇن

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىراتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بەدئىي ئوبرازلار بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدىكى پىسخىكىلىق ئىقتىدارلارنىڭ ھەرىكىتىدىن شەكىللىنىدىغان بىر خىل لەززەتلىنىش پائالىيىتى ھېسابلانغان بەدئىي زوقلىنىش ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدۇ. چۈنكى، ئىنسان بۇ دۇنيادا ماددىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈنلا ياشىمايدۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ ماددىي مەنپەئەتى قانائەتلەنگەندىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا ئەتراپىدىكى شەيئى- ھادىسىلەرنى ئېستېتىك نۇقتىدىن كۆزىتىشكە ۋە ئۇلاردىن بەدئىي زوقلىنىشقا باشلايدۇ. بۇ ماقالىدە، بەدئىي زوقلىنىش ۋە ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجى ئىكەنلىكى توغرىلىق قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要:** 通过接触艺术形象而产生的心理反应是人类精神生活中不可缺少的一部分。因为人类基本满足本身的物质需求以后,必然会追求精神食粮,开始用审美的角度观察周围环境,从中得到欣赏。本文主要探讨艺术欣赏及其对满足人类精神需求的特点。

**Abstract:** The artistic appreciation is one of the human's natural psychological reactions which emerged by appreciation from artistic works. It is essential for human spiritual life because human mind needs to be satisfied by observing surrounded environment and appreciate from the artistic beauties among them. This paper mainly discusses the necessity of artistic appreciation in spiritual life of human being .

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I06  ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. بەدئىي زوقلىنىش ۋە ئېستېتىك تەلەپ

بەدئىي زوقلىنىش كىشىلەر بەدئىي ئەسەرلەر بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا بارلىققا كېلىدىغان بىر خىل پەۋقۇلئاددە مەنىۋى پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيلىك دەۋرىگە يۈزلەنگەندىن كېيىنكى كىشىلىك تۇرمۇشى بەدئىي زوقلىنىشتىن ئايرىلغان ئەمەس. سەنئەت ئەسەرلىرى پەقەت زوقلاندۇرۇش ئارقىلىقلا كىشىلىك جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ گۈزەللىك قىممىتىنى نامايان قىلالايدۇ. بەدئىي زوقلىنىشنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش كىشىلەرنىڭ زوقلىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ھەم ئەدەبىي ئىجادىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ مۇھىم تەلىپى.

بەدئىي زوقلىنىش كىشىلەرنىڭ سەنئەت ئەسەرلىرىنى كۆرۈش ھەمدە بەدئىي ئوبرازلار بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا سەزگۈ، ئىدراك، تەسەۋۋۇر، چۈشىنىش قاتارلىق بىر قاتار پىسخىكىلىق ئىقتىدارنىڭ ھەرىكىتىدىن شەكىللىنىدىغان بىر خىل لەززەت ئېلىش پائالىيىتى، يەنى زوقلانغۇچىلارنىڭ بەدئىي ئەسەرلەردىن ھوزۇرلىنىش، تەسىرلىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مەنىۋى پائالىيىتى، ئۇ ئىنسانلار مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئېھتىياجلىرىنىڭ بىرى. بۇنى مۇنداق بىر نەچچە تەرەپتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ:

بەدئىي زوقلىنىش ماددىي تۇرمۇشقا ئاساسلىنىدىغان بىر خىل ئېستېتىك ئېھتىياجدىن ئىبارەت. چۈنكى، ئىنسان ئاۋۋال ماددىي مەنپەئەت جەھەتتىن قانائەتلىنىشنى ئويلايدۇ، ماددىي مەنپەئەتى قانائەتلەنگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇنىڭ شەيئى- ھادىسىلەرگە قارىتا ئېستېتىك نۇقتىدىن كۆزىتىش ۋە

---

* بۇ ماقالە 2012 -يىلى 10 - ئاينىڭ 20 -كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئابدۇرۇسۇل كىچىككىئاخۇن (1957- يىلى 11- ئايدا تۇغۇلغان )، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ژۇرنالچىلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن زوقلىنىشقا ئېھتىياجى تۇغۇلىدۇ.

ماددىي تۇرمۇش ئاساسىدىكى مەنىۋى ئېھتىياجنىڭ بولۇشى ئىنساننى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان ئامىل ھېسابلىنىدۇ. پسىخولوگىيە ئالىملىرى ئادەمنىڭ ئېھتىياجىنى ياشاش تەلىپى، بىخەتەرلىك تەلىپى، ئىجتىمائىي ئالاقە ياكى تەۋەلىك تەلىپى، ئىززەت- ھۆرمەت تەلىپى ۋە رېئاللىنىش تەلىپىدىن ئىبارەت بەش قاتلامغا ئايرىيدۇ ھەمدە بۇ تەلەپلەر تەرتىپ بويىچە تەدرىجىي ئۆرلەپ بارىدۇ، دەپ قارايدۇ[1]. دېمەك، ئادەم ئۇمۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشقا ۋە ئۆزىنى ئۇمۇمىيۈزلۈك نامايان قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، ئادەملەردە ماددىي تۇرمۇشقا ئىنتىلىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەنىۋى تۇرمۇشقا ئىنتىلىش تەلىپىمۇ بولىدۇ. بەدىئىي زوقلىنىشنىڭ قانائەتلەندۈرىدىغىنى ئىنساننىڭ مەنىۋى تۇرمۇش تەلىپىدىن ئىبارەتتۇر.

ئىنسانىيەتنىڭ باللىق دەۋرىدە ياشىغان كىشىلەر جاپالىق ئەمگەك قىلغاندىن تاشقىرى، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش ۋە ھېكايە ئېيتىشىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق كۆڭۈل ئاچقان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بەدىئىي زوقلىنىش ئىنسانلارنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى پائالىيىتىگە ئايلاندى. ستېفان زىۋېگ «شاھمات ھەققىدە ھېكايە» دېگەن مەشھۇر پوۋېستىدا نېمىس فاشىستلىرىنىڭ ئۆزگىچە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بىر ئادۋوكاتنى تەسۋىرلەيدۇ، بۇ كىشى بىر كىشىلىك كامېرغا قامىلىپ، تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ تاشلىنىدۇ ۋە روھىي جەھەتتىن قاتتىق چۈشكۈنلىشىدۇ. ئۇ ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ-دە، ئىلگىرى ئۆزىگە ياد بولۇپ كەتكەن خەلق قوشاقلىرى، باللار قوشاقلىرى ۋە ھومېرنىڭ تارىخىي داستانلىرىنى تەكرار دېكلاماتسىيە قىلىش ئارقىلىق كۈنلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. بىر كۈنى، ئۇ سوراق قىلىنىش ئالدىدا تاسادىپىي ھالدا ھەربىي پەلتۇنىڭ يانچۇقىدىكى كىتابنى بايقاپ قالىدۇ-دە، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ كىتابنى كامېرغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئاپتور ئادۋوكاتنىڭ روھىي ھالىتىنى تەسىرلىك تەسۋىرلەپ: «كامېرغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنىلا يالغۇز بولساممۇ، لېكىن ئەمدى تەنھا ئۆتمەيدىغان بولدۇم، بۇ نەقەدەر بەختلىك چاغلىرىم-ھە! ... مەن بۇنىڭ چاغلىق ۋە ئەرزىمەس ئەسەر بولماي، مېنى روھىي جەھەتتىن جىددىيلەشتۈرىدىغان ئەسەر بولۇپ چىقىشىنى، بەلكى شېئىر دېگەندەك مەن ئۆگىنىدىغان ۋە يادلىۋالىدىغان نەرسە، ئەڭ ياخشىسى گېيوتى ياكى ھومېرنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالسا قانداق ياخشى بولاتتى-ھە!»[2] دەپ يازىدۇ. قىسقىسى، ھېكايىدە بەدىئىي زوقلىنىشنىڭ كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى مۇھىم ئورنى ناھايىتى جانلىق ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن.

ئىنسانلار مەدەنىيلىك دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن تارتىپ ئەدەبىيات- سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق دۇنيانى، رېئاللىقنى، ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشىنى چۈشەندى ۋە كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ كەلدى. ئەدەبىيات- سەنئەت ئەسەرلىرى كىشىلىك تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئومۇملاشتۇرۇپ ۋە تىپىكلەشتۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ ھەر قايسى جەمئىيەت باسقۇچىدىكى تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق، كىشىلەرنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسىگە دائىر ئوبرازلاشتۇرۇلغان زوقلاندۇرۇش ئوبيېكتى بىلەن تەمىن ئېتىپ، زامان ۋە ماكاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ؛ ئۇ گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئىجاد قىلىنىدىغان بولغاچقا، ئىنسانلارنىڭ مول ھەم رەڭدار ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك قىزىقىشى، ئېستېتىك ھېسسىياتى ۋە ئېستېتىك غايىسىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. كىشىلەر بەدىئىي ئەسەرلەردىن زوقلانغاندا، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنى كۆرۈپلا قالماي، بەلكى يەنە گۈزەللىكلەرنى بايقايدۇ، تەسىرلىنىدۇ، گۈزەللىك تەربىيەسىگە ئىگە بولىدۇ ۋە گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنىدۇ. بۇنى ھەرگىز باشقا ئىلمىي بىلىش پائالىيەتلىرىدىكى ئەھۋالغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

## 2. بەدىئىي زوقلىنىش ۋە ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك كۈچىنىڭ ئوبيېكتلىشىشى

يازغۇچى- سەنئەتكارلار مەلۇم ماددىي ماتېرىيال ۋە ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ گۈزەللىك قانۇنىيىتى

بويىچە بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىدۇ. سەنئەت ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شۇ سەنئەتنى چۈشىنىشكە ھەمدە مۇناسىپ ئېستېتىك تەسىرلىنىش قابىلىيىتىگە، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە، چۈشىنىش ۋە ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىدىن زوقلىنىش ئۈچۈن، چوقۇم خەتتاتلىق سەنئىتىمىزدىكى رۇقئى، ئەسلىيە، سۇلۇس، كۇفى قاتارلىق ئاساسلىق خەت نۇسخىلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ؛ ئۇلارنى يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان قەلەم ۋە سىزىقلار ئوخشاش بولمىغاچقا، يېزىلىپ چىققاندىن كېيىنكى خەت نۇسخىلىرىنىڭ كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، شۇ سەۋەبلىك كىشىلەرنىڭ بۇ خەت نۇسخىلىرىنى ئۆگىنىشى ۋە ئۇلاردىن زوقلىنىشىغا قويۇلىدىغان تەلەپمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا ھەر قانداق بىر سەنئەتتىن زوقلىنىشتا، چوقۇم شۇ سەنئەتكە دائىر چۈشەنچىگە ۋە تېگىشلىك ئېستېتىك قابىلىيەتكە ئىگە بولۇش كېرەك.

بەدىئىي ئەسەردىن چوڭقۇر تەسىرلىنىش ئىدىيەۋى سەۋىيە، تۇرمۇش كەچۈرمىشى ۋە مەدەنىيەت بىلىمىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئىدىيەسى، بىلىمى ۋە تۇرمۇش كەچۈرمىشىنىڭ قانداق بولۇشى ئۇنىڭ زوقلىنىش سەۋىيەسى ۋە سۈپىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىدىيەۋى سەۋىيەسى يۇقىرى، تۇرمۇش بىلىمى مول ۋە مەدەنىيەت- سەنئەت جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشى ئەتراپلىق ئادەمنىڭ بەدىئىي ئەسەردىن تەسىرلىنىشى چوڭقۇر بولسا، ئىدىيەۋى سەۋىيەسى تۆۋەن، تۇرمۇش بىلىمى كەمچىل، سەنئەتنىڭ قائىدە- قانۇنىيەتلىرى جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشى يۈزەكى ئادەمنىڭ بەدىئىي ئەسەردىن تەسىرلىنىشى ئادەتتىكىچە بولىدۇ.

گەرچە بەدىئىي زوقلىنىشتا شەخسىي بىر تەرەپلىمە ياخشى كۆرۈشكە يول قويۇلسىمۇ، لېكىن زوقلانغۇچىنىڭ ئېستېتىك قىزىقىشىدا ئۇنىڭ ماھىيەتلىك كۈچى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. زوقلانغۇچىلار ھەر قاچان ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىك قىزىقىشى ۋە ئېستېتىك غايىسىگە ئاساسەن سەنئەت ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىدۇ، ئوخشاش بولمىغان زوقلانغۇچىلاردا زوقلىنىش پائالىيىتى جەريانىدا بەزى ئوخشاش مايىللىقلار كۆرۈلۈشى ھەمدە مۇشۇ ئاساستا زوقلىنىش ئوبيېكتىغا قارىتا ئوخشاپ كېتىدىغان تەسىرات ۋە قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. تۇغما زېھىن بىلەن كېيىنكى تاۋلىنىشنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، زوقلانغۇچىلار مەنسۇپ بولغان دەۋر، جەمئىيەت، مىللەت، دۆلەت ۋە سىنىپنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك چۈشىنىش، ئېستېتىك مايىللىق ۋە ئېستېتىك قىزىقىش قاتارلىق تەرەپلىرىدە ھامان شەخسىي پەرقلەر مەيدانغا كېلىدۇ ھەمدە بىر بەدىئىي ئوبراز توغرىلىق ئوخشاش بولمىغان بىلىشنى پەيدا قىلىدۇ، ھەتتا تامامەن زىت كۆز قاراشلار شەكىللىنىدۇ. بۇنداق ئېستېتىك بىلىش جەھەتتىكى خاتالىقنى تۈزىتىشمۇ زوقلانغۇچىلاردىكى ماھىيەتلىك كۈچنى گەۋدىلەندۈرىدىغانلىقى ئەمەلىيەت.

## 3. بەدىئىي زوقلىنىش ۋە خاراكتېرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش

بەدىئىي زوقلىنىش يالغۇز ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك كۈچىنىلا ئوبيېكتلاشتۇرمايدۇ، زوقلانغۇچىلار يەنە بەدىئىي زوقلىنىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېرىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. بەدىئىي زوقلىنىشنىڭ ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىنى ئەدەبىيات- سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي رولى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەدەبىيات- سەنئەت ئېستېتىك كۆڭۈل ئېچىش رولىغا ئىگە، شۇڭا زوقلانغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەدىئىي زوقلىنىش ئالدى بىلەن بىر خىل گۈزەللىك جەھەتتىن تەربىيەلىنىپ يېتىلىش ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىيات- سەنئەتتە گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئوبراز يارىتىلىدۇ، بۇ ئۇنى باشقا ئىدېئولوگىيە فورمىلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان تۈپكى بەلگە؛ ئەدەبىيات- سەنئەتنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ئۇ ياراتقان سەنئەت گۈزەللىكىدە؛ بەدىئىي ئەسەرلەردە يارىتىلغان سەنئەت گۈزەللىكى تەبىئەت گۈزەللىكى بىلەن ئىجتىمائىي گۈزەللىكلەرنىڭ

مەركەزلەشتۇرۇلۇشى ۋە يۈكسەلدۈرۈلۈشى ھېسابلىنىدۇ؛ ئەدەبىيات- سەنئەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئېستېتىكىلىق ئىنكاسى بولغانلىقتىن، رېئال تۇرمۇشتىكى ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر، قايغۇلۇق ھېسسىياتلار ۋە يىرگىنىشلىك شەخسلەرمۇ يازغۇچى- سەنئەتكارلارنىڭ ئېستېتىك كۆز قارىشى ۋە غايىسى ئارقىلىق كىشىگە ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىدىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ ۋە مەنىۋى زوقلاندۇرۇش ئوبيېكتىغا ئۆزگىرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەدەبىيات- سەنئەت مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق غەيرىي سەنئەت پائالىيەتلىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭدىكى كونكرېت، ئېنىق ۋە جانلىق يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلار ئالىيجاناب گۇمانىزملىق روھ ۋە سەممىي ھېسسىياتقا ئىگە بولغانلىقتىن، زوقلانغۇچىلارغا ئېستېتىك شادلىق ئاتا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ روھىنى تاۋلايدۇ، ئەڭ مۇھىمى، ئۇ خۇشال- خۇراملىق ئىچىدە فىزىيولوگىيە جەھەتتىن كىشىلەرنى تەڭشەيدۇ ۋە روھلاندۇرىدۇ.

ئۇزۇن مەزگىللىك بەدىئىي زوقلىنىش پائالىيىتى كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئادەمنىڭ ئېستېتىك ھەۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئادەمنىڭ ئېستېتىك سېزىم- خۇلقىنى ۋە ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى تەربىيەلەيدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇزۇن مۇددەتلىك بەدىئىي زوقلىنىش پائالىيىتى ئارقىلىق سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ بىلىندۈرمەي تەسىر كۆرسىتىش رولى بىلەن ئېستېتىك ئىنسانىي پەزىلەتنى يارىتىلى بولىدۇ. مۇكەممەل ئىنسانىي پەزىلەت ئېستېتىك ئىنسانىي پەزىلەت بىلەن ئەمەلىي ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدىن ئىبارەت.

بىرلا خىل ئىنسانىي پەزىلەت ھەرگىز مۇكەممەل ئىنسانىي پەزىلەت ھېسابلانمايدۇ. ئىلمىي بىلىش پائالىيىتى بىلەن ماددىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى ئەمەلىي ئىنسانىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرسە، ئەدەبىيات- سەنئەت پائالىيەتلىرى ئادەمنىڭ ئېستېتىك ئىنسانىي پەزىلىتىنى يېتىلدۈرىدۇ. ئەمەلىي ئىنسانىي پەزىلەت سىستېمىسىدا ئادەمنىڭ ئايرىم روھىي ھالىتى ۋە فىزىيولوگىيەلىك ئىقتىدارى (مەسىلەن، ئابستراكت تەپەككۇر قىلىش، تۇغما تەبىئىي ئىقتىدار دېگەنگە ئوخشاشلار) ھەممىشە بېسىلىپ قالىدۇ، ھەتتا باشقا ئىقتىدارلىرىمۇ چەتكە قېقىلىدۇ-دە، يەككە روھىي ھالەت مايىللىقى پەيدا بولىدۇ، بۇ ھال ئىلمىي بىلىش مېخانىزمىنىڭ يېتىلىشىگە پايدىسىز بولۇپلا قالماي، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ماسلىشىشقىمۇ پايدىسىز، ھەتتا ئۇ كىشىگە ئارىلاشمايدىغان بىنورمال روھىي ھالەتنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

ئەدەبىيات- سەنئەت پائالىيەتلىرى، جۈملىدىن بەدىئىي زوقلىنىش پائالىيىتى مۇكەممەل ئىنسانىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق. بەدىئىي زوقلىنىشنىڭ مۇكەممەل ئىنسانىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق ئىكەنلىكى ماركسىزملىق ئەدەبىيات- سەنئەت نەزەرىيەسىدىكى مۇھىم كۆز قاراشلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ماركسىزمنىڭ ئاساسچىلىرى ئادەمنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى دەپ قارىغان ئىدى، دېمەك، ئادەمنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئەدەبىيات- سەنئەتنىڭ ئېستېتىك تەربىيەۋى رولىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ بولىدۇ.

ئەدەبىيات- سەنئەت كەڭ زوقلانغۇچىلار ئۈچۈن ئىجاد قىلىنىدۇ، سەنئەت ئەسەرلىرى ئادەملەر بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، سەنئەت ئەسەرلىرى كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىجاد قىلىنىدۇ، ئادەملەردە ئىستېمالدىن ئىبارەت ئېستېتىك ئېھتىياج بولمىغان بولسا، جەمئىيەتتە ئەدەبىيات- سەنئەت ئىجادىيىتىمۇ بولمىغان بولاتتى.

زوقلانغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار بىر خىل ئېستېتىك شادلىنىش ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات- سەنئەت ئەسەرلىرى يەنە ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغاپ، مەنىۋى ئېھتىياجىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ۋە قەلبىنى تازىلايدۇ، بۇ ئارقىلىق ئادەمنىڭ سىياسىي- ئىدىيە، ئەخلاق، مەدەنىيەت، كىشىلىك تۇرمۇش پوزىتسىيەسى، كىشىلىك پەزىلەت ئىرادىسى ۋە خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىقلارنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئادەمنى تېخىمۇ گۈزەل مەنزىلگە ئېلىپ

بارىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسى ئادەمنىڭ تۇرمۇشىنى ھاسىل قىلسا، ئۇنىڭ ئاڭ پائالىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسى ئادەمنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەنىۋى تۇرمۇش چىن مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ئاڭ پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەت نەتىجىسىنىڭ يىغىندىسىغا قارىتىلغان بولۇپ، ماھىيەت جەھەتتىن ئادەمنىڭ مەنىۋىيىتىدىن ئىبارەت. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئاڭ پائالىيەتلىرى ئىچىدىكى ئالاھىدە بولغان بىر خىل ئاڭ پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ، بۇ خىل ئاڭ پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان بەدىئىي ئەسەرلەر ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى ھېسابلانغان ئادەمنى ۋە ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرىدۇ؛ ئادەمنىڭ تۇرمۇشى، رېئال ھەرىكىتى، ئىدىيەۋى ھېسسىياتى، خاراكتېر ئالاھىدىلىكى، قىسمەت ـ تەقدىرى قاتارلىقلارنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇپ تەسۋىرلەيدۇ؛ رېئال دۇنيانى خىلمۇخىل ئوبراز ۋە رەڭدار كارتىنا ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان قىلىدۇ. بەدىئىي ئەسەرلەر كىشىلىك تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ئوزۇق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى ئۈچۈن تەگدىشى يوق زۆرۈرىيەت ھېسابلىنىدۇ.

## ئىزاھلار

[1] ئابراھام. ھ. ماسلوۋ: ئادەمنىڭ تەلەپلىرىگە دائىر تور ماتېرىياللىرىغا قارالسۇن.

[2] «شاھمات ھەققىدە ھېكايە»، ئاۋسترىيە يازغۇچىسى ستىفان زىۋېگ ئىجادىي ھاياتىدا ئېلان قىلغان ئاخىرقى پوۋېست بولۇپ، پوۋېستتا قارىماققا نيويوركتىن جەنۇبىي ئامېرىكىغا قاراپ ماڭغان پاراخوتتا بىر ئىشتىن سىرتقى شاھمات ماھىرىنىڭ دۇنياۋى شاھمات چېمپىيونىنى يېڭىۋالغانلىقى ھېكايە قىلىنغاندەك قىلىسمۇ، ئەمەلىيەتتە ناتسىست فاشىستلىرىنىڭ ئادەمنى قاتتىق ئازابلاشلىرى ۋە نابۇت قىلىشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنىدۇ. يازغۇچى بۇ ئەسەردە ئۆزىنىڭ ناتسىست فاشىستلىرىغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئېنىق ئىپادىلەيدۇ.

## پايدىلانمىلار


1. ئابلەت ئۆمەر قاتارلىقلار: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسلىرى» (ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.
2. ئازاد سۇلتان: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.
3. تۇرسۇنجان ئابدۇرېھىم: «بەدىئىي زوقلىنىش ھەققىدە»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىللىق 2 ـ سان.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2013)01_093_11

# «قۇم پەسلى»دىكى بالىلار ئوبرازى*

بۇلبۇل ئەكرەم

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844007)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** مۇختەر بۇغرانىڭ بالىلار تېمىسىدىكى شېئىرلىرى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان بالىلار ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ بالىلارچە كۆزىتىش، بالىلارچە ھېسسىيات بىلەن تويۇنغان شېئىرلىرى بالىلار ئوبرازىنى يارىتىش، بالىلار تۇرمۇشىنى گەۋدىلەندۇرۇش، بالىلارنىڭ خاراكتېرى، بالىلارنىڭ ھېسسىيات دۇنياسىنى نامايان قىلىش جەھەتلەردە ئالاھىدە ئۆزگىچىلىككە ئىگە. بۇ ماقالىدە، شائىر مۇختەر بۇغرانىڭ «قۇم پەسلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن بالىلار شېئىرلىرىدا سۈرەتلەنگەن بالىلار ئوبرازى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要：** 木合塔尔·博格拉的儿童题材诗歌在维吾尔当代儿童文学史上具有重要意义。他的独特儿童视角和充满儿童情感的儿童诗歌，在儿童形象塑造、童年生活的展现和儿童与成人的感情色彩反差等方面具有鲜明独到的特色。本文对诗人木合塔尔·博格拉的诗集《沙漠季节》中的儿童形象进行重点的分析。

**Abstract:** Muhtar Bughra's children poetries have been playing a significant role in modern Uyghur children's literature. His unique way of observing children, creating children's images, and emerging children's inner worlds differ his works from the others'. This paper mainly analyzes the children's images in his poetry anthology --- "The Desert Season".

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I06  ماتېرىيال بەلگىسى: A

شېئىر، ئاجايىپ سەزگۈ، شېئىردىكى ئاشۇ ئاجايىپ سەزگۈ ئىنسانىنىڭ تومۇر-تومۇرلىرىغا تاراپ كەتكەن نۇرغۇن-نۇرغۇن نەرسىلەرنى قېزىپ چىقىپ، ئىنسانىنى گاھ ھاياتلىقنىڭ گۈزەل قىرغاقلىرىدا خۇشال كۈلدۈرسە، گاھ رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ دولقۇنلىرىدا لەيلىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنسان ئۆز قەلبىدىكى ئۆزىنى تېپىپ چىقىپ، رېئاللىق بىلەن قايتىدىن يۈز كۆرۈشىدۇ. بىر پارچە شېئىر خۇددى ئەڭ ياخشى ئارزۇ-ئارمانلار پۈتۈلگەن تىلەككە ئوخشايدۇ. شائىر مانا مۇشۇ تىلىكى بىلەن خەلقنى ئويغىتىدۇ ۋە رېئاللىققا يۈزلەندۈرىدۇ. خەلق ئاڭلىغۇچى، شائىر بولسا ئاڭلاتقۇچى. ئۇنىڭ ئاڭلىتىدىغىنى ئىنسانىي كامىللىققا خاس ئومۇمىي روھقا يۆلىنىپ، بىزەكسىز تۈيغۇدا ئۇچقۇنلانغان تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر چىنلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەگەر ئاڭلاتقۇچى قەلبىدىكىنى ئاڭلىغۇچىغا ياخشى ئىپادىلەپ بېرەلمىسە ياكى ئاڭلىغۇچىنى قايىل قىلالمىسا، ئۇنداقتا ئاڭلاتقۇچىنىڭ ئاڭلىغۇچىغا نىسبەتەن ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايدۇ-دە، بارا-بارا ئاڭلىغۇچىنىڭ قەلب قەسرىدىن پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ. شۇنداق شائىرلىرىمىز باركى، ئۇلار ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى ھېس-ھاياجانلىرىنىمۇ، كىچىككىنە خۇشلۇق ۋە خاپىلىقلىرىنىمۇ ئاڭلىغۇچى بىلەن ئورتاقلىشىشنى كېچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقلىرى بىلەن، ئەقىل دۇردانىلىرىنىڭ قەلب كۆزنەكلىرىدىن، ئاڭلىغۇچى قەلبىگە ئاجايىپ سېھىرلىك مۇڭلارنى تۆكىدۇ. ئۇلارنىڭ روھى خەلقنىڭ روھى بىلەن بىر، ۋىجدانى خەلقنىڭ ۋىجدانىغا تۇتاش، دېگەنلىرى خەلقنىڭ يۈرەك سۆزى، ئىزدەنگەنلىرى خەلقنىڭ ئىزدەنگەنلىرى بىلەن ئوخشاش، شۇڭا خەلق ئۇلارغا ھەقىقىي شائىرلىق تاجىنى كىيگۈزگەن. شائىر مۇختار بۇغرا دەل مۇشۇنداق شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ مول تەسەۋۋۇرى بىلەن تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق قەلبىنىڭ پىنھان جايلىرىغا كۆمۈلۈپ

* بۇ ماقالە 2012- يىلى 11- ئاينىڭ 10 -كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: بۇلبۇل ئەكرەم (1962-يىلى 10-ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، بالىلار ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

قالغان، بىراق خەلق ئۆزى ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتقان تەرەپلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇنى سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، يەنە خەلققە قايتۇرۇپ بەردى. شۇ ۋەجىدىن خەلق ياخشى كۆرىدىغان، چىن قەلبىدىن ھۆرمەتلەيدىغان، ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان خەلق قەلبىدىكى ھەقىقىي بىر شائىرغا ئايلاندى. ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىدە «ئاخشامقى لىرىكا »، «تىكەن پەسلى»، «قۇم پەسلى»، «بەشىنچى پەسىل» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرىنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا سۇنۇپ، خەلقىمىزنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

بالىلار تېمىسى — دۇنياۋى تېما. بالىلار تەربىيەسى، بالىلارنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ئويلىنىش- ھەر بىر ئىنساننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. شائىر مۇختار بۇغرا ئوخشاشلا بىر ئىنسان بولۇش ۋە شائىر بولۇش، ئەڭ ئەقەللىي قىلىپ ئېيتقاندا، بىر تەلەپچان ئاتا بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ زىممىسىدىكى بۇ مەسئۇلىيەتنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدلىرى بولغان ئۇماق، سەبىي بالىلار ئۈچۈنمۇ تىنىمسىز قەلەم تەۋرىتىپ، بالىلارغا چۈچۈك، تاتلىق مىسرالىرىدىن گۈلدەستە سۇندى. ئۇنىڭ «كىچىك بالا ئەمەسمەن»، «مەن قېرى بالا»، «يىغلاڭغۇ بالا»، «ئانا، قوزام دېمىگىن»، «كىم كېرەك»، «بالا بولماق تەس»، «بىز ئامراق چۆچەككە»، «دادام بالام»، «قاناتلىق توشقان» قاتارلىق بالىلار شېئىرلىرى يالغۇز بالىلار ئارىسىدىلا زور تەسىر قوزغاپ قالماستىن، بەلكى چوڭلارنىڭمۇ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتتى.

ئۇ بالىلار شېئىرلىرىدا قەلب دۇنياسى گۈزەل ئارزۇ- ئارمانلار بىلەن تولغان، ئۇماق، شوخ، تېتىك بالىلارنىڭ جانلىق قىياپىتىنى سىزدى، بالىلارنىڭ قەلب ئېتىزىنى قازدى، بالىلارنىڭ كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئەينەن يازدى. شۇڭا ئۇنىڭ ھەر بىر پارچە شېئىرىنى بالىلار ئۆزلۈكى، بالىلار تۇرمۇشى، بالىلار دۇنياسىنىڭ ئەينەن سۈرىتى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇماق، سەبىي بالىلار ھاياتلىقىنىڭ كۆركى، تۇرمۇشىنىڭ لەززىتى، قىزىقى، ئائىلىنىڭ ئىللىق قۇياشى، شادلىقى. كۆڭۈللەر زوقى، ئامرىقى. شۇنداق، بالىلار كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ، دىللارغا ھۇزۇر بەرگۈچى رەڭدار گۈل- غۇنچە، خۇشپۇراقلىق گۈل-چېچەك، ھەر قانداق كىشىنىڭ قەلب تارىنى چېكىپ، روھىي دۇنياسىنى شادلىق ھېسلىرى بىلەن تولدۇرالايدىغان يېقىملىق مۇزىكا، تۇرمۇش مۇساپىسىدە ھارغان، چاڭقىغان، ئاچقانلارنىڭ دېگەن يېرىگە بارىدىغان زەمزەم، ئوخشىغان ئۇگرە. ئەجدادلار سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار». شۇڭا بالىلار باركى، ئازادىلىك، ئاراملىق بار؛ بالىلار باركى، خۇرسەنلىك، خۇشاللىق بار؛ بالىلار باركى، كۆڭۈل توق، ھارغىنلىق، كۆڭۈلسىزلىك يوق. بالىلارنىڭ ھاياتلىقتا، تۇرمۇشتا، ئائىلىدە، جەمئىيەتتىن ھەر بىر ئوقۇرمەن ئالدىدا بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن شائىر مۇختەر بۇغرا ئوقۇرمەنلەرنىڭ بالىلىقفا ئىنتىلىش، بالىلارنى سۆيۈش، ئىززەتلەش ئېڭىغا يېقىندىن جۆر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇلار ئىنتايىن ئامراق بولغان بالىلارنىڭ جانلىق قىياپىتىنى نامايان قىلدى.

شۇنداق، مۇختەر بۇغرانىڭ بالىلار شېئىرلىرىدا ئەڭ دەسلەپ كۆزىمىزگە چېلىقىدىغىنى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان، قەلب دۇنياسى گۈزەل ئارزۇ- ئارمانلارغا تولغان، ئادەم بولۇش يوللىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنىۋاتقان، شوخ، تېتىك، ئاددىي-ساددا، ئەدەپ ئەخلاقلىق، تىرىشچان، مۇھەببەت- نەپرىتى ئېنىق، كىشىلىك ھاياتقا كۈلۈپ بېقىۋاتقان ئۇماق بالىلارنىڭ جانلىق سۈرىتى. بىز ئۇنىڭ بالىلار تۇرمۇشى سۈرەتلەنگەن ئالبومنى ۋاراقلىغىنىمىزدا كۆز ئالدىمىزدا مۇنداق سۈرەتلەر بىر-بىرلەپ نامايان بولىدۇ.

## 1. ئەنئەنە ۋارىسلىرى ئوبرازى

ئەنئەنە ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرغان قىممەتلىك سوۋغىسى، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ئەۋلادلارنىڭ بۇرچى ۋە ۋىجدانىي خىسلىتى. ئېسىل ئەنئەنە، قىممەتلىك بايلىق، ئەدەپ-ئەخلاق مەكتىپى، مېھر- مۇھەببەت بۇلىقى، ئەنئەنە يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەجدادلار چىرىغىنى ئۆچۈرمەسلىك، ئەجدادلار يولىنى

داۋام ئەتكۈزۈشنىڭ مۇھىم ئاساسى. ئۆزبېك ئەدىب ئۆتكۈر ھاشىموفنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «ئەدەبىيات شۇنداق بىر دەرەخكى، ئۇنىڭدا ئومۇمىي ئىنسانغا خاس بولغان مېۋىلەر پىشىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ يىلتىزى مەۋجۇت مىللىي تۇپراققا تۇتاشقان بولىدۇ». بىر مۇختەر بۇغرا باللار شېئىرلىرىدىن دەل مانا مۇشۇنداق ئانا تۇپراق ھىدىنى سېزىپ ھوزۇرلىنىمىز، ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزنى ئۆز خۇلقى-مىجەزى ۋە پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا چوڭقۇر سىڭدۈرگەن ئەنئەنە ۋارىسلىرىنى، قەلب دۇنياسى ئەجدادلار روھى، ئەجدادلار تىلىكى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئۈمىدۋار ئىز باسارلىرىمىزنى كۆرۈپ، شادلىنىمىز، ئۆز ئەكسىمىزنى، ئۆز كەلگۈسىمىزنى كۆرگەندەك بولۇپ، ھاياجان قايناملىرىغا چۆمۈلىمىز.

سالام مېھرى-مۇھەببەتنىڭ، دوستلۇقنىڭ، يېقىنچىلىقنىڭ ئىپادىسى. شائىرنىڭ باللار شېئىرلىرىدىن ئەڭ دەسلەپ ھېس قىلىدىغىنىمىزمۇ دەل باللار سالىمىدىن كەلگەن ئىللىقلىق ھەم چوڭقۇر مېھرى-مۇھەببەت.

ئاپتورنىڭ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» ناملىق شېئىرىدا («قۇم پەسلى» 115- بەتكە قاراڭ) سىزغىنى پۈتكۈل ۋۇجۇدى ئەجدادلار روھى بىلەن نۇرلانغان، بىزنىڭ دىدارلىشىش، سالاملىشىش ئادەتلىرىمىزگە، ھېيت-بايرام ئەنئەنىلىرىمىزگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە تولۇق ئىپادىلەۋاتقان ئىز باسارلىرىمىزنىڭ جانلىق سۈرىتى. ئەنە ئۇ جامائەت سورۇنىغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگىنىچە ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە قويۇپ، ئەدەپ بىلەن كىرىپ كېلىۋېدى، سورۇندا قوياش پارلىغاندەك بولدى، بارچە قەلبلەرگە ئىللىق سېزىم تارالدى. سورۇن ئەھلى ئۇنىڭ سالامىغا سالام قايتۇرۇشتى. ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن بېقىشتى، ئۇنىڭدىن پەخىرلەندى، چەكسىز سۆيۈندى.

شۇنداق، بۇ ئېسىل سۈرەت چوڭلارنى ئۈمىدلەندۈردى، ئۆز تەگتۇشلىرىنى روھلاندۇردى ۋە چوڭقۇر ئويلاندۇردى. ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنى تولىمۇ جانلىق بىر ئەنئەنە تەربىيەسىگە ئىگە قىلدى. ھەممىمىز بىلىمىز، ئەنئەنە تەربىيەسى مەڭگۈلۈك تەربىيە، چۈنكى ئەنئەنە ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرغان ئەڭ قىممەتلىك سوۋغىسى، ئەجدادلار تۇرمۇش ھاياتى ۋە ئەقىل-پاراسىتىنىڭ مېغىزى. ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىمىز ئازىيىپ بېرىۋاتقان، جۈملىدىن ئېسىل ۋە يېقىشلىق ئەنئەنىۋى سالاملىشىش، كۆرۈشۈش ئادەتلىرىمىز سۇسلىشىپ ھەم ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» ناملىق بۇ شېئىرنىڭ مەيدانغا چىقىشى ۋە ناخشا قىلىپ ئېيتىلىشى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، بۇ شېئىر باللارغا ئاتىلارچە ھەقىقىي سالامنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆگەتتى، ئەنئەنىۋى سالاملىشىش ئادەتلىرىمىزنى ئۇنتۇپ، ياۋروپالىشىپ كېتىۋاتقان ياشلىرىمىزنى سەگىتتى، تەرلەتتى، قايتىدىن ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە نورۇز بايرىمىنىڭ ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق بايرىمى، نورۇز پائالىيىتىنىڭ يىراق- يېقىننى جەم قىلىپ، ھەممىلەنگە «ئادەم ئادەم بىلەن ئادەم» دېگەن ھېكمەتنى چوڭقۇر تونۇتىدىغان، ئۇيۇشۇش، ھەمكارلىشىشنىڭ شېرىن تەمىنى ھەممىگە تېتىتىدىغان بىرلىك، ھەمكارلىق سورۇنى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى.

شۇنداق بىر بالا بار، بوۋىسى تەمبۇر ئېلىپ بەرگەن، تەمبۇر چېلىش يوللىرىنى قايتا-قايتا دەپ بەرگەن، بۇ قالتىس ئەقىللىق ھەم زېرەك بالا، ئاسانلا بىلىۋالدى تەمبۇرنىڭ تىلىنى، تەمتىرىمەي چالغىدەك بولدى، ئاھاڭلارنىڭ ھەر خىلىنى. ئەنە بۇ بالا شۇ تاپتا بوۋىسىدىن تەمبۇر سورىماقتا:

جېنىم بوۋا، جان بوۋا،
تەمبۇرۇڭنى بەر ماڭا،
ئۇيغۇر كۈيى ياڭرىسۇن،
ۋارىس بولاي مەن ساڭا.

. . . . . . . . . . . . . .

(«تەمبۇرۇڭنى بەر ماڭا»دىن «قۇم پەسلى» 124-بەت)

تەبىئىيكى بىزنىڭ بۇ بالىنى باغرىمىزغا مەھكەم بېسىپ، پېشانىسىگە يېنىش-يېنىشلاپ سۆيگىمىز، باش-كۆزلىرىنى چوڭقۇر مېھرىمىز بىلەن سىلىغىمىز كېلىدۇ، بەلكىم بالىنىڭ بوۋىسىمۇ چوقۇم شۇنداق قىلدى ۋە دەرھال ئامراق تەمبۇرىنى بۇ ۋارىسىغا، يۈرەك پارىسىغا تۇتقۇزدى، بالا شۇ ھامان تەمبۇرنى

سايرىتىۋەتتى، «دىل كۈيى»، «ئەجەم». . . لەرنىڭ ئۇزۇلمەس مېلودىيەسى بارچە قەلبلەرنى ئۆزىنىڭ جەلپكار ئۇدارلىرى قوينىغا ئورىدى. بوۋاي رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى، ئۇ شۇ تاپتا ئۆز ۋارىسىدىن چەكسىز سۆيۈنگەن، ئۆز چىرىغىنىڭ ئۆچۈپ قالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ خاتىرجەم بولغان ئىدى. بىزمۇ شۇ تاپتا بوۋايغا ئوخشاشلا ئەجداد ئىزىنىڭ مەڭگۈ كۆمۈلۈپ قالمايدىغانلىقىغا ھەقىقىي تۇردە ئىشەندۇق. شۇنداق، ئەنئەنە داۋاملىشىدۇ، چۈنكى، بىزنىڭ ئۇنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئۇلايدىغان مانا مۇشۇنداق ۋارىسلىرىمىز بار، ئەجدادلار ئىبقىنى ئۈزۈلمەيدۇ، چۈنكى بىزنىڭ ئۇنى مەڭگۈ قۇرۇتمايدىغان مانا مۇشۇنداق پۈتمەس-تۈگىمەس بۇلاقلىرىمىز بار، ئەجدادلار ئىزى ئۆچمەيدۇ، چۈنكى، بۇ ئىزلارنى يېڭىلاپ تۇرىدىغان مانا مۇشۇنداق كارۋانلىرىمىز بار. ئەڭ مۇھىمى مۇشۇنداق ئەنئەنە ۋارىسلىرىنىڭ جانلىق سۈرىتىنى نەپىس سىزىپ، ئەۋلادلارغا ئەنئەنە تەربىيەسى بېرىدىغان، ئۇلارنىڭ ئەجداد ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئىرادىسىنى مۇستەھكەملەپ تۇرىدىغان مۇختەر بۇغرادەك قەلبى ئويغاق مەسئۇلىيەتچان تەربىيەچى شائىرلىرىمىز بار.

بىز ئۇيغۇرلار سەنئەتخۇمار مىللەت، بىزنىڭ ھەر قانداق كىشىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان، قەلب تارىنى چېكىدىغان ئاجايىپ يېقىملىق كۈيلىرىمىز ھەم بۇ كۈيلەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ياڭرىتالايدىغان تولىمۇ ئېسىل سازلىرىمىز بار. تۈرلۈك نەپىس ھەم قىممەتلىك سازلارنىڭ بىزدە شۇنچە كۆپ ئومۇملىشىشى ۋە ئەۋلادتىن- ئەۋلادقا مىراس بولۇپ، بۈگۈنگىچە چېلىنىپ كېلىشىدىكى سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ دىلى ناخشا كۈيلەر بۇلىقىدىن سۇ ئىچىپ ياشارغان، سەنئەتكە كۆيگەن، سەنئەتنى سۆيگەن، ئىز باسار تەربىيەلەشنى ئەڭ چوڭ ئىش دەپ بىلگەن بوۋىلىرىمىزنىڭ ھەمدە ئاشۇ بوۋىلار تىلىكىنى مۇقەددەس بىلگەن، بوۋىلار كۆيگەنگە كۆيگەن زېھنى ئۆتكۈر، قولى چېۋەر، ئۈمىدۋار، ئىرادىلىك بالىلىرىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ ئەلۋەتتە.

ئۆزلىرىگە ئىزباسار تەربىيەلەش، ئۆز ھۈنىرىنى پەرزەنتلەرگە، نەۋرە-چەۋرىلەر، ئۇرۇق-تۇغقان ھەم قولۇم- قوشنىلارغا مىراس قالدۇرۇپ كېتىش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ئەنئەنىسى. شۇڭلاشقىمكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ، ئىزىنى باسىدىغان ئادەم چىقماسلىقىنى ئەڭ ئازابلىق ئىش دەپ قاراپ كەلگەن. «تەمبۇرۇڭنى بەر ماڭا»دە ئىپادىلەنگىنىمۇ دەل مۇشۇ خىل ئەنئەنە ھەم مۇشۇ خىل ئەنئەنىۋى تۇرمۇش كارتىنىسى.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ شۇنداق بىر ئەنئەنىسى بار، بالىلارنى ئەللەي ناخشىسى ئېيتىپ ئارام ئالدۇرىدىغان، ناخشىدىن تارىغان يېقىملىق كۈيلەر چەشمىسىگە ئوراپ ئۇخلىتىدىغان، يەنە تېخى ئۇلارنى چۆچەك-ھېكايىلەر دۇنياسىغا باشلاپ كىرىپ، چەكسىز تەسەۋۋۇرلار ئالىمىدە ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرىدىغان. بالىلىرىمىزنىڭمۇ شۇنداق بىر ئادىتى بار، چوڭلار ئاغزىدىن ھېكايە-چۆچەك ئاڭلىمىغىچە ھەرگىز بولدى قىلمايدىغان. ئەجدادلار ئەنئەنىسى بالىلاردىكى بۇ خىل ئادەتنىڭ، ئۆزگىچە بىر خىل قىزىقىشنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان. بۇ ئەمەلىيەتتە ئەجدادلىرىمىزنىڭ بالىلارنىڭ يېقىملىق ھەم مۇڭلۇق كۈيلەرگە، قىزىقارلىق ھېكايە- چۆچەكلەرگە تولىمۇ ئامراق بولۇشتەك پىسخىك خاراكتېرى ھەم مەنىۋى ئېھتىياجىنى چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكى، تەربىيەدە باشتىن-ئاخىر بالىلار پىسخىكىسى، جۈملىدىن بالىلارنىڭ قىزىقىشى، ئارزۇ- تەلەپلىرىنى چىقىش قىلغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مانا بۇ ئەنئەنە، مانا بۇ ئادەت، مەڭگۈ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان. مۇختەر بۇغرانىڭ «چۆچەكلەر ئائىلىسى»، «بىز ئامراق چۆچەككە» ناملىق شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتكىنى دەل مۇشۇ خىل رېئاللىق. شېئىردا يېزىلغىنىدەك، بالىلار چۆچەك ئاڭلىمىسا خۇش بولمايدۇ، چۆچەك-ھېكايە بىر باشلىنىشى بىلەن تەڭلا بالىلارمۇ چۆچەكلەر دۇنياسىغا كىرىپلا كېتىدۇ، ئۇلار «ئالتۇن كەش»نى كىيىدۇ، قەدىم-قەدىم شەھەرلەرگە بارىدۇ، بىر سېھىرلىك ئالمىنى يەپلا، شاھزادىگە، مەلىكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، مىسران قىلىچنى قولىغا ئېلىپ، يەتتە باشلىق يالماۋۇز بىلەن ئېلىشىدۇ، گاھ چېچەككە ئايلانسا، گاھىدا كېپىنەككە ئايلىنىدۇ، ئۇچار گىلەمدە ئولتۇرۇپ، ياغاچ ئاتقا مىنىپ، پەلەكتە ئەركىن پەرۋاز قىلىدۇ، شاھزادە،

مەلىكىلەر ئۇلارنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش دەرۋازىلىق ھويلىسىدا بەزمە قىلىدۇ، ئۇلار ھەرەمباغقا ماڭسا، گۈللەر تازىم قىلىشىدۇ، ئۇلار يەنە تېخى سارايدىكى جاھانىنامىدىن پۈتۈن دۇنيانى كۆرەلەيدۇ. . . باللارچە تىل بىلەن تويۇنغان مىسرالار ئارقىلىق سىزىپ چىقىلغان بۇ گۈزەل كارتىنا باللارغا چوڭچەك ئاڭلىغاندىكى تەبىئىي ھۇزۇرنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدۇرىدۇ، مانا بۇ خىل ئۆزگىچە ئېستېتىك زوقنى شائىرنىڭ ئىپادىلەش ماھارىتىدىن، شېئىردىكى ھەر بىر سۆز، ھەر بىر مىسرا، ھەر بىر كۇپلېتنى چوڭچەك ئاڭلاشقا ئامراق بىر بالىغا ئايلىنىپ تۇرۇپ يازغانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

باللارنىڭمۇ داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش ئادىتى بار، بۈگۈنكى باللار دەل بۇرۇنقى باللار تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ بىردىنبىر ۋارىسلىرى. باللارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئويۇندىن ئايرىلالمايدۇ، ئويۇن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى. ئۇيغۇر باللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىنىڭ ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ، شۇنچە مۇكەممەل ساقلىنىپ كېلىشىنىمۇ باللار ئارىسىدىكى ۋارىسلىق قىلىش، داۋاملاشتۇرۇش ئەنئەنىسىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. مۇختەر بۇغرا «تېز تالاغا چىق ئاداش»، «كىم كېرەك؟» قاتارلىق شېئىرلىرىدا باللاردىكى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئەنئەنىسىنى ئەنئەنىۋى ئويۇن قوشىقى ئۇسلۇبىدا ئىپادىلىدى. شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر باللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى «ئويۇنغا چىللاش» قوشىقىنى زامانغا ماس ھالدا يېڭىلىدى ھەم باللار تۇرمۇشىغا يېقىندىن ماسلاشتۇردى:

باللار:

ئاق تاش، كۆك تاش،
سۇ ئىچىدە سۈزۈك تاش.
كەڭ كوچادە ئوينايلى،
تېز تالاغا چىق ئاداش.

بالا:

ئاق تاش، كۆك تاش، سۈزۈك تاش،
تالا ھازىر قويۇقۇرۇق.
رۇخسەت قىلماس ئانامۇ،
ئىشلىۋالاي تاپشۇرۇق.

. . .

( «تېز تالاغا چىق ئاداش»تىن «قوم پەسلى»127-بەت)

مانا بۇ ئەنئەنىۋى باللار ئويۇنلىرىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى داۋامى ۋە راۋاجى، شۇنداقلا بۈگۈنكى دەۋر باللىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ۋە پسىخىكىسىغا لايىقلىشىشى. شېئىردا سىزىلغىنىمۇ دەل دوستلىرىنى ئويۇنغا چىللاۋاتقان باللار ۋە تاپشۇرۇق دۆۋىسى ئارىسىدىن چىقالمايۋاتقان بالا سۈرىتى. ئەنە بىر توپ باللار ئويۇنغا چىللاش قوشىقىنى ياڭرىتىپ، دوستىنى ئويۇنغا چاقىردى، دوستى تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولمىغىچە ئانىسىنىڭ ئويناشقا رۇخسەت قىلمايدىغانلىقىنى، ئويۇن ئويناشقا تېخى بالدۇر ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، باللار يەنىلا ئۇنى ئويۇنغا قىزىقتۇرۇپ، چانا تېيىلىدىغىنىنى، قار بوۋايغا جەڭ ئېلان قىلىپ، نورۇز بوۋاينى خۇش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. بالا دوستلىرىغا مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:

قار بوۋاي، نورۇز بوۋاينىڭ
بولغانمىكىن ئانىسى؟
بىزنىڭكىدەك ئۇلارنىڭ
بولغانمىكىن چانىسى؟

بۇ يەردە بىرى ئانىنىڭ بالا قەلبىدىكى يۇقىرى ئورنى، يەنە بىرى بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشىدىن پەخىرلىنىش، سۆيۈنۈش، ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، ئانىنى چوڭ بىلىش ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، بالىنىڭ ئانىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن ئېيتقانلىرى ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ قەلبىدىمۇ ئاتا-ئانا مۇھەببىتىنى ئويغاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار:

ئاتا-ئانا دىللارنىڭ
كۆكىدىكى ئاي، قوياش.

دەپ قوشاق توقۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئوخشاشلا ئاتا-ئانىلىرىدىن سۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى. باللىرىمىزنىڭ ئۆز ئاتا- ئانىلىرىنى ھەممىدىن چوڭ بىلىش، ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش ئېڭى ئەنئەنىۋى ئويۇن قوشىقى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان «كىم كېرەك؟» ناملىق شېئىردا تېخىمۇ ئېنىق ھەم تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. چۈنكى، بۇ شېئىردا باللار:

«زادى ساڭا كىم كېرەك؟» دېگەن سوئالغا باشتىن ـ ئاخىر«جان ئاتا ـ ئانام كېرەك» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. قارىماققا بۇ شېئىرلار بالىلارنىڭ بىر ـ بىرىنى ئويۇنغا چاقىرىش، ئويۇن تەشكىللەش ئېھتىياجى بىلەن توقۇلغان ئويۇن قوشىقىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى، ئاتا ـ ئانىلىرى، تەڭتۇش دوستلىرىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتى سىڭىپ كەتكەن. تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، «تېز تالاغا چىق ئاداش» شېئىرىنىڭ ئاخىرىدىكى «ئەجدادلارنىڭ، ئەۋلادنىڭ ئانىسىدۇر تەبىئەت» دېگەن مىسرالاردا بالىلارنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەتنى ئۇلۇغلاش ئىدىيەسىمۇ ئىپادىلىنىپ چىققان. شائىر بۇ يەردە ئەنئەنىۋى ئويۇن قوشاقلىرىمىزنىڭ تىلىنىڭ ئاددىي ـ ساددىلىقى، رىتىمىنىڭ ئېنىق، ئاھاڭدارلىقىنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن بالىلار ئويۇنلىرىنى تەشكىللەش، داۋاملاشتۇرۇش، ئويۇن ھەرىكەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئەڭ قىممەتلىك تەربىيەۋى مەزمۇنلارنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىگە يېقىندىن ۋارىسلىق قىلىپ، دەسلەپ شېئىردا ئالاھىدە ئويۇن پۈرىقى، ئويۇن تۈسى شەكىللەندۈرگەن، شۇ ئارقىلىق بالىلارنى شېئىر ئىچىگە تەبىئىي ھالدا باشلاپ كىرىپ، ئاندىن ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغان شېئىرىي مەنا ـ تەربىيەنى بالىلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئېيتقۇزغان. مانا بۇ ھەممەيلەن يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك ئۇلۇغ ئىدىيە، مانا بۇ ئومۇملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك قىممەتلىك تەربىيە. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرىمىز بارغانسېرى ئازلاپ، ھەتتا يوقىلىپ كېتىۋاتقان ئۆتكۈنچى دەۋردە بالىلارغا ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىمىزنى ئەسلىتىدىغان بۇ خىلدىكى ئويۇن قوشاقلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئىنتايىن قىممەتلىك.

ھېيت، مەشرەپلىرىمىز بالىلارنى كۆلدۈرىدۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداشلىرى ھەم تەڭتۇشلىرى بىلەن جەم قىلىپ، ئويۇنلىرىنى تازا قىزىتىپ، چەكسىز سۆيۈندۈرىدۇ، دوستلۇق، ئىناقلىق، قېرىنداشلىق ھەم يېقىنچىلىق مېھرىگە چۆمدۈرىدۇ. ئۇلارغا يەنە ئەدەپ ـ ئەخلاق، قائىدە ـ يوسۇن ھەم ئادەم بولۇش يوللىرىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. شائىرنىڭ «مەشرەپ»، «ھېيت ناخشىسى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگىنى دەل مۇشۇ خىل ھېس، مۇشۇ خىل تۇيغۇ. ئەمەلىيەتتە شائىرنىڭ بۇ شېئىرلار ئارقىلىق ئالغا سۈرمەكچى بولغىنى دەل ئەنئەنە تەربىيەسى، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ئىدىيەسى.

## 2. ئۆزى كىچىك، ئەقلى چوڭ بالىلار ئوبرازى

بالىلار تولىمۇ قىزىق، ئۇلار چوڭلارغا بەكلا ھەۋەس قىلىدۇ، چوڭ بولۇشنى، چوڭلاردەك ئەركىن، مۇستەقىل ياشاشنى ئويلايدۇ. بىز چوڭلار پۈتۈنلەي بالىلارنىڭ ئەكسىچە ئويلايمىز، ھەمىشە بالىلىققا قايتساقكەن دېيمىز، بالىلىرىمىز بولسا بىر كېچىدىلا چوڭ بولۇپ كەتسەم، چوڭلاردەك ھەممە ئىشنى قىلالايدىغان بولسام. . . دېگەنلەرگە بەك قىزىقىدۇ. چۈنكى، ئۆزى تەۋە بولمىغانغا ئىنتىلىش بىز ئىنسانلارنىڭ گەۋدىلىك بىر پىسخىك خاسلىقىمىز بولسا كېرەك. بالىلىرىمىز سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان «كىچىك بالا ئەمەسمەن»، «دېمە مېنى بىر بالا»، «ئانا، قوزام دېمىگىن» قاتارلىقلاردا گەۋدىلەنگىنى دەل مۇشۇ خىل تۇيغۇ. ئەنە ئاغزىدىن تېخى ئانا سۈتىنىڭ ھىدى كەتمىگەن بالا ئۆزىنىڭ ئەمدى چوڭ بولغانلىقىنى ئاتا ـ ئانىسى، تەربىيەچىسىگە، جۈملىدىن ئەتراپىدىكى چوڭلارغا بىلدۈرۈپ قويۇشنى ئويلاپ، «كىچىك بالا ئەمەسمەن» دەپ قەلب ناخشىسىنى ئېيتىدۇ («قۇم پەسلى»117 ـ بەتكە قاراڭ).

بالا مانا بۇ تاتلىق ناخشىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەمدى چوڭ بولغانلىقىنى، ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزى قىلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىنى يەڭگىللىتىدىغانلىقىنى، ئەمدى قەغىشلىك قىلىپ ئۇلارنى ئاۋارە قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئاتا ـ ئانىسىنى چەكسىز سۆيۈندۈردى، ئۇلارنىڭ ھاردۇقىنى چىقاردى، يەسلىدىكى مۇئەللىملىرىنى ئۆز ئانىسىدەك كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، ئۇستازلىرىغا ئۆزىنى يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيدۈردى، ئوقۇرمەنلەرنى بالىلىقنىڭ شېرىن ھېسلىرىغا چۆمدۈردى. شۇنداقلا يەنە تەڭتۇشلىرىنى ئاتا ـ ئانىلىرىغا بىھۇدە تەلەپ قويۇپ، ئۇلارنى ئاۋارە قىلماسلىققا، يەسلى مۇھىتىغا ماسلىشىپ، تەربىيەچىلىرىنى ھۆرمەتلەشكە دەۋەت قىلدى.

قەلب ئېتىرىمىزدىن ئەقىل تېپىپ چوڭ بولۇۋاتقان بۇ ئوماق باللىمىز ئېلىپ كەلگەن پەخىرلىنىش تۇيغۇلىرى، ئۇنىڭ تاتلىق گەپلىرى قالدۇرغان تاتلىق ھېسلار تېخى تارىماي تۇرۇپلا، كۆز ئالدىمىزدا يەنە بىر بالا، بالا بولغاندىمۇ بىر «قېرى بالا» پەيدا بولىدۇ. ئەنە ئۇ «مەن قېرى بالا» دەپ قوشاق توقۇغىنىچە تاقلاپ-سەكرەپ ئالدىمىزغا كەلمەكتە. ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتماقتا.

مەن قېرى بالا،<br>
چېچىم قاپقارا.<br>
قىلغان ئىشمنى،<br>
ئانامدىن سورا.<br>
چىشلىرىم چوشۇپ،<br>
بوپقالدىم كوماك.<br>
يۇمشاق ناننىمۇ،<br>
چاينايمەن ماك-ماك.<br>
ئانام مەكتەپكە،<br>
ماڭدى قولتۇقلاپ.<br>
«قېرى» سەن دېدۇ،<br>
ئەقلىمگە قاراپ.

( «مەن قېرى بالا» دىن «قۇم پەسلى»120-بەت)

قارىغاندا بۇ راستتىنلا بىر «قېرى بالا»دەك قىلىدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ دادىللىق بىلەن «قىلغان ئىشمنى، ئانامدىن سورا. «قېرى» سەن دېدۇ، ئەقلىمگە قاراپ» دېگىنىدىنلا، ئۇنىڭ گەرچە ئۆزى كىچىك بولسىمۇ، ئىش قىلىشتا چوڭلاردىن قېلىشمايدىغانلىقىنى، ھەر بىر ئىشتا ئانىسىنى تولۇق رازى قىلىپ كېلىۋاتقىنىنى، ئەقىل جەھەتتە «قېرى»لاردىن كەم ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىش قىيىن ئەمەس. ئاتا-ئانىلار ھەممىشە ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئەقىللىق، زېرەك ھەم ئىشچان بولۇشىنى، بولۇپمۇ ئەقلىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىپ، ياخشى ئوقۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىشىدۇ. مانا بۇ «قېرى بالا» دەل ئاتا-ئانىلارنىڭ ئارزۇسىدىكىدەكلا، ئۇلار كۈتكەندەكلا بىر ئوبراز. شۇڭا ئۇنىڭ توقۇغان قوشاقلىرى كەڭ ئاتا-ئانىلارنى رازىمەنلىك، سۆيۈنۈش ھېسلىرىغا، گۈزەل، غۇبارسىز باللىق ئەسلىملىرىگە چۆمدۈرسە، ئۆسمۈر ئوقۇرمەنلەرنى ئۆز ئەكسىنى ئەينەن كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ، ۋىلىق-ۋىلىق كۈلدۈرىدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلارغا قانداق بالا بولغاندا ئاتا-ئانىلارنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىققىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ.

## 3. سەبىي دېھقان ئوبرازى

باللار كۈندىلىك تۇرمۇشتا تەسەۋۋۇرنىڭ ئۇچقۇر ئېتىغا مىنىپ، پۈتۈن ئالەمنى كېزىپلا ياشايدۇ، ھېلى قۇشقا، ھېلى كېپىنەككە ئايلانسا، ھېلى چىن تۆمۈر باتۇرغا، سادىر پالۋانغا ئايلىنىدۇ. . . باللار قەلبى ئارمانلار بۇلىقى، گۈزەل ئارزۇلار ئۇلارنىڭ دائىملىق ھەمراھى. شۇڭلاشقىمكىن باللار شېئىر-قوشاقلىرىدىن باللارنىڭ سادا، پاك ھەم گۈزەل ھەم ئۇلۇغۋار ئارزۇ- ئارمانلىرى تۆكۈلۈپلا تۇرىدۇ. بىزدە باللارنىڭ ئالىم بولۇش، ئۇچقۇچى بولۇش، رەھبەر بولۇش، ئىنژېنېر، دوختۇر، ئوقۇتقۇچى، ھەربىي، دىرېكتور. . . بولۇش ئارزۇلىرى ئىپادىلەنگەن شېئىرلار خېلى كۆپ. ئەمما بىز مۇختەر بۇغرانىڭ «سەبىي دېھقان» ناملىق شېئىرىنى ئوقۇساق، باشقا باللار شېئىرلىرىدا كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان كەلگۈسىدە دېھقان بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان بىر دېھقان باللىسىنىڭ جانلىق سۈرىتىنى كۆرىمىز. بىز ھەممىشە دېھقان ئۇلۇغ، دېھقان قەدىرلىك، دېھقان بولماي نان نەدە، دېھقان بولماي دان نەدە، دېھقان بولماي جان نەدە. . . دەيمىز-يۇ، ئەمەلىيىتىمىزدە دېھقانلارنى ئانچە بەك چوڭ بىلىپمۇ كەتمەيمىز، ھەتتا بەزىلىرىمىز ئۇلارنى كەمسىتىمىز، كۆزگە ئىلمايمىز. شۇ تۈپەيلى، باللىرىمىزغىمۇ دېھقانىنى ئۇلۇغلاش، ئەمگەك مېۋىلىرىنى قەدىرلەش تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشقا سەل قارايمىز. ئەمەلىيەتتە بىز شۇ تاپتا ئىلغار پەن-تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن قوراللانغان، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش ھەم باشقۇرۇشقا ماھىر، مەدەنىيەتلىك دېھقانلارغا تولىمۇ ئېھتىياجلىق. مۇشۇنداق بىر شارائىتتا مۇختەر بۇغرانىڭ ئۆز شېئىرىدا ئاتا-ئانىسىغا ئوخشاش دېھقان بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان «سەبىي دېھقان» ئوبرازىنى

مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىشى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ شۇنداق بىر ئوبراز، دېھقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ چېھرىدە كۈلكە جىمىرلىتالايدىغان، دېھقان ئاتا-ئانىلارنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقىپ، ئۇلارنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرالايدىغان، ئۆز تەڭتۇشلىرىنىڭ ئامراقلىقى، قايىللىقى ۋە مايىللىقىنى قوزغىيالايدىغان. شۇنداق، بۇ ھەممىمىزنى سۆيۈندۈرگەن، ھەممىمىزنى ئويلاندۇرغان سەبىي ھەم سۆيۈملۈك بىر ئوبراز. بىز شېئىردىن ئۇنىڭ ئۆزى ئىشچان، ئىشتا پىشقان، ھەمىشە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەملىشىدىغان، ئانىسى «مەكتىپىڭگە كېچىكىپ قالساڭ بولمايدۇ، بىرگە ئىش قىلىشىپ بېرىمەن دېمەي، مېڭىۋەرگىن بالام» دېسىمۇ ئۇنىماي، مەكتەپكە مېڭىشتىن ئاۋۋال بىر مۇنچە ئىشلارنى قىلىۋېتىدىغان، ئەمگەكنى سۆيگەن، ئەمگەككە كۆيگەن، يەنە تېخى ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە دېھقان بولۇش ئارزۇسىنى ئېيتىپ، ئاتا-ئانىسىنى چەكسىز سۆيۈندۈرگەن، ئانىسى رازىمەنلىك بىلەن باغرىغا چىڭ باسقان ئىرادىلىك، چېچەن، قەيسەر بىر دېھقان بالىسىنىڭ قىياپىتىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز.

ھەممىمىز بىلىمىز، دېھقان بالىلىرى تولىمۇ ئىشچان ھەم غەيرەتلىك، چىدامچان. ئۇلار ئادەتتە سەھەرلا ئورنىدىن تۇرۇپ، قوي-كالىلىرىنى بېقىپ ياكى ئوت-چۆپ ئەكېلىپ تويغۇزۇۋېتىپ، ئاندىن مەكتەپكە بارىدۇ، مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىنمۇ بىر مۇنچە ئىش قىلىپ بولۇپ، ئاندىن تاپشۇرۇق ئىشلەيدۇ، پۇخادىن چىققۇدەك ئوينايدۇ. شېئىردا يارىتىلغىنىمۇ دەل مۇشۇنداق ئىشچان دېھقان بالىسىنىڭ ئوبرازى. بۇ ئوبرازنىڭ يارىتىلىشىنى ئەمەلىيەتتە شائىرنىڭ دېھقان بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە پسىخىك خاراكتېرىنى چوڭقۇر ئىگىلىگەنلىكى، دېھقانلارنى ئۇلۇغلاش، ھۆرمەتلەش ئىدىيەسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

## 4. سەھرا بالىسى ئوبرازى

ئانا سەھرانىڭ قوينى كەڭ، ئۇ يەردە ھايات قايناپ تۇرىدۇ، بالىلار ئويۇنلىرى قالتىس قىزىيدۇ. تونۇر بېشىدا ئېيتىلىۋاتقان چۆچەكلەر تۈننى تاڭغا ئۇلايدۇ، بۇ يەردىكى بالىلار تولىمۇ كارامەت، ئۇلار تال چىۋىقنى ئات قىلالايدۇ، مېغىزدىن تىزىق ياساپ مارجان قىلىپ ئاسالايدۇ، لايدىن ئۆي، قونچاقلار ياسىيالايدۇ، توقاچلار ياقالايدۇ، پۇرۇچلاردىن ھەر خىل كېيىملەرنى تىكەلەيدۇ. قىزىق قۇملارغا ئۆزىنى كۆمەلەيدۇ، لاي سۇلارغا بەخىرامان چۆمۈلەلەيدۇ، ئېگىز دەرەخلەرگە ئىككىلەنمەستىن يامىشىپلا چىقالايدۇ... بۇلارغا قاراپ ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئويۇن بىلەنلا ئۆتەمدىكىن دەپ قالماڭ، ئۇلار يەنە تېخى ئويۇنلىرىنى تۈگىتىپ، خامانلىققا، ئېتىزلىققا بېرىپ، ئاتا-ئانىلىرىغا ياندىشىپ تەرلەپ ھارغىچە ئىشلەيدۇ، ئۇلاغلىرىنى بېقىپ، بىردەمدىلا تويغۇزۇپ كېلەلەيدۇ... مانا بۇ مۇختەر بۇغرانىڭ «سەھرالىق بالا» شېئىرىدىكى سەھرا بالىلىرىنىڭ جانلىق سۈرىتى. بۇ تەبىئىي سۈرەت بىزنى ئىختىيارسىز ھالدا باغرى كەڭ، قوينى ئىللىق، ساپ ھاۋالىق ئانا سەھرا تامان باشلاپ ماڭىدۇ. بىز بالىغا ئەگىشىپ، سەھرا تۇرمۇشىنىڭ تەبىئىيلىكىدىن، سەھرا بالىلىرىنىڭ سەبىيلىكىدىن ھوزۇرلىنىمىز. شېئىردىكى ھەر بىر مىسرا بىزنى بالىلىققا قايتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ، بىلەكلىرىمىزگە سائەت سىزغىنىمىزنى، ئۆرۈك مېغىزىدىن تىزىق تىزغىنىمىزنى، قوقاسقا سېرىقتال جىگدىلەر كۆمگىنىمىزنى... ئەسلىتىدۇ، قەلب ئېتىزىمىزنى بالىلىقنىڭ تاتلىق شېرىنلىرى بىلەن سۇغۇرىدۇ. تېخىمۇ ئەستىن چىقمايدىغان مۇنداق ئىككى مىسرا بار: «ئاخشام كۆمگەن جىگدىلەر، پۇراپ كەتتى بەك خۇشبۇي». پاھ، نېمە دېگەن مېزىلىك-ھە! بۇ مىسرالارنى ئوقۇۋاتقىنىمىزدا بالىلار تونۇردىكى قوقاسقا كۆمۈپ قويغان جىگدىلەرنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى پۇراۋاتقاندەك، مېزىلىك تەمىنى تېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ ھاياجانلىنىمىز. ھەي، شۇ جىگدىلەر ھازىر بولسىچۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ قالىمىز. بۇ ئاپتور سىزغان سەھرا ۋە سەھرالىق بالا بەدىئىي سۈرىتىنىڭ كارامىتى، مانا بۇ تەبىئىي گۈزەللىك، ھەقىقىي ئېستېتىك زوق.

ئاپتور شېئىردا گەرچە سەھرادىكى بالىنىڭ ئىش-

ھەرىكىتىنى بىۋاستە كۆزىتىپ، ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل بايان قىلىش ئۇسلۇبىدا ئەمەس، بەلكى، ئۇنىڭغا سۆزلەش، خىتاب قىلىش، ئۇنى يېنىغا چاقىرىش يولى بىلەن ۋاستىلىك ئۇسۇلدا سىزىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما سەھرا بالىسىغا قارىتىلغان ئېيتىلمىلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە تۇرمۇش ئادىتى، خاسلىقىنى چىقىش قىلغان ھەم ئۇلارنى ھەر بىر مىسرا، ھەر بىر خىتابقا چوڭقۇر سىڭدۈرگەن بولغاچقا، بالا ئوبرازىنى كۆز ئالدىمىزدا بىز بەئەينى بىۋاستە كۆرۈپ تۇرىۋاتقاندەكلا نامايان قىلالىغان. مانا بۇ ماھارەت، مانا بۇ ئۇسلۇب.

## 5. پۇتبول ۋارىسلىرى ئوبرازى

پۇتبولغا ئامراقلىق-ئۇيغۇر باللىرىنىڭ خاسلىقى ۋە گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى. شۇڭلاشقىمىكىن مەيلى نەگە بارمايلى باللىرىمىزنىڭ پۇتبول تېپىپ يۈرۈشكەنلىكىنى، ھەتتا يوللاردىمۇ، تار كوچىلاردىمۇ پۇتبولنى دومىلىتىپ، پۇتبولغا ئەگىشىپ مېڭىشقىنىنى كۆرەلەيمىز. ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئارزۇلىرىنىمۇ پۇتبول بىلەن باغلاپ، «كەلگۈسىدە پۇتبولچى بولىمەن»، «مارادونا بولىمەن» دەيدىغان باللىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. سەزگۈر شائىر مۇختەر بۇغرا باللىرىمىزدىكى بۇ خىل ئىنتىلىشنى ماھىرلىق بىلەن كۆزىتىپ، «تەگرىتاغ بۈركۈتى» ناملىق باللار ناخشىسىدا قەلبىدە پۇتبول ئوتى لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان، پۇتبولغا ئۆزلىرىنى بېغىشلاۋاتقان پۇتبولچى باللارنىڭ سۈرىتىنى ئۇستىلىق بىلەن سىزىپ چىققان. شېئىرنىڭ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىدىغىنى يوگۇرۇش سۈرئىتى ئوقيا ئوقىنى تاڭ قالدۇرغىدەك تېز، بېرىلىپ قىلغان مەشىقلىرى ۋە پۇتبول مەيدانىدىن جىسمىغا كۈچ تولغان، پۇتبولغا بولغان چوڭقۇر ئىشتىياق قەلبىدە گۈلخان كەبى يالقۇنجاۋاتقان، بارلىقىنى پۇتبولغا بېغىشلىغان، پۇتبول لوڭقىسىغا ئېرىشىپ، ئەل-ۋەتەنگە شان-شەرەپ كەلتۈرۈشنى بىردىنبىر تېرىشىش نىشانى قىلغان ئىرادىلىك، ئۈمىدۋار، يېشىل مەيدان پىداكارلىرىنىڭ جانلىق ئوبرازى. ئۇلار ناخشىنىڭ قايتۇرمىسىنى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق ئاخىرلاشتۇرىدۇ:

بىز ئەجدادلار گۈلخانى،
بۈركۈتلەرنىڭ قىرانى.
بىز پىداكار پۇتبولغا،
بىز تەگرىتاغ ئوغلانى.

(«تەگرىتاغ بۈركۈتى»دىن «قۇم پەسلى» 149-بەت)

مانا مۇشۇنداق قالتىس باللىرىمىز بار، ئۇلار ئەجدادلار گۈلخانى، بۈركۈتلەرنىڭ قىرانى، پۇتبولغا بارلىقىنى پىدا قىلغان تەگرىتاغ ئوغلانى. شېئىردا باللار ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىستىكىنى ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقان بولغاچقا، ئوقۇرمەنلەرگە تېخىمۇ تەبىئىي ھەم بەكلا سەبىئىي تۇيۇلىدۇ. باللارنىڭ پۇتبولغا بولغان قىزىقىشى ۋە بېرىلىپ مەشىق قىلىش ئىرادىسىنى يەنىمۇ چىڭىتىدۇ، بىزنىڭ پۇتبولچىلىقىمىز كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىمىزنى ئاشۇرىدۇ.

## 6. قانىتى بۇغۇچلانغان بالا ئوبرازى

باللىق، ئۆسمۈرلۈك تىلغا ئېلىنسىلا ئادەتتە بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدىغىنى شوخلۇق، تېتىكلىك بىلەن تولغان، ئەركىن سەكرەيدىغان، قوزىچاقلاردەك تاقلايدىغان، نېمە قىلسا يارىشىۋېرىدىغان، سەبىي كۆلكە ئۆچمەيدىغان كۆڭۈللۈك بىر ھايات كارتىنىسى. ئەمما «بالا بولماق تەس»لىشىپ كېتىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە باللىرىمىزنىڭ باللىقتىكى ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قېلىپ، كۆڭلى يېرىم بولىدىغان، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بار. دېمەك، باللارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بار. شائىرنىڭ بۈركۈت كەبى ئۆتكۈر كۆزلىرى باللار تۇرمۇشىنىڭ بۇ كىچىك كارتىنىسىنىمۇ ئۆز نەزەرىدىن ساقىت قىلمىغان. ئەمەلىيەتتىمۇ بىر قىسىم ئاتا-ئانىلاردا باللىرىنى ئۆز خاھىشى، ئۆز ئەندىزىسى بويىچە بىر قېلىپتىلا چوڭ قىلىشنى ئويلاپ، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشىغا ئىگە بولۇۋېلىپ، ئۇلارغا قىلچىلىك ئەركىنلىك بەرمەيدىغان ئەھۋاللار بار، بۇ خىل ئەھۋال شەھەر-

بازارلاردا بىر قەدەر ئېغىر. شائىرنىڭ «بالا بولماق تەس بولدى» ناملىق شېئىرىدا سۈرەتلەنگىنى دەل مۇشۇنداق قەپەستىكى قۇشقا ئوخشاش ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالغان بالىنىڭ ئوبرازى. شەكسىزكى، بالا بۇ خىل تۇرمۇشتىن رازى بولمىدى، شۇڭا «شۇ تاپ دىلىم غەش بولدى، بالا بولماق تەس بولدى» دەپ قوشاق توقۇپ، ئاتا-ئانىسىدىن ئۆز باللىقىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدى. بالىنىڭ ئېيتقانلىرىدىن قارىغاندا، ئانىسى بۇ بالىنى ھەممىدىن چەكلەيدىغان ئوخشايدۇ. قاراپ باقايلى:

ئويىنىمىغىن لاي دېيسەن،
سۇ ئويىنىما، ھاي دېيسەن.
پۈۋلەپ بېرەي مەن ساڭا،
تۇتما قىزىق چاي دېيسەن.
. . . . . . . . . . . . . . . . .

(«بالا بولماق تەس بولدى»دىن «قوۋم پەسلى» 146. بەت)

چەكلىمە تېخى تۈگىگىنى يوق، بالا ئېگىزلەرگە ياماشسا بولمايدىكەن، باشقىلار بىلەن سوئال-جاۋاب قىلىششىمۇ، مۇڭداششىمۇ، چوڭ ئىشلارغا ئارىلاششىمۇ بولمايدىكەن. ئىشقىلىپ ئۇ ئانىسى سىزىپ بەرگەن سىزىقتىن چىقماسلىقى كېرەككەن. قىلاي دېگەنىنى قىلالمايدىكەن، كۆلەي دەپمۇ كۈلەلمەيدىكەن.

قارىغاندا، ئۇنىڭ باللىقىنىڭ ھەممىسىنى ئانىسى ئىگىلىۋالغان ئوخشايدۇ. ھەي، بۇ بالا راستىنلا بەك بىچارىكەن. ئۇنىڭ «بالا بولماق تەس بولدى» دېگىنىمۇ بىكار ئەمەسكەن. چۈنكى، ئۇ ئەمدى تېخى بەش ياشقا بارغان سەبىي بولۇشىغا قارىماي، باللىقىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئانىسىدىن باللىق تىلەپ يۈرۈپتۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە باللارنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىلىرىغا ئېيتقان چىن يۈرەك سۆزلىرى، ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى چۈشىنىشىنى تەلەپ قىلىشلىرى. يەنە بىر تەرەپتىن، سەبىيلەرنىڭ سەبىيلىكى ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان چوڭقۇر تىلەك ھەم سەممىي ئۈتۈنۈشى. شۇڭا باللار بۇ ناخشىنى ئوقۇغاندا ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئاتا-ئانىلىرىغا تولۇق ئېيتىۋالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، خېلىلا يېنىكلەپ قالىدۇ. ئاتا-ئانىلار بۇ ناخشىنى ئاڭلىغاندا بولسا، چوڭقۇر ئويغا چۆممەي قالمايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ باللارنىڭ قەلبىنى، پسىخىكىسىنى چۈشەنمەي، ئۇلارغا بولغان چەكلىمىلىكلەرنى بەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىدىن بىر خىل خىجىللىق ھېس قىلىشىپ، باللارغا باللىقنى قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىدۇ. شائىرنىڭ يەتمەكچى بولغىنىمۇ دەل مۇشۇ ئۈنۈم، پەيدا قىلماقچى بولغىنىمۇ دەل مۇشۇ خىل سېزىم.

## 7. يىغلاڭغۇ بالا ئوبرازى

باللار شۇنچە ئوماق، شۇنچە سۆيۈملۈك، شۇنچە كۆيۈملۈك، ئۇلارنىڭ ۋىلىق-ۋىلىق كۈلۈشلىرى، تاتلىق-تاتلىق قىلىقلىرى، چۈچۈك تىللىرى بىزنىڭ تولىمۇ ئامراقلىقىمىزنى كەلتۈرىدۇ، يۈرەكلىرىمىزنى شۇررىدە ئېرىتىۋېتىدۇ، ھاردۇقلىرىمىزنى چىقىرىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ بىزنى خاپا قىلىپ قويىدىغان چاغلىرىمۇ يوق ئەمەس، بۇ بولسىمۇ بىھۇدە قەغەشلىك قىلىپ گەپ ئاڭلىماسلىق، ھە دېسىلا يىغلاپ، ھارغىچە بەزلىسەكمۇ توختىماسلىق. مۇختەر بۇغرانىڭ «يىغلاڭغۇ بالا» ناملىق شېئىردا سىزىپ چىقىلغىنى ھە دېسىلا بىرەر تال سېغىز دېگەندەك كىچىككىنە بىر نەرسىلەرنىڭ قەغەشلىكنى قىلىپ يىغلايدىغان بىر «يىغلاڭغۇ بالا»نىڭ سۈرىتى. شائىر بۇ «يىغلاڭغۇ بالا»نىڭ قىياپىتىنى مۇنداق سۈرەتلەيدۇ:

كۆزلىرىڭ قىزىل،
بۇرنۇڭدا پوتلا.
ئوماقلىقىڭنى،
يوقاتتىڭ چورتلا.
. . .

(«يىغلاڭغۇ بالا»دىن «قوۋم پەسلى» 122-بەت)

كۆزلىرى قىزىرىپ، بۇرنىدىكى پوتلىلىرى ساڭگىلاپ كەتكۈدەك يىغلىغىنىغا قارىغاندا بۇ ھەقىقەتەن يىغلاڭغۇلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان يىغلاڭغۇ بىر بالا ئوخشايدۇ. دەرۋەقە باللار ئاسان يىغلايدۇ ھەم ئاسانلا توختايدۇ، بۇ بىر نورمال ئەھۋال. ئەمما، ئاسان يىغلاش، ئاسانلىقچە توختىماسلىقنىڭ ئۆزى نورمالسىزلىق. ئەڭ يامىنى ئاتا-ئانىسى ھايات تۇرسىمۇ يىغلاۋېرىپ، ئوماقلىقىنى يوقىتىش ۋە

باشقىلارنى بىزار قىلىش. شائىر سىزغان بۇ تەبىئىي سۈرەت بالىلار، جۈملىدىن يىغلاڭغۇ بالىلارغا ئۆز ئەكسىنى، ئۆز نۇقسانلىرىنى كۆرۈۋېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش بىلەن بىللە، چوڭلارنىڭ ئۇلارغا ئېيتىدىغان يۈرەك سۆزى ۋە تىلەكلىرىنى جانلىق ئىپادىلىدى، ئۇلارنى قەغىشلىكنى تاشلاشقا، خۇشخۇي ياشاشقا چاقىردى.

شائىر دېمەك ئەل قەلبىنىڭ بايان ئەتكۈچىسى، شائىر دېمەك تىل ئۇستىسى، نەۋايىنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا «شائىر سۆز خامىنىنىڭ باشاق تەرگۈچىسى». شۇڭا باشقا ھەر قانداق ئەدەبىيات- سەنئەت ئىجادچىسىغا قارىغاندا شائىرغا تىل جەھەتتىن قويۇلىدىغان تەلەپ ئىنتايىن قاتتىق، بۇنى شېئىرىيەت ئۆلچىمى، شائىرنىڭ بۇرچى بەلگىلىگەن. مۇختەر بۇغرا بالىلار شېئىرلىرىدا دەل بالىلار خامىنىدىن باشاق تەردى، بالىلار سۆز خەزىنىسىنى ماھىرلىق بىلەن قازدى، ھەر بىر مىسراسىدا بالىلار ئاغزىدىكى سۆز جاۋاھىراتلىرىنى مارجان كەبى تىزدى. شۇڭا ئۇنىڭ بالىلار شېئىرلىرى تىلىنىڭ ئاددىي- ساددا، چۈچۈك ھەم تاتلىق بولۇش، رىتىملىرىنىڭ يەڭگىل، ئاھاڭدارلىقىنىڭ قويۇق، ئۇسلۇبىنىڭ بالىلار ئويۇن قوشاقلىرىغا يېقىن، قىزىقارلىق ھەم تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بالىلار ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىمىزدا ئالاھىدە خۇش پۇراق بىر دەستە گۈل بولۇپ ئېچىلدى. خۇشبۇي ھىدى بىلەن ئۇماق بالىلىرىمىزغا چەكسىز ھۇزۇر بېغىشلاپ، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى بېيىتتى، ئەخلاق ساپاسىنىڭ يېتىلىشى، ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە، ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ھەم گۈزەل غايە تىكلىشىگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتتى. بالىلارنىڭ كۆزىتىش، تەسەۋۋۇر قىلىش، تىل بىلەن ئىپادىلەش قابىلىيىتى ھەم گۈزەللىك قارىشىنىڭ ئۆسۈشىدىمۇ ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئەڭ مۇھىمى بالىلار تۇرمۇشىغا خۇشاللىق، ئازادىلىك، ئاراملىق ئېلىپ كەلدى. مانا بۇلاردىن ياش شائىر مۇختار بۇغرانىڭ بالىلار ئۈچۈن ساپ يۈرەك قېنىنى ئايىماي سەرپ قىلىپ، بالىلارنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك تەلەپ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يولىدا تىنىمسىز ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. بىز ئاخىرىدا بۇ قەلبى ئويغاق شائىرىمىزنىڭ بالىلار ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپرەك قەلەم تەۋرىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، تېنىگە سالامەتلىك، ئىجادىيىتىگە يەنىمۇ ئۇتۇق تىلەيمىز.

## پايدىلانمىلار


1. ماخمۇت مۇھەممەد: «ناخشا تېكستى قەھەتچىلىكى ۋە پاخاللىق»، شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى، 2002- يىللىق 1- سان.
2. ياسىن مۇخپۇل: «تىكەن پەسلىدىكى يۈرەك ساداسى» («تىكەن پەسلى» ئىچىدە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005- يىلى 11- ئاي 1- نەشرى .
3. ئىمىن ئەھمىدى: « ئاخىرقى سۆز » (قۇم پەسلى ئىچىدە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005-يىلى 11-ئاي 1- نەشرى.
4. مىرزاھىد كېرىمى: «ناخشا دېگەن شۇنداق بولسا» (تىكەن پەسلى ئىچىدە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005- يىلى 11- ئاي 1- نەشرى.
5. ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «شائىر قەلبىدىن كۆتۈرۈلگەن قوياش» (ئەدەبىياتنىڭ پايانى چەكسىز) دېگەن توپلامدا، شىنجاڭ ياش- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2008- يىلى 3- ئاي 1- نەشرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن

34 ـ يىللىق 1 ـ سان
2013 ـ يىلى 3 ـ ئاي
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)
第 34 卷第 1 期
2013 年 3 月

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2013)01_104_05

# ئۇيغۇر رومان ئىجادىيىتىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى*

**مەريەم قۇربان**

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، غۇلجا. 835000)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان رومان ئىجادىيىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈردى. ئۇنىڭ بۇنداق تەرەققىياتىدا كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ تەسىرى زور بولدى. مەزكۇر ماقالىدە ئۇيغۇر رومان ئىجادىيىتىدە شەكىللەنگەن بايان شەكلى، سۇژېت قۇرۇلمىسى، تىل ئۇسلۇبى مۇتىغلىق ئەندىزىسىدىن ئىبارەت خاس ئالاھىدىلىكلەر ۋە بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدۇ.

**摘要：** 维吾尔当代长篇小说近年来获得显著的成绩，从而生成了其独立的属性。这种状况是较大地受到维吾尔古典文学的影响，本文对维吾尔长篇小说创作中所体现的较为固定的表达叙述方式、情节构思模式、语言表达模式以及艺术意象等特征进行分析并对其属性与维吾尔古典文学传统艺术模式的必然联系进行探讨。

**Abstract:** The novel-writings in Uyghur modern literature have been significantly improved nowadays and formed its unique features. This could not be done without the influence of Uyghur classic literature. This thesis studies narration mode, plot construction, language performance and art image of modern Uyghur novels and points out the necessary connections between classic Uyghur literatures.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I06　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان رومان ئىجادىيىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى ۋە ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈردى. ئۇيغۇر رومان ئىجادىيىتىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ شەكىللىنىشىدە كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ تەسىرى زور بولدى.

ئەدەبىياتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر مىللەتنىڭ ئوبيېكتىپ ئامىللىرى بولغان تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت تەركىبى ھەمدە مۇشۇ ئاساستا شەكىللەنگەن روھىيەت ۋە تەپەككۇر ئۇسۇللىرىدىكى خاسلىق شۇ مىللەت شائىر ـ يازغۇچىلىرىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر ئادىتى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ ۋە مىللىي ئەنئەنە سۈپىتىدە شۇ مىللەتنىڭ ئېستېتىك ئىپادىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. فىرانز بوئاس: «بىز سەنئەتنىڭ ئىككى خىل مەنبەسىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك: بىرى، ئۇنىڭ شەكىل ئاساسى، يەنە بىرى، شەكىل بىلەن باغلانغان تەپەككۇر ئاساسى، ئەگەردە سەنئەت مۇشۇ ئىككى خىل ئاساستىن ئايرىلىپ قالىدىكەن ئۇ بىر تەرەپلىمە ۋە تېتىقسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ»[1] دېگەن ئىدى. بۈگۈن بىز ئۇيغۇر رومان ئىجادىيىتىدە قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى سۆزلىگەندە ئۇنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن بولغان باغلىنىشىغا دىققەت قىلىشىمىز لازىم. ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان رومان ئىجادىيىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى تەرەققىياتىنىڭ ئۈزۈلمەس بىر زەنجىرىدۇر. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن بولغان باغلىنىشى ئىنتايىن روشەن، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئۇيغۇر رومان ئىجادىيىتىدىكى

* بۇ ماقالە 2012 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: مەريەم قۇربان (1958 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، پىروفېسسور، ئېستېتىكا ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئالاھىدىلىكلەرنىڭ شەكىللىنىشىدە تەپەككۇر ئاساسىنى ھاسىل قىلغان بەدىئىي ئېنېرگىيەدۇر. تۆۋەندە ئۇيغۇر رومان ئىجادىيىتىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدىكى قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

**1) ئۇيغۇر رومانچىلىقى سەرگۈزەشت خاراكتېرلىك بايان شەكلىنى تاللىۋالدى، بۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا بولغان ۋارىسچانلىقىدىكى ئەڭ يارقىن گەۋدە**

ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا تارىخىي تېمىدا يېزىلغان رومانلار خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ، شۇنىڭدەك رومانلىرىمىزنىڭ دەسلەپكى مۇۋاپپەقىيىتىمۇ دەل مۇشۇ خىل رومانلاردا گەۋدىلەندى. بۇ خىل ئەھۋالنى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى سەرگۈزەشت خاراكتېرلىك سۇژىت ئامىلىنىڭ ئۇيغۇر رومانچىلىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا تارىخىي ۋەقەلەرنى ياكى قەھرىمانلارنىڭ تارىخىنى يېزىپ قالدۇرىدىغان ئەنئەنە ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «تارىخى رەشىدى»، «جاھاننامە»، «بابۇرنامە» قاتارلىق ئەسەرلەر بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. بۇ خىل ئەنئەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا شەخسلەر نامىدا رومان يېزىش بىلەن دەسلەپكى مۇۋاپپەقىيەتنىڭ قولغا كېلىشىگە سەۋەب بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن رومان ئىجادىيىتىدە قويۇق سەرگۈزەشت خاراكتېرلىك سۇژىت قۇراشتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ قېلىپلىشىشىغا سەۋەب بولدى. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر رومانچىلىقى سەرگۈزەشت خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان بايانچىلىق ئۇسۇلىنى تاللىۋالدى. «ئىز»، «ئانا يۇرت»، «مەھمۇد قەشقەرى»، « جاللات خېنىم»، «سۇتۇق بۇغراخان»، «بەختسىز سەئىدىيە» قاتارلىق مۇنەۋۋەر تارىخىي رومانلار بۇ خىل ئالاھىدىلىكنىڭ ئىجادىي ھالدىكى ئەندىزىلىرىنى تاللىدى ۋە ناھايىتى يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بۇ رومانلار مىللەت تارىخى، مىللەت روھىنى ئىپادىلەشتە ھەقىقەتەن زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

**2) ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى سۇژىتنىڭ قويۇق ئېپوسلۇق خاراكتېرگە ئىگە بولۇشىدا ئىپادىلەندى**

ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، رومانلىرىمىزدا ھېكايىچانلىق كۈچلۈك بولدى، ۋەقە بايانىدىكى ماكان، زامان، پېرسوناژ، شارائىت قاتارلىق ئامىللارنىڭ تولۇق ۋە ئېنىق بېرىلىشى گەۋدىلىك بولدى. بۇ ئالاھىدىلىك ئۇيغۇر داستانلىرىدىكى ئېپوسلۇق خاراكتېردىن كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر داستانلىرىدا ۋەقەلىك ۋە بۇ ۋەقە ئىچىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان پېرسوناژلارنى يارىتىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىلىدۇ. ۋەقەلىرى مول، قەھرىمانلىرى باتۇر ياكى ئالاھىدە روھىي كۈچىنىڭ سىموۋۇلى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. بىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز»، زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت»، پەرھات جىلاننىڭ «مەھمۇت قەشقەرى» ياسىنجان سادىق چوغلاننىڭ «جاللات خېنىم» قاتارلىق رومانلىرىنى ئوقۇساق بۇ رومانلاردا مول ۋەقەدىن تەركىب تاپقان ئېپوسلۇق خاراكتېرنى ناھايىتى ئاسان كۆرۈپ ئالالايمىز. ئۇيغۇر داستانلىرى يەنە جەڭنامە دېيىلىپ، كۈچلاردا سۆزلەنگەنلىكى ئۈچۈن ۋەقەلىرىنىڭ قىزىقارلىق بولۇشى بىلەن زوقلانغۇچىلارنى ھاياجانلاندۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بەدىئىي قوبۇل قىلىش پىسخىكىسىدا ۋەقەگە مايىل، ۋەقەلىكى بولمىغان ئەسەرلەر ياخشى ئەسەر ھېسابلانمايدىغان پىسخىك ئادەتنى شەكىللەندۈردى شۇنىڭدەك ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ۋەقەنى مۇھىم دەپ بىلىدىغان يېزىقچىلىق ئادىتىگىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭا رومانلىرىمىزدا ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئېپوسلۇق خاراكتېرى بىلەن رېئالىستىك پىروزىنىڭ ئالاھىدىلىكى جانلىق بىرلەشتۈرۈلۈپ، مول سۇژىت، تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى، كەسكىن ئېلىشىشلاردىن تەركىب تاپقان بەدىئىي رىتىم ئىچىدە ئوخشىمىغان دەۋرگە خاس تۇرمۇش مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈردى.

**3) ئۇيغۇر رومانلىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك زىددىيەت قاتلاملىرىنىڭ قويۇق، ۋەقەلىكنىڭ زىچ دراماتىك توقۇنۇشىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ**

ئۇيغۇر رومانلىرىدا ۋەقەلىك تەكىتلىنىشتىن باشقا، سۇژېتنى ئۆتكۈر توقۇنۇشلاردىن شەكىللەندۇرۇش، پېرسوناژلارنى كەسكىن ئېلىشىشلار ئىچىدە ھەرىكەت قىلدۇرۇش، خاراكتېرنى ياراتقان تاشقى مۇھىتنى ھەل قىلغۇچ ئورۇنغا قويۇپ تەسۋىرلەش ئالاھىدە بەدىئىي پىرىنسىپ قىلىنىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇپ، بىز بۇ يەردە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»، نەۋايىنىڭ «پەرھاد ـ شېرىن»، بابۇر شاھنىڭ «بابۇرنامە» داستانلىرىنى مىسالغا ئالساقلا كۇپايە. زوردۇن سابىر، ئەخەد تۇردى، ئەختەم ئۆمەر قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىدە بۇ خىل ئالاھىدىلىك ناھايىتى ئېنىق. ھەتتا زوردۇن سابىر «ئانا يۇرت» تىن ئىبارەت چوڭ ھەجىملىك رومانىنى دىراماتىك شەكىلدە باشلاپ، خۇددى دىرامىدەك تېزلىك ھاسىل قىلدى. ئەسەرنىڭ بېشىنى «ئوغرى كەلدى» دېگەن دىيالوگدىن باشلاپ، بىر بەتكە يەتمىگەن مەزمۇن ئىچىدە ئەسەردىكى ئاساسىي پېرسوناژلارنى بىراقلا ئوتتۇرىغا چىقاردى.

**4) ئۇيغۇر رومانچىلىقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نەزمىي تىل بىلەن نەسرىي تىلنى بىرلىكتە قوللىنىش ئەنئەنىسىنى قوبۇل قىلغان**

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنى تەتقىق قىلغان بەزى ماقالىلەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى شېئىرىيەت تارىخى، پىروزا بۈگۈنكى زاماندىلا مەيدانغا كەلگەن دەپ قارىلىۋاتىدۇ. بۇ قاراش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ھازىرقى زامان پىروزىسىنىڭ تەرەققىياتىغا قارىتىلسا توغرا بولىدۇ. بىز ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا، بولۇپمۇ كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا پىروزا بولمىغان دېيەلمەيمىز. بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پىروزىنىڭ چۆچەك، ئەپسانە شەكىللىرىدە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا تەزكىرە ئەدەبىياتىنىڭ ناھايىتى گۈللەنگەن بىر تۈر ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز لازىم. شۇنىڭدەك ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ئېپىكا بىلەن لىرىكىنىڭ، نەسرىي بايان بىلەن نەزمىي باياننىڭ ئۆزئارا جىپسىلىشىپ، بىرلىكتە تەرەققىي قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئەنئەنىسىگىمۇ زور ئېتىبار بىلەن نەزەر سېلىشىمىز كېرەك.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مول بولغان ئېپىكا تارىخىغا ئىگە. داڭلىق شائىرلاردىن داستان يازمىغىنى يوق. شۇنىڭدەك يەنە شېئىرلارنى نەسرلەشتۈرۈش نەسرىي يازمىلارنى شېئىرلاشتۇرۇش ئىجادىيىتىمۇ بولغان. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى موللا سىدىق يەركەندى ۋە ئۆمەر باقى يەركەندى قاتارلىقلار تەرىپىدىن نەۋايىنىڭ «پەرھاد ـ شېرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن» قاتارلىق تۆت داستانى نەسرىي تىلدا قايتا ئىجاد قىلىنغان. بۇ مۇقەررەر ھالدا ئۇيغۇر پىروزا ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسى بولۇپ ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ ئويلىنىش، تەجرىبە قىلىش تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن يىللاردىن باشلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇر كىلاسسىك داستانلىرىدا يەنە ۋەقە بايانى نەسرىي يول بىلەن ھېكايىلاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن نەزمىي يول بىلەن كېڭەيتىپ يېزىلىدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئېپىكا ئېڭىنىڭ ھاسىل بولۇشىدا پايدىلىق ئىمكانىيەتنى يارىتىپ قالماي، كىلاسسىك شېئىرلاردىكى نەزمىي شەكىل بىلەن نەسرىي شەكىلنىڭ تەڭ قوللىنىلىشى ۋە ئۆتۈشمە ھالىتى ھازىرقى رومانلىرىمىزدا ئەسەرنى شېئىر بىلەن باشلاش، رومانلارنىڭ تەركىبلىرىنى شېئىرلاشتۇرۇشتەك ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ باشقا مىللەتلەر رومانچىلىقىدىن پەرقلىنىدىغان ئەنئەنىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى سەۋەب بولالايدۇ. بىز «ئىز»، «سادىر پالۋان» ناملىق رومانلاردا بۇ خىل ئالاھىدىلىكنىڭ خېلى گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

**5) ئۇيغۇر رومانلىرىدا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى تۇراقلاشقان مۇتىف ئەندىزىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى**

ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىپادىلەش خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان ئەسەرلەرنىڭ ئىجات قىلىنىشى رومانلىرىمىزنىڭ يېڭى يۈكسىلىشىنى نامايان قىلدى. بۇخىل رومانلار ئۈستىدە توختالغان بەزى تەتقىقات ماقالىلىرىدە بۇ يازغۇچىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى غەربنىڭ مودېرنىزم ئەدەبىياتىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈش گەۋدىلىك بولدى. مېنىڭچە پىروزىمىزدىكى بۇ خىل يېڭىلىقنىڭ

خىمىرتۇرۇچىنى يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ بەدىئىي تارىخىمىزدىن تاپالايمىز. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ جەۋھىرى بولغان سىمۋول، ئەپسانىۋى قۇرۇلما قاتارلىقلاردىن ھاسىل بولغان تەركىبلەر يېڭىچە رومانلارنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئىلىك سۈتى بولدى. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە سىمۋول ۋە ئەپسانىۋى سۇژېتلاردىن پايدىلىنىپ مەزمۇننى يوشۇرۇن ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىر قەدەر ئومۇملاشقان ئۇسۇلدۇر. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولغان موتىفلارنىڭ ئۇيغۇر رومانلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى، كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ پىروزىغا بولغان تەسىرىنى چۈشەندۈرىدىغان مۇھىم ئاساستۇر. ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان رومانلىرىدا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى يالغۇز سەپەر قىلىش، يالغۇز ئوغۇل، خىزىر بوۋاي ھەققىدىكى تەسۋىرلەر؛ كىلاسسىك داستانلاردىكى ئاشىقلارنىڭ ئىشق پىراقىدا چۆللەرنى كېزىشى، خىزىرلارغا يولۇقۇشى ياكى بېشارەتلىك چۈش كۆرۈشى قاتارلىق تۇراقلاشقان مۇتىف ئەندىزىلىرىگە بولغان ۋارىسچانلىق خېلى كۈچلۈك. مەيلى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى چۆچەكلەردە بولسۇن ياكى كىلاسسىك داستانلاردا بولسۇن، پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى ھەققىدىكى سۇژېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر قەدەر ئىزچىللاشقان شەكىل بولۇپ، بۇ خىل سۇژېتتا ئۈچ ئوغۇلنىڭ كىچىكى ۋاپادار، ئىككى ئاكىسى قارانىيەت، كىچىكىنى ئاتىسى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلار ئاتىسىنىڭ تەلىپى ياكى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. بايلىققا ئېرىشىش ياكى جىنايىتىنى يېپىش ئۈچۈن ئاكىلىرى ئىنىسىغا قەست قىلىدۇ. مەمتىمىن ھوشۇر بۇ خىل سۇژېت شەكلىنى قوللىنىپ، زور بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. «قۇم باسقان شەھەر» رومانىدىكى بىغەملەر شەھىرىنىڭ ئاقساقىلى يانتاق ئاقساقال ۋە ئۇنىڭ ئۆمەر، بارات، سەپەردىن ئىبارەت ئۈچ ئوغلى ئۈستىدىكى ھېكايە بۇنىڭ ياخشى مىسالىدۇر. توختى ئايۇپ، مۇھەممەد باغراش، رىزۋانگۈل يۈسۈپ قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ بۇ خىل ئەنئەنىگە بولغان ۋارىسچانلىق خېلى كۈچلۈك.

### 6. ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى يەنە رومانلاردىكى ھېسسىياتنىڭ كۈچلۈك بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ

ئۇيغۇر رومانچىلىقى كىلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ لىرىك مېلودىيەسىدىن قان ئېلىپ ئۇيغۇر رومانچىلىقىنى ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدىغان رىتىمدار ئۇسلۇبقا ئىگە قىلدى. ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ زېمىنىدە تەربىيەلەنگەن، ھېسسىياتچان، قىزغىن ئۇيغۇر روھىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ روھىدا يېتىلگەن شېئىرىي رىتىم رومان ئىجادىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ تەربىيەلىنىش جەريانىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى دەسلەپ شېئىر يازغان ياكى بۇ ئىككى تۈردە تەڭ ئىجاد قىلغان. بۇ بىزنىڭ رومانلىرىمىزدا لىرىكىلىقنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنىڭ پىسخىك ئامىلى، شۇنداقلا رومانلىرىمىزنىڭ شېئىرىيەتتىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنىڭ روشەن دەلىلى. ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ئۆز رومانلىرىغا ئاكتىپ ئىدىيەۋى ھېسسىيات، كۈچلۈك ئوپتىمىستىك روھنى سىڭدۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەمگەكچان، ھېسسىياتچان، ئاقكۆڭۈل تەبىئىتىنى ئىپادىلىدى. تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈشكە دەۋەت قىلدى، شۇڭا ئۇيغۇر رومانلىرى قىزغىن، ئاكتىپ ھېسسىياتى، رىتىمدارلىقى بىلەن باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن پەرقلىنىدۇ. زوردۇن سابىر، مەمتىمىن ھوشۇر، مۇھەممەد باغراش قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە لىرىك تۇيغۇ ئېقىن سۇدەك دولقۇنلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر رومانچىلىقى ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەندىزىسىنى ھاسىل قىلدى ۋە نۇرغۇن ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ۋارىسلىق قىلىش داۋامىدا شاللاشقا تېگىشلىك بولغان بەزى يېتەرسىزلىكلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا چىقاردى. بىر قەدەر گەۋدىلىك بولغانلىرى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) «ئىدىيەلىشىش خاھىشى»نىڭ كۈچلۈك

بولۇشى. بەزى رومانلاردا ئاپتور ئۆزىنى گەۋدە قىلىدىغان كۆز قاراشلىرىنى بىۋاسىتە ئەسەر مەزمۇنى قىلىۋېلىپ كىتابخاننىڭ ئۇستازى بولۇۋالىدىغان، ئۆزى بىۋاسىتە ياكى پېرسوناژلارنىڭ پائالىيىتىنى سۈنئىيلەشتۇرۇش يولى ئارقىلىق ئىدىيەۋى مايىللىقىنى ئوچۇق- ئاشكارا ئىپادىلەيدىغان، پېرسوناژلار ئوبرازىنى ئۆزىنىڭ خائىشىغا بويسۇندۇرىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى. مەسىلەن، «قاينام ئۆركىشى» ناملىق روماندا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئوبرازىنى ياراتقاندا، ئاپتور ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ تۇيغۇسىنى تارىخىي قەھرىماننىڭ خاراكتېرىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ل. مۇتەللىپكە سۈنئىي خاراكتېر بەرگەن. ئەسەردە شائىرنى ھەرقانداق سورۇندا قوپاللىق بىلەن ئادەتتىكى سۆزلەرنى قوراشتۇرۇپ مەمەدانىلىق قىلىدىغان ئادەتتىكى ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغان. بۇنىڭ بىلەن بەزى رومانلىرىمىزدا تەبىئىيلىك بۇزۇلۇپ. ئىدىيە بەدىئىي چىنلىقتىن ئۇستۇن بولۇش، ئەقىل بىۋاسىتە تەجرىبىدىن ھالقىپ كېتىشتەك ياسالمىلىق كېلىپ چىقتى. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يازغۇچىنىڭ ئەقلىي ئۇستازلىقى ۋە كىتابخان ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقى بىزنىڭ بەزى بىر رومانلىرىمىزدا كۆرۈلىۋاتقان نۇقسانىدۇر.

(2) ۋەقە مول بولۇش، ۋەقەلىرى ئەگرى- توقاي بولۇش رومانىنىڭ بىردىنبىر ئالاھىدىلىكى دەپ قارىلىپ، شاخلىتىپ يېزىش ئارقىلىق سۈنئىي يول بىلەن ۋەقەنىڭ موللۇقىنى ھاسىل قىلىدىغان، بەزى رومانلاردا ۋەقەلەرنى قىستاپ كىرگۈزىدىغان، پېرسوناژلارنىڭ پائالىيىتىنى ئەتەي كېڭەيتىدىغان، كۆچەپ، زورۇقۇپ سۈرئەت ھاسىل قىلىدىغان ياسالمىلىق كېلىپ چىقتى. بۇنداق رومانلار ئىشەنچسىز ماتېرىياللار دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

(3) تېما تارلىقى ۋە تەكرارلىق. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىن كېيىن ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ تېمىسى كۆپرەك رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتىلدى. بۇخىل تېمىدا يېزىلغان بىرقىسىم رومانلاردا چىرىكلىشىش، ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ يامان تەسىرى، مۇھەببەت قاتارلىقلار ناھايىتى ئاددىي تەسۋىرلەندى. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر مەنە چوڭقۇرلۇقى كەمچىل، ئېستېتىك تەسىرى ئاجىز، مەززىسى ۋە ئويلىنىش قىممىتى يوق بولۇشتەك يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولالمىدى.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر رومانچىلىقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىن ئۆرنەك، قان قوبۇل قىلغان ئىجادىي مەھسۇلات سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شېئىرىيەتتىن كېيىنكى يەنە بىر سەلتەنەتىنى نامايان قىلالايدىغان بەدىئىي ئاساسقا دەسلەپكى قەدەمدە ئېرىشتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى مىللىي خاسلىقى يۇقىرى بولغان رومانلارنى ئىجاد قىلىشنىڭ زور ئىمكانىيىتىنى ياراتتى.

## پايدىلانمىلار


1. فىرانز بوئاس: «ئىپتىدائىي سەنئەت»، ئەدەبىيات- سەنئەت نەشرىياتى، 1989- يىلى خەنزۇچە نەشرى 4- بەت.
2. ئازاد سۇلتان:«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىلى نەشرى.
3. شېرىپىدىن ئۆمەر:«ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996- يىلى نەشرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2013)01-109-07

# 20 ـ ئەسىردىكى يېتىلگەن تىل سەنئەتكارى*

## شاۋكەت ئېلاخۇن

(شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات يۇرتى، ئۈرۈمچى. 830011)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ئەدەبىيات تىل سەنئىتى بولۇپ، تونۇلغان يازغۇچىلار تىل سەنئەتكارى ھېسابلىنىدۇ. ھەرقانداق بىر بەدىئىي ئەسەرنىڭ تىلى ئالاھىدە بىر سەنئەتنى نامايان قىلىدۇ. 20-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە شائىر تېيىپجان ئېلىيوف ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە توپلىغان بىباھا تىل بايلىقىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى دەۋر يۈكسەكلىكىگە ئىگە قىلىش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتىدا بايراقدار شائىر، يېتىلگەن تىل سەنئەتكارى سۈپىتىدە تونۇلدى. مەزكۇر ماقالىدە شائىر تېيىپجان ئېلىيوف ئىجادىيىتىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要**：众所周知，语言艺术属于一种创作，任何一种艺术作品都使用各自的语言艺术表现出其艺术特征。 在 20 世纪维吾尔文学论坛上，著名诗人提依拉甫江 · 艾力尤夫继承维吾尔人民几个世纪以来的语言财富，要将维吾尔语提高到世代的高度做出了不少的贡献，因此他被称之为维吾尔语言艺术家和维吾尔文学语言家队伍中的旗手。本文就提依甫江 · 艾力尤甫创作语言特征进行重点分析

**Abstract:** It is well-known that the language art is a creative activity, and being expressed by its unique characteristic language form. During the 20th century, a famous Uyghur poet named Teyipjan Eliyof, inherited the rich Uyghur language treasures that accumulated from centuries, and played a significant role in bringing the Uyghur literature to a new level. Therefore, he has been known as the standard-bearer of Uyghur language arts and Uyghur linguistics. This paper mainly analyzes the language features of his works.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I04　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

مەلۇمكى، ئەدەبىيات تىل سەنئىتى بولۇپ، تونۇلغان يازغۇچىلار تىل سەنئەتكارلىرى ھېسابلىنىدۇ. ھەرقانداق بىر بەدىئىي ئەسەرنىڭ تىلى ئالاھىدە بىر سەنئەتنى نامايان قىلىدۇ. ھالبۇكى، بىز «ئالاھىدە سەنئەت» دەپ ئاتىغان بەدىئىي ئەسەر تىلى ئوبرازنى تىل ۋاستىسى ئارقىلىق يارىتىش ۋە ئوبراز يارىتىشتا ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا سەنئەت شەكىللىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

ئوبرازلىق تىل ــ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق يۈكسەك دەرىجىدە قېلىپلاشقان ۋە بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن تىلدۇر. تىلنىڭ قېلىپلىشىشى بىلەن تىلنىڭ بەدىئىيلىك مۇناسىۋىتى جەھەتتە تىلنىڭ بەدىئىيلىكى تىلنىڭ قېلىپلىشىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. يازغۇچى ئۆز مىللىتىنىڭ بەدىئىي تىلىنى، ئۇنىڭ گىراماتىكا ۋە لوگىكىسىنى ياخشى بىلمىسە تىلنىڭ قېلىپلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ، ئوي-پىكرىنى ئېنىق ئىپادىلىيەلمەيدۇ، تىلنى ئىپادىلەشتە بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ. تىلنىڭ قېلىپلىشىشىغا سەل قارالسا، تىلنىڭ بەدىئىيلىكىدىن سۆز ئاچقىلى بولمىغىنىدەك، تىلدا بەدىئىيلىك بولمايدىكەن، تىل يۈكسەك دەرىجىدە قېلىپلاشقان بىلەنمۇ بەربىر كىشىلەرنى جەلپ قىلالمايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ گۈزەل ۋە پاساھەتلىك تىل ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 9- ئاينىڭ 21-كۈنى تاپشۇرۇۋېلىنغان.
ئاپتور: شاۋكەت ئېلاخۇن (1965-يىلى 3-ئايدا تۇغۇلغان)، ياردەمچى تەتقىقاتچى، ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

قەدىمكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان مەڭگۇ تاش يادىكارلىقلىرى، «ئوغۇزنامە»، «ئالتۇن يارۇق»، «چاستانى ئىلىگ بەگ»، «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» قاتارلىق ئەدەبىي مىراسلار، قوچۇ ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شېئىرلار ھەمدە مىلادىيە 11-ئەسىردە قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ( «تۈركىي تىللار دىۋانى»)دا مىسال تەرىقىسىدە بېرىلگەن ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ يۈكسەك ئوبرازلىق تىل ئۈلگىلىرىنى كۆپلەپ ئۇچرىتىش مۇمكىن. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» بىلەن بىر دەۋردە مەيدانغا كەلگەن مەشھۇر دىداكتىك داستان- «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئاپتور يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى يەتمەكچى بولغان غايىۋى جەمئىيەتنىڭ نىشانى ۋە ئاساسىي ئامىللىرىنى بىر-بىرىگە ماس كېلىدىغان، بىر-بىرىدىن ئاجرالمايدىغان ۋە بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ئادالەت ۋە قانۇن، بەخت بىلەن سائادەت («قۇت»)، بىلىم بىلەن ئەقىل، ئاقىۋەت بىلەن قانائەتتىن ئىبارەت تۆت جۈپ ئۇقۇم ئاساسىدا پادىشاھ كۈنتۇغدى ئىلىگ، ۋەزىر ئايتولدى، ئايتولدىنىڭ ئوغلى، كېيىن دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان ۋەزىر ئۆگدۈلمىش ۋە زاھىد ئودغۇرمىشتىن ئىبارەت تۆت سىمۋوللۇق ئوبرازنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ دىراماتىك سۆھبىتى ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرگەن. «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر، دانالار ھېكمەتلىرى، ماقال-تەمسىللەر ، ئالدىنقى پىكىرلەرنىڭ خۇلاسىسى تەرىقىسىدە، «ئىرسالۇل مەسەل» ئۇسۇلى بىلەن بېرىلگەن تۆتلۈكلەر ئۇيغۇر شېئىرىيتىنىڭ ئەينى دەۋردىكى يۇقىرى سەۋىيەسىنى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يېتىلگەن تىل سەنئەتكارى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، 9-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا ئەرەب تىلى «ئىلىم-پەن ۋە پەلسەپە تىلى»، پارس تىلى «ئەدەبىيات- سەنئەت تىلى» ئورنىغا چىقىپ، تۈركىي تىل قاتتىق خىرىسقا دۇچ كەلگەن، ئەنە شۇنداق بىر مەزگىلدە، بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ، تۈركىي تىلىنىڭ «ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش چېپىپ كېتىۋاتقان» تىل ئىكەنلىكىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلىغانلىقى، مەشھۇر مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى ساپ تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىدا يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن يېزىپ چىقىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ باي، گۈزەل ۋە ئىپادىلەش كۈچى كۈچلۈك تىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش يولىدىكى زور ئەمگەك ئىدى.

15-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا پارس ئەدەبىي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىش دەۋرىگە كىرىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچراپ، پارسچە يېزىش مودىغا ئايلاندى. «پارسىي شېكەرەست» (پارس تىلى شېكەر تىل)، « ئەرەبىي ھەسەلەست» (ئەرەب تىلى ھەسەل تىل) دېگەن داۋراڭلار ھەممىلا يەرنى قاپلىدى. شۇنداق شارائىتتا ئاتايى، سەككاكى ۋە لۇتفى قاتارلىق شائىرلار مەردانىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇيغۇر تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىدىن قېلىشمايدىغان بىر گۆھەر تىل ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى. ئۇيغۇر تىلىدا ئاجايىپ لىرىك غەزەللەر يارىتىپ، زامانداشلىرى ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان مەۋلانا لۇتفىنى شائىر ئەلىشىر نەۋايى ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە: «ئۆز زامانىسىنىڭ سۆز پادىشاھى (تىل ئۇستىسى) ئىدى، پارسچە ۋە تۈركچىدە تەڭدىشى يوق ئىدى، بولۇپمۇ تۈركچىدە بەكرەك شۆھرەت قازانغانىدى» دېگەن[1].

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلىشىر ئىبنى غىياسىددىن نەۋايىنىڭ ئەرەب-پارس تىلى ئومۇملىشىپ كەتكەن 15-ئەسىردە ئۇستازى لۇتفى ئىزىدىن مېڭىپ، ئۆزى 40 يىلغىچە ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان پارس تىلىدىن كېچىپ، ئۆز ئانا تىلى — ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىشى ھەمدە ئانا تىلىدا «خەمسە»گە ئوخشاش دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان ئېسىل ئەسەرلەرنى يېزىپ خەلققە تەقدىم قىلىشى — ئانا تىلىغا بولغان ئوتتەك قىزغىن مۇھەببەت، ئانا تىلىنى قوغداش يولىدىكى

زورىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسىدىن ئىدى.

نەۋايىي «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەيىن» ناملىق ئەسىرىدە تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىنى: «كۆز ئالدىمدا ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمنى بېسىپ چۈشىدىغان بىر ئالەم نامايان بولدى. مەن ئۇ يەردە، توققۇز پەلەكتىن ئېشىپ چۈشكەن بىر زىبۇزىننەت ئاسمىنىنى كۆردۈم. دۇرلىرى يۇلتۇزلاردىنمۇ گۈزەل گۈللەر بىلەن پۈركەنگەن گۈلشەنگە يولۇقتۇم» دەپ ئۇلۇغلايدۇ ھەمدە «مەن بۇ يەرنى تاماشا قىلىپ تويمىدىم، تالانتىم لەشكەر بولۇپ، بۇ ئالەم مەيدانىدا ئات ئويناتتى، خىيالىم قۇش بولۇپ بۇ ئالەم ئاسمىنىدا ئېگىز پەرۋاز قىلدى. دىلىم سەرراپ بولۇپ بۇ جەۋھەرلەر خەزىنىسىدىن ھېسابسىز قىممەت ياقۇت ۋە دۇردانىلارنى ئالدى. كۆڭلۈم گۈل تەرگۈچى بولۇپ بۇ گۈلشەن رەيھانزارىدىن بىھېساب خۇش پۇراق گۈللەرنى يىغدى. بۇ ئۆتۈق ۋە بايلىقلارغا، بۇ پايدا ۋە غەنىمەتلەرگە ئىگە بولغىنىمدىن كېيىن، ئۇنىڭ نەتىجە گۈللىرى دۇر ئەھلى ئۇچۈن بىمالال ئېچىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ باشلىرىغا ئىختىيارسىز چېچىلىشقا باشلىدى»[2] دەپ يېزىپ، تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىنى «تۈركىي ھۈنەرمەنت» (تۈركىي تىل ھۈنەر ۋە سەنئەت تىلى) دەپ ئاتىدى. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ گۈلتاجى ھېسابلانغان ئەلىشىر نەۋايىي قىممەت ۋە گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق جەۋھەرلەر خەزىنىسى بولغان بۇ «ھۈنەر ـ سەنئەت تىلى» بىلەن بەدىئىي يۈكسەكلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان بۈيۈك تىل سەنئەتكارىدۇر.

نەۋايىي ئەنئەنىلىرى نەۋايىدىن كېيىنكى 500 يىللىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى تەشكىل قىلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلىرىدا مەيدانغا چىققان ئەدىبلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۆزلىرىنىڭ نەۋايىغا تەقلىد قىلىپ ياكى نەۋايىغا ئىجادىي ياندىشىپ ئىجاد قىلغان لىرىك شېئىر ـ داستانلىرىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ «ھۈنەر ـ سەنئەت تىلى» ئىكەنلىكىنى نامايىش قىلىپ كەلدى. 17 ـ ۋە 18 ـ ئەسىرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تونۇلغان ۋەكىللىرىدىن مۇھەممەدئىمىن خوجامقۇلى ھىرقەتى (ئۇ لىرىك غەزەللىرىدە «گۇمنام» تەخەللۇسىنى قوللانغان)، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ئەنە شۇلار جۈملىسىدىن ئىدى. 19 ـ ئەسىردە شائىر ئابدۇرەھىم نىزارى نەۋايى ئىزىدىن مېڭىپ، ئۇيغۇر داستانچىلىقىدا يېڭى بىر پەللە ياراتتى. نىزارى داستانلىرى ئۇنىڭ ئېنىي دەۋرىنىڭ يېتىلگەن تىل سەنئەتكارى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى.

20 ـ ئەسىر كىرىشى بىلەن شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق بىر قىسىم دەۋر ئىلغارلىرى دەۋرنىڭ ئەدەبىياتقا قويغان تەلەپلىرىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تېما ۋە مەزمۇن، ژانىر ۋە شەكىل، شۇنداقلا تىل جەھەتتىن مۇئەييەن بىر يېڭى دەۋر يۈكسەكلىكىگە ــ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى دەۋرىگە ئېلىپ كىردى. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «ئويغىنىش»نى ئاساسىي تېما قىلغان بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا ئاجايىپ ۋايىغا يەتكەن گۈزەل، يېقىملىق ۋە ئۆتكۈر بەدىئىي تەسۋىرىي ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئەڭ جاراڭلىق «چۇقان» سالغان ئوت يۈرەك شائىر سۈپىتىدە تونۇلدى. شائىر نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى سايرامى ئۆزىنىڭ 1936 ـ يىلى يازغان «بىلىم ئىشقىدا» ۋە 1946 ـ يىلى يازغان «ئالدىدا» ناملىق شېئىرلىرىدا لىرىك تىلىنىڭ گۈزەل نەمۇنىسىنى ياراتتى.

20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇنبىرىگە 1945 ـ يىلدىن باشلاپ قەدەم قويغان شائىر تېيىپجان ئېلىيوف ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە توپلىغان بىباھا تىل بايلىقىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى دەۋر يۈكسەكلىكىگە ئىگە قىلىش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتىدا بايراقدار شائىر، يېتىلگەن تىل سەنئەتكارى سۈپىتىدە تونۇلدى.

يۈكسەك تالانت ۋە بەدىئىي دىت ئىگىسى بولغان تېيىپجان ئېلىيوف ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىباھا تىل بايلىقىنىڭ جەۋھىرى بولغان ئەل ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىيات مىراسلىرىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن ھەمدە ئۇنى ئۆز ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە تېخىمۇ يارقىن، گۈزەل تۈسكە ئىگە قىلىپ جۇلالاندۇرغان؛ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يېقىنقى دەۋرلەر ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى قېلىپلىشىپ قالغان ئەنئەنىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەدەبىي تىلنى خەلق تىلىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان ئوبرازلىق، ئۆتكۈر، گۈزەل ۋە لىرىكىلىق تىل قىلىپ چىقىش يولىدا ھارماي ـ تالماي تىرىشقان ئىجادكار شائىر. ئۆز تىلى ـ ئۆز خەلق

تىلى، ئانا تىلنى قىزغىن سۆيۈپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان شائىر «ئانا تىلىم» ناملىق شېئىرىدا:

« ئانا تىلىم،
مۇھەببەت بابىدا چەكسىز چىرايلىق،
جىلۋىدار تىلىم.
. . .
. . .
بىز بۈگۈن يېڭى مەنزىلگە ماڭدۇق،
سەنمۇ جەۋھەر ئېلىپ جىمى زۇۋاندىن،
بېيىپ، تېخىمۇ بولغىن ئېسىل سەن!
. . ............... »

دېگەن مىسرالارنى تىزىپ ئانا تىلنى ئۇلۇغلىدى. ئانا تىلىدىن پەخىرلەندى، ئانا تىلنى قەدىرلەپ، قوغداپ، ئۇنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا چاقىردى.

شائىر شېئىرىي تىلنىڭ خەلق قوشاقلىرى، ماقال ـ تەمسىللىرى، ھېكمەتلىرىنىڭ ئېسىل جەۋھەرلىرىنى ئۆزى مۇجەسسەملىگەن ئاددىي ۋە يېقىملىق تىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى، شېئىرىي تۇيغۇسىنىڭ گۈزەللىكى، شېئىرىي پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇر ۋە مەنىلىكلىكى، شېئىرىي ئۇسلۇبىنىڭ جىلۋىدارلىقى بىلەن خەلق سۆيگەن شائىرغا ئايلىنالىدى. شائىر «ئورما ناخشىسى»، «يوللۇق ئالما»، «ھەسرەت»، «يىگىت ئارزۇسى»، «بىرىنچى خەت»، «ساڭ مۇدىرىنىڭ ‹زىيانداشقا قارشى ئاجايىپ تەدبىرى› توغرىسىدا قوشاق»، «ئامرىقىم» قاتارلىق خېلى نۇرغۇن شېئىرلىرىنى خەلق قوشاقلىرى شەكلىدە يازغان بولسا، شائىرنىڭ خەلق تىلىدىن، تۇرمۇشتىكى ئاددىي، لېكىن چوڭقۇر مەنىلىك تىل دېتاللىرىدىن پايدىلىنىپ شېئىرىي ئوبراز يارىتىشتەك بەدىئىي ماھارىتى ئۇنىڭ «قىش كەتتى»، «ۋالاقتەككۈرۈپنىڭ ئۆلۈمى»، «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»، «غونان بەيگىسى» (قىز قوۋۋار)دا، «بايانلايدىن ئۆتكەن چېغىمدا»، «يۇرتۇمنى كۆرۈپ دېگەن گەپلىرىم»، «گاڭگىراش»، «يارايسەن شوجى» ۋە «كانايدىن ئۈن چىقمىدۇ ياغلىمىسا» قاتارلىق شېئىرلىرىدا روشەن كۆرۈلىدۇ. شائىر 1980 ـ 1981 ـ يىللىرى چاتما شېئىرلىرى ئىچىدىكى «تېۋىلغا» ناملىق شېئىرىدا تېۋىلغىنىڭ ئېگىلىشكە بەرداشلىقنى ھەقىقەت تەسۋىرى بولغان «ھەقىقەت ئېگىلەر، سۇنماس» دېگەن ماقالغا ئوخشاتسا، «قانداق قىلاي»، «مايمۇن ئويىنتىش»، «سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش»، «سامانلىق ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتۈش»، «مەتقاسىم قايتىپ كەلدى» ناملىق شېئىرىدا، «ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن، ئەقىدەمگە يىغلايمەن»، «ئادەم بىز، مەلھەمگە مۇھتاجمىز» ناملىق شېئىرىدا، «ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا»، «ئوغرى»نىڭ ئەسلىمىسى» ناملىق داستانىدا «گەپكە گەپ توغرا كەلگەندە، ئاتاڭدىنمۇ قايتما»، «ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ» قاتارلىق ئىدىيوم، ماقال ـ تەمسىللەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان. شېئىر يېزىشتىكى مۇددىئاسىنى:

« شېئىر يازمىقىم ھەۋەستىن ئەمەس،
مەن ئۈچۈن شېئىر ۋىجدان ئىشى، بەس.
پىكىر ـ يۈرىكىم، مىسرالار تومۇر،
ھەرپلەر ـ قېنىم، ۋەزنلەر ـ نەپەس»

دەپ تەنتەنىلىك جاكارلىغان شائىر تېيىپجان ئېلىيوف ئۆزىنىڭ «ۋىجدان ئىشى»، «ھاياتى» دەپ بىلگەن شېئىرلىرىنى باي تۇرمۇش ماتېرىياللىرى ۋە جانلىق، يېقىملىق بەدىئىي تىل ۋاستىلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق گۈزەل، يارقىن ۋە يېقىملىق شېئىرىي ئوبراز يارىتىش يولىدا بىر ئۆمۈر تىرىشقان سەنئەتكار بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا يېڭى بىر پەللە ياراتقانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. شائىرنىڭ لىرىك شېئىرلىرى ۋەتەن، ئەل ـ يۇرت مۇھەببىتى، ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنت مۇھەببىتى، ئىشق ـ مۇھەببەت، قېرىنداشلىق ـ دوستلۇق مۇھەببىتى، ئىلىم ـ پەن، كەسىپ ـ مېھنەتكە ۋە تۆھپىكارلارغا بولغان مۇھەببەت قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق بولۇپ، بۇ لىرىك شېئىرلار ئىچىدە ۋەتەن مۇھەببىتى تېمىسىدىكى شېئىرلار خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شائىرنىڭ 1962 ـ يىلى يازغان «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ناملىق شېئىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە

ئىگە بولۇپ، شائىر بۇ نادىر شېئىرى ئارقىلىق، ۋەتەن مۇھەببىتى تېمىسىدىكى شېئىرلارنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى.

شائىرنىڭ 1984 ـ يىلى يازغان «ۋەسىيەت» ناملىق شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

«مەن ئۆلسەم ئەگەر
ئېگىكىمنى لەغمەن بىلەن چېتىپ قويۇڭلار.
جەسىتىمنى مەنتىگى بىلەن يۇيۇڭلار.
يەرلىكىمنى سادىر سوققان ئەسۋابتا
ئېگىز دۆڭدىن ئويۇڭلار.
يۈزۈمنى خانتەڭرىگە قارىتىپ ياتاي،
قىبلە-پىبلە دېگەن گەپنى قويۇڭلار.»

چەت ئەلدىكى بىر مۇھاجىر دوستىنىڭ دۇنيادىن ئايرىلىش ئالدىدا، بالا-چاقىلىرىغا ئېيتقان ۋەسىيىتى ئاساسىدا يېزىلغان بۇ شېئىر ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەت روھى بىلەن زىچ جىپسىلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئوقۇغان كىشىنى ئاجايىپ تەسىرلەندۈرىدۇ.

مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر يازغۇچى ئۆز مىللىي تىل بايلىقى، مىللىي ئەنئەنىلىرىنى مىللىي روھ بىلەن زىچ باغلىغاندىلا مىللىي ئەدەبىيات زېمىنىدە ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى يارىتالايدۇ، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. تېيىپجان ئېلىيوف ئەنە شۇنداق شائىر. «ۋەسىيەت» ناملىق شېئىردا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن مىللىي روھ قانداق بىرلىك ھاسىل قىلغان بولسا، شائىر «يېڭى باي كۈۋرۈك ئالدىدا» ناملىق شېئىرىدىكى ھەمدۇل بوۋاينىڭ دۇئاسى، «خۇڭ شيۇچۇەن سۈرىتى ئالدىدا» ناملىق شېئىرىدىكى خۇڭ شيۇچۇەننى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى سادىر پالۋانغا سېلىشتۇرۇپ يېزىلغان مىسرالار، بولۇپمۇ «ئانام قۇچاقلىدى ‹ئانام› دەپ مېنى» ناملىق شېئىرىدىكى شائىرنىڭ ئانىسىنىڭ ئوغلىنى «ئانام» دەپ قۇچاقلىغاندەك، ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتىنىمۇ ئۇلۇغلاپ، «ئانام» دەپ ئاتاشتەك مىللىي ئادىتى ھەمدە «ئانا» چۈشەنچىسى ھەققىدىكى ھاياجانلىق قۇرلار كىشىنى ئاجايىپ يېقىملىق ھېس-تۇيغۇغا چۆمدۈرىدۇ.

تېيىپجان ئېلىيوف شېئىرىيىتىدە ئۇنىڭ نامىنى مەڭگۈ ئۆلمەس ئورۇنغا ئىگە قىلغان، ئاجايىپ ئېسىل لىرىك كۈي «تۈگىمەس ناخشا» ـ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر لىرىكىسىنىڭمۇ گۈلتاجى ھېسابلىنىدۇ.

ئىشق-مۇھەببەت ـ ئىنسانلار بىلەن تەڭ پەيدا بولغان، ئىنسانلار دۇنياسىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان مۇقەددەس، تەڭداشسىز، گۈزەل بىر تۇيغۇ. مۇھەببەت ناخشىسى ـ بۇ مۇقەددەس تۇيغۇنىڭ مەڭگۈ ئۈزۈلمەس كۈيىدۇر. ئىشق-مۇھەببەت مەڭگۈلۈك، تۈگىمەس بولغىنىدەك، ئىشق-مۇھەببەت ناخشىسىمۇ مەڭگۈلۈك، تۈگىمەس ناخشىدۇر.

شائىر 1987-يىلى «شائىر يۇرتىدا شائىرنى ئەسلەپ» ناملىق شېئىرىنى يېزىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر شائىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يۈرەك قېنى بىلەن يېزىلغان شېئىرلىرى ئارقىلىق تىكلىگەن يۈكسەك سىمۋوللۇق ئوبرازىنى ئەلنىڭ قەلبىدىكى بىر يۈكسەك مۇنارغا ئوخشىتىپ تۆۋەندىكى مىسرالارنى تىزدى:

« ئالدىمىزدا
بىر يۈكسەك مۇنارنىڭ بەستى تۇرىدۇ.
باقساڭ ئەگەر ئەقىل كۆزىدە،
ئۇلى ئۇنىڭ ئەلنىڭ قەلبىدە،
بېشى ئۇنىڭ ئەرشتە تۇرىدۇ.
ئۇستىدىن قارىساڭ،
سۇلايمان مۇنارى شۇنچىلىك كىچىك
ۋە شۇنچىلىك پەستە تۇرىدۇ.
ـ بۇ مۇنار تۆرەلگەن زادى نېمىدىن؟
ـ ئابدۇخالىقنىڭ يۈرەك قېنىدىن.»

شائىر تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ ئوبرازلىق تىل سەنئىتى جەھەتتىكى تالانت ۋە ئىقتىدارى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن ھەجۋىي تىلدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، شائىرنىڭ ھەجۋىي تىلى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم بىر تەرەپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ھەجۋىيلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى-ئۇنىڭدىن بىر خىل ساغلام كۈلكە، يۇمۇر تېمىپ

تۇرىدىغانلىقى، ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى، چاقچاقلىرىنىڭ ھەممىسى خەلق تىلىدىن كەلگەن. تېيىپجان ئېلىيوف ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇچۇق، خۇش چاقچاق، يۇمۇرلۇق خاراكتېرىنى ئۆزىدە يېتىلدۇرگەن شائىر بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق ئېغىر كۈندە قالغاندىمۇ ئۆزىنىڭ خۇش چاقچاقلىقىنى يوقاتمىغانىدى. شائىرنىڭ بۇ خىل خاراكتېرى ئۇنىڭ «كۆرۈۋېدىم چۈشۈمدە بۇلبۇل»، «ئىبرەت»، «كەۋسەر»، «سوغۇق سۇمۇ كۆيدۈرىدىكەن» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ۋە بىر قىسىم رۇبائىيلىرىدا روشەن ئىپادىسىنى تاپقان. شائىر لىرىكىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلانغان «تۆگمەس ناخشا»نىڭ مىسرالىرىدىنمۇ ئادەمنى ئاجايىپ سىرلىق ۋە نازۇك ھېسلارغا چۈمكەيدىغان بىر شىرىن چاقچاقنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ.

تېيىپجان ئېلىيوف ئۆزىنىڭ مەشھۇر ھەجۋىي شېئىرى «ۋاللاقتەككۈرۈپنىڭ ئۆلۈمى»نى 1955 ـ يىلى يازغان. شېئىردىكى قۇرۇق گەپ سېتىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، ئاممىدىن، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان بيۇروكرات كادىرلارنىڭ ۋەكىلى بولغان «ۋاللاقتەككۈرۈپ» قويۇق كومېدىيەلىك تۈسكە ئىگە قىلىپ يارىتىلغان تېپىك ئوبراز. ئاجايىپ ئۆتكۈر ھەجۋىي تىل ۋە يۈكسەك بەدىئىي دىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان مەزكۇر شېئىر ۋە ئۇنىڭدىكى «ۋاللاقتەككۈرۈپ» ئوبرازى ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىر زور مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ، شائىر ئارقىدىنلا «ساڭ مۇدىرنىڭ ‹زىيانداشقا قارشى ئاجايىپ تەدبىرى› توغرىسىدا قوشاق»، «‹ئاساسەن›نىڭ شىكايىتى»ناملىق شېئىرىنى يېزىپ، ۋىجدانلىق شائىر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان.

«ساڭ مۇدىرنىڭ ‹زىيانداشقا قارشى ئاجايىپ تەدبىرى› توغرىسىدا قوشاق»تا مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ، مەسىلىنى، جاۋابكارلىقنى باشقىلارغا ‹غازلارغا› دۆڭگەپ قۇتۇلماقچى بولغان ساڭ مۇدىرى ئادىل چوڭ ئوبرازى كۈلكىلىك، بىچارە ئوبراز، ئامبارىدىكى ئىككى مىڭ جىڭ بۇغداينى «چاشقان» لار يەپ كەتكەن. ھالبۇكى، ئادىل چوڭ بۇ ئىشتىكى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى يوق قىلىش ئۈچۈن گۇناھنى غازلارغا ئارتىدۇ، ئۇنىڭ يانتايىقى ـ ئامبارچى توختاخۇن ئۇنىڭغا ماسلىشىدۇ.

ئېلىمىزدە «سول» چىل پىكىر ئېقىمى يامرىغان يىللاردا، 1962 ـ يىلى يېزىلغان «‹ئاساسەن›نىڭ شىكايىتى» دە شائىر «ئاساسەن»دىن ئىبارەت بۇ مەۋھۇم، ئابستراكت سۆز ئالدى قوشۇمچىسىنى بىر جانلىق شېئىرىي ئوبرازغا ئايلاندۇرۇپ، ئادەملەشتۈرۈپ سۆزلىتىش ئارقىلىق، شۇ يىللاردىكى پوچىلىق ۋە تەخسىكەشلىككە ئوخشاش ئىللەتلەرنى قاتتىق سۆكتى.

1970 ـ يىللاردىن كېيىن شائىر قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ ھەجۋىي تىلنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىلىرىدىن «شۇمبالا»، «سەللە»، «قانداق قىلاي»، «چال ئوغلۇم»، «‹ئالدى›نىڭ مەستانىسى»، «تەلۋە ـ تەنقىدچى ‹ئاكام› غا مەسلىھەت»، «بىر ئىمامنىڭ ئەرزى ۋە قازىنىڭ جاۋابى»، «قالتىس مەسلىھەت»، «مەن شۇنداق بىر ئوغۇل بالىمەن»، «كۆچۈرمىچى ئوغرىلار»، «زۇغۇيلار توغرىسىدا» ۋە «كۆردۈم شۇنداق ھازىدارنى» قاتارلىق ھەجۋى شېئىرلارنى ئېلان قىلدى.

شائىر تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ روبائىي ۋە پارچىلىرىدىمۇ ۋايىغا يەتكەن، بەدىئىي ـ ھەجۋىي تىلنىڭ يارقىن نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ. تۆۋەندە بۇ رۇبائىي ۋە پارچىلاردىن بىر قانچىنى مىسال كەلتۈرىمىز:

ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى،
مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى،
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،
سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى.

چاغلىقتۇر دۈشمەننىڭ ئەزۋىيلىگىنى،
يامىنى يوشۇرۇن قەستلەيدىغىنى.
خەتەرلىك ئەمەسمۇ قاۋىغان ئىتتىن،
ئەركىلەپ تۇرۇپلا چىشلەيدىغىنى.

توختى سابىر دوستى تېيىپجان ئېلىيوف ھەققىدە يازغان «ئۇ بارلىكى جايدا كۈلكە ياڭرايتتى» ناملىق ئەسلىمىسىدە، 1970 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ شاڭخەيدە داۋالىنىۋاتقان دوستى ۋارىسجانغا يازغان بىر شېئىرىي سالام خېتىنى ئالاھىدە ئەسلەيدۇ. (بۇ شېئىر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشر قىلغان «تېيىپجان ئېلىيوف چاقچاقلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن). بۇ شېئىر يېزىلىش ئۇسلۇبى

جەھەتتىن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى «نامە» ژانىردىكى ئەسەرلەرنىڭ «سالامنامە» تۈرىگە مەنسۇپ بولغان ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان، بۇ ھەجۋىي شېئىر 19-ئەسىردە ئۆتكەن شائىر ئەھمەد شاھ قاراقاشىنىڭ ئاقسۆلۆق نەزەر مۇپتىغا يازغان يامان ئات ھەققىدىكى «سالامنامە» سىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، شائىر تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ «سالامنامە» سى ئەھمەد شاھ قارقاشىنىڭ «سالامنامە» سىدىكىدەك ئۆتكۈر تەنقىد-كىنايە تىل بىلەن ئەمەس، بەلكى ناھايىتى يېقىملىق چاقچاق تىلى بىلەن يېزىلغان.

ئومۇمەن ئالغاندا، تېيىپجان ئېلىيوف ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 20-ئەسىردىكى يېتىلگەن تىل سەنئەتكارى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ بىباھا تىل بايلىقىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى يېڭى دەۋر يۈكسەكلىكىگە ئېگە قىلىش يولىدا بىر ئۆمۈر تىرىشقان، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى بېيىتىپ ۋە جۇلالاندۇرۇپ، ئۇنى دەل جايىدا ئىشلىتىشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقان شائىر. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تىلىدىن دەۋرنىڭ، خەلقنىڭ ساداسى، ئارزۇ-ئىستەكلىرى، شائىرنىڭ ۋە ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسى يارقىن چاقناپ تۇرىدۇ. قىسقىسى، شائىر تېيىپجان ئېلىيوف شېئىرلىرى كىشىلەر قەلبىگە ئورنىغان «تۈگىمەس ناخشا»دۇر.

## ئىزاھلار

[1] شۇ كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994-يىلى نەشرى، 324-بەت.
[2] شۇ كىتاب، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988-يىلى نەشرى، 28-29-بەتلەر).
[3] ۋارىسجاننىڭ «تۆگە» لەقىمىدىن بېشارەت بېرىدۇ.
[4] راك كېسىلى مەنىسىدە.
[5] تۇردى سوپى، قاسىموف توختى، تۆمۈر داۋامەتلەر بىر سورۇندا ۋارىسجاننىڭ كېسىلى راك ئەمەسلىكىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن قەدەھ كۆتۈرۈشكەن ئىكەن.
[6] زىكرى ئەلپەتتا.
[7] زىكرى ئەلپەتتانىڭ «قاپاق» لەقىمىگە قارىتىلغان.

## پايدىلانمىلار

1. « تېيىپجان ئېلىيوف شېئىرلىرى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1998- يىلى 2- ئاي نەشرى.
2. «تېيىپجان ئېلىيوف ئەسەرلىرى»، ( ماقالىلەر، خەت چەكلەر، ئەسلىمىلەر ۋە ھېكايىلەر توپلىمى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992- يىلى نەشرى.
3. قاۋىسلقان قامىجان «ئىز ۋە ئۈلگە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

第 34 卷第 1 期 | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) | 34 ـ يىللىق 1 ـ سان
2013 年 3 月 | 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) | 2013 ـ يىلى 3 ـ ئاي

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2013)01_116_06

# شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنىڭ قانۇنچىلىق ئاساسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا*

ئەخمەت مامۇت

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پىلانى. لېكىن شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى تەبىئىي ئامىل، جۇغراپىيەلىك ئامىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ئالاھىدە ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندىن سىرت، مۇھىمى يەنە شىنجاڭدا قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقىدىن ئىبارەت قانۇن ئامىلىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچراۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ ئالاھىدە ئامىللارنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ماقالىدە، يەرلىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ئىكەنلىكى بايان قىلىنىش ئاساسىدا، شىنجاڭنىڭ يەرلىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىشتىكى ئىجابىي تەكلىپ ـ پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要**: 实现新疆跨越式发展是党和国家的基本国策。但是，由于新疆受特殊的自然，地理，历史和文化因素制约外，影响新疆跨越式发展的因素还很多，对这些因素进行研究分析不仅是必要的，也是推进新疆跨越式发展的重要前提条件。本在阐述加强地方法制建设是实现新疆跨越式发展的必然要求的基础上，分析了新疆地方法制建设中存在的一些问题，并提出了一些建议性的意见。

**Abstract:** Achieve the leapfrog development in Xinjiang is the basic state policy of the Party and state. However, due to the unique natural, geographical, historical and cultural elements in Xinjiang, a systematically research and analysis on those elements are not only necessary but prerequisite. From the aspect of enhancing the construction of ethnic law, this paper points out the necessity of strengthen the construction of ethnic law for achieving the leapfrog development in Xinjiang. In addition, points out several problems in the process of constructing the ethnic law and puts forward some constructive suggestions.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D927　　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

مەملىكىتىمىزنىڭ ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى ھالقىلىق باسقۇچقا كىرگەن، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ھالقىما تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغان يېڭى ۋەزىيەتتە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن 2010- يىلى 5- ئاينىڭ 17-كۈنىدىن 19 -كۈنىگىچە بېيجىڭدا «شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى»نى ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مۇقىملىق تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە ۋە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، شىنجاڭ دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپىلەرنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئۇزاق ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز ئالاھىدە تارىخىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلغان ھالدا، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ئەھۋالغا قارىتا دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ دۆلەت سىياسىتى ۋە تەدبىرلىرىنى يېتەكچى ئورۇنغا

---

* بۇ ماقالە 2012-يىلى 5- ئاينىڭ 1-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئەخمەت مامۇت (1959 ـ يىلى11 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، خەلقئارا قانۇن، خەلقئارا ئىقتىسادىي قانۇن ۋە شىنجاڭنىڭ يەرلىك قانۇنى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

قويۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئەمما دۆلىتىمىزنىڭ ئاپتونومىيە قانۇنىدا ھوقۇق بېرىلگەن دائىرىدە تۈرلۈك يەرلىك قانۇن- نىزاملارنى تۈزۈش ۋە ئىلگىرىكىلىرىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش قاتارلىق جەھەتلەردە يەنىلا بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت بولغاچقا، بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنە ئالاقىدار نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىزمەتلەر ئىچىدە شىنجاڭنىڭ يەرلىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش مۇھىم خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندە يەرلىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنىڭ قانۇنچىلىق ئاساسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. يەرلىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلپى

ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلىش شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي تەلپى؛ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان سۇبيېكتىپ ئىرادە ۋە بيۇروكراتلارچە تەدبىر بەلگىلەشتىن ساقلىنىپ، ئىلمىي، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى تەلپى؛ جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، مۇھىتقا مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يېشىل مۇھىت بەرپا قىلىش ئارقىلىق ياخشى بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى ئورنىتىپ، توغرا رىقابەتنى قوغداش شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىدىكى ھالقىلىق مەسىلىدۇر. ۋەھالەنكى، بۇ مەسىلە قانۇن كاپالىتىدىن ئايرىلالمايدۇ.

**1) ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىش شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسىي تەلپى**

شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم نىشانى ــ شىنجاڭ بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى تۈگىتىپ، شىنجاڭنى دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرى بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە گۈللەندۈرۈپ، باي، مەدەنىيەتلىك، ئىناق، زامانىۋى جەمئىيەتكە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت. بۇ ئىستراتېگىيەلىك نىشان قانۇنغا ئاساسەن بەلگىلەنگەن، ئۇ شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا مۇھىتىغا، تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلپىگە ئۇيغۇن. دۆلىتىمىز 30 نەچچە يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىش بىلەن بىرگە، «قانۇن باشقۇرىدىغان دۆلەت» قۇرۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبە يەنە شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنىڭ «قانۇن بويىچە تەرەققىي قىلىش» يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى. نۆۋەتتىكى تەرەققىيات قارىشى تامامەن يېڭىچە تەرەققىيات قارىشى بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزىي ھالقىسى ئادەمنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت. ئادەمنى ئاساس قىلىشنىڭ ئۆزى كىشىلەر ئارا سىجىل، ماس، باراۋەر ھەمتۇرتكە بولىدىغان بىر جەريان، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي، ئېكولوگىيەلىك ئۈنۈمنى تەڭ تەكىتلەيدىغان ئورگانىك بىرلىك، ئۇ ماس قەدەملىك، ئىناق ۋە ساغلام تەرەققىي قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ھالقىما تەرەققىياتتا بۇ قائىدىگە بويسۇنۇش كېرەك، چۈنكى بۇ قائىدە ھازىرقى جەمئىيەتتىكى قانۇنچىلىقنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدۇر.

**2) قانۇن باشقۇرىدىغان جەمئىيەت مۇھىتى بەرپا قىلىش شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى**

شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ باش ئىستراتېگىيەلىك نىشانى ــــ «ئىقتىساد گۈللەنگەن، جەمئىيەت ئىناق، گۈزەل، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش»تىن ئىبارەت. بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تەرەققىيات مۇساپىسىنىڭ مۇقىم، ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش زۆرۈر.

مۇقىم، ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشتا تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىپ، تەرەققىيات پىلانىنى قانۇن بويىچە بىرتۇتاش پىلانلاش كېرەك. شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىدا ئىختىساسلىقلار مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋەزىيىتى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولسىمۇ، لېكىن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۈزلۈكسىز پاراكەندىچىلىك سېلىپ، ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىش ۋە ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇشقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى چەكلىمىگە ئۇچراتماقتا. ھالبۇكى، ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىش ۋە ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇش شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم مەسىلە، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ ۋە پەن-تېخنىكىدا ئالدىدا مېڭىشتىن ئىبارەت فاڭجېنى (تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ ۋە ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىپ، مۇقىم، ئىناق جەمئىيەت مۇھىتىنى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

**3) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يولىدا تەۋرەنمەي مېڭىش شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى**

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئەمەلىيەتتە قانۇنچىلىق ئىگىلىكى بولۇپ، مەيلى مەبلەغ سېلىش، باج، مائارىپ، ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشى بولسۇن ياكى تەبىئىي بايلىق ۋە مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئېچىش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش قاتارلىقلاردا بولسۇن، تۈرلۈك مەنپەئەت سۇبيېكتلىرىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغداپ، ھەممىنى قانۇنغا سېلىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوڭۇشلۇق، قانۇنىيەتلىك ئايلىنىشىنى يېتەرلىك قانۇن كاپالىتى ۋە مۇقىملىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى شىنجاڭنىڭ يەرلىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشتا، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ياخشى قانۇن مۇھىتى بىلەن تەمىنلەشتە. چۈنكى ياخشى قانۇن مۇھىتى تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى، ياخشى قانۇن مۇھىتى بولمىسا، ياخشى مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، مەبلەغ كەمچىل بولسا تەرەققىي قىلىش قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. ياخشى قانۇن مۇھىتى بەرپا قىلىنغاندا بارلىق مەشغۇلاتلار تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىش بىلەن بىللە، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ سالغان مەبلىغى ئۈنۈملۈك قوغدىلىپ، ھالقىما تەرەققىياتنىڭ مەبلەغ ئاساسىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

## 2. شىنجاڭنىڭ يەرلىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

دۆلىتىمىزنىڭ يەرلىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىسىدا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، مۇستەقىل بىر پەنلىك ئورنى ئېتىراپ قىلىندى. لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا يەرلىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى سىستېما، سۈپەت جەھەتتە مۇكەممەل دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى بەزى جايلار ۋە تارماقلارنىڭ يەرلىك قانۇنچىلىق ئېڭى، يەرلىك قانۇن، نىزام تەشۋىقاتى ئېڭى ئاجىز. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسىنى تۆۋەندىكىچە ئومۇملاشتۇرۇش مۇمكىن.

**1) كىشىلەرنىڭ قانۇن ئېڭى ئاجىز**

شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئىچكى جايلارغا سېلىشتۇرغاندا بىر قەدەر ئاستا، ئەنئەنىۋى قاراش ۋە ئادەتنىڭ تەسىرى چوڭقۇر بولغاچقا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، قانۇنچىلىق ئېڭى بىر قەدەر تۆۋەن. بولۇپمۇ بەزى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇنچىلىق ئېڭى نىسبەتەن

تۆۋەن بولغاچقا بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا، دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ۋە غەربىي شىمالنى ئېچىشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىغا ماسلىشالماي، قانۇنچىلىق خىزمىتىگە، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشقا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىدە قانۇن ھوقۇقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دېگەن قاراش مۇستەھكەم تۇرغۇزۇلمىغان. شۇڭا شىنجاڭدىكى بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەسىلىلەرنى قانۇن ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

**2) يەرلىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى سىستېمىلىق ئەمەس**

دۆلىتىمىز ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا ئاپتونوم رايونلارغا ئۆز جايىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالىغا ئاساسەن ئاپتونومىيە نىزامى، ئايرىم نىزام، چارە ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈش ھوقۇقىنى بەرگەن بولسىمۇ، مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان 50 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار يەرلىك قانۇن چىقىرىش سۇبيېكتى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ھوقۇقنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسىنى مۇكەممەللەشتۈرەلمىدى. ھازىر پەقەت بەزى ئايرىم نىزام ۋە بەلگىلىمىلەرلا بار بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مىللىي ئاپتونومىيەلىك قانۇن سىستېمىسى تېخى بەرپا قىلىنمىدى، بۇ مەسىلە مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ شىنجاڭدا يولغا قويۇلۇش ئۈنۈمىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 3. يەرلىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى

شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش ۋە ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش ۋەزىيەتنىڭ جىددىي تەلىپى. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئاۋامنىڭ قانۇنغا تايىنىپ تەرەققىي قىلىش ئېڭىنى تىكلەش بىلەن بىرگە، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھالقىما تەرەققىياتنىڭ قانۇن ئاساسىنى تۇرغۇزۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش زۆرۈر.

**1) قانۇنىنىڭ نوپۇزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، قانۇنغا تايىنىپ تەرەققىي قىلىش ئېڭىنى تىكلەش كېرەك**

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ شىنجاڭدا ھالقىما تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نىشانى قارىغۇلارچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان شوئار بولماستىن، بەلكى 30يىلدىن ئارتۇق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئەمەلىيەت جەريانىدا شەكىللەنگەن پۇختا نەزەرىيە ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شىنجاڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياردەم بېرىشىگە تايىنىپ تەرەققىي قىلىدۇ، بۇ ھالقىما تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر يۆزلىنىشى. شۇڭا شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ تەرەققىيات تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىش بىلەن بىرگە، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا يەرلىك ئەۋزەللىكلەرنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قانۇنغا تايىنىپ تەرەققىي قىلىش يولىغا مېڭىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا قارىغۇلارچە تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش، ئالدى بىلەن بۇزۇپ، كېيىن تۈزەش قاتارلىق مەسىلىلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. قانۇنغا تايىنىپ تەرەققىي قىلىش يولىغا مېڭىشتا قانۇنىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەش كېرەك. كەڭ پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن قارىشىنى ئۆستۈرۈپ، ھەممە ئادەم قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان، قانۇن بويىچە ئىش قىلىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرگەندە ياخشى، مۇقىم جەمئىيەت تەرتىپىنى بەرپا قىلغىلى، سىجىل ۋە مۇقىم تەرەققىي قىلىشنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ. لېكىن قانۇنىنىڭ نوپۇزىنى قانۇن ماددىلىرىغا يازغىلى بولمايدۇ، ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ئەمەلىيىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا رەھبىرىي كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ قانۇن ئېڭىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ،

قانۇنىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى قانۇن مۇھىتى بەرپا قىلىش كېرەك. بۇ نىشانغا يېتىشتە ئىلگىرىكى كۆپ يىللىق قانۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە قانۇن ئىلمى مائارىپىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىش، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، قانۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش، قانۇن تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، قانۇن ئىلمى مائارىپى ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، رەھبىرىي كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، قانۇنغا تايىنىپ تەرەققىي قىلىش قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى قانۇن مۇھىتى ھازىرلىغىلى بولىدۇ.

**2) يەرلىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك**

پارتىيە ۋە دۆلەت شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ئومۇمىي پىلان تۈزۈپ، شىنجاڭغا نۇرغۇن ئالاھىدە سىياسەت ، قانۇن چىقىرىش ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقلىرىنى بەردى. شۇڭا خەلق قۇرۇلتىيى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن ھوقۇقلارغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ئاپتونومىيە نىزامى، ئايرىم نىزام شۇنىڭدەك يەرلىك قانۇن- نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىش مەجبۇرىيىتى بار. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان يەرلىك قانۇن- نىزاملارنى تۈزۈش، يولغا قويۇش ۋە نازارەتچىلىك قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇ شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىدا جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە.

(1) يەرلىك قانۇن چىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، يەرلىك قانۇنلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش زۆرۈر. شىنجاڭنىڭ يەرلىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى، بولۇپمۇ ھالقىما تەرەققىياتقا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى مۇقىم، تەرتىپلىك ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. يەرلىك قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى، شۇنداقلا ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر كاپالىتى، «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ مۇھىم گەۋدىلىنىشى»[2]. شۇڭا «ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ يەرلىك قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بولىسىمۇ، بولمىسىمۇ بولىۋېرىدىغان ھوقۇق ئەمەس»[3]. مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ يەرلىك قانۇن-نىزاملارنى چىقىرىشتىكى ئاساسىي مەقسىتى دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلاردا يەرلىك قانۇن - نىزاملارنى يولغا قويۇپ، ئۆز رايونىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ۋە ئالاھىدە ھوقۇق-مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش، مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشىگە قارىتا بەرگەن ئالاھىدە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت. تەبىئىي جۇغراپىيەلىك شارائىت، تارىخ، مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئېتىقاد قاتارلىق تۈرلۈك ئامىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ تەرەققىياتىدا زور پەرق ساقلاندى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئورنىتىلغاندىن بۇيان، بۇ پەرق كىچىكلىمەستىن ئەكسىچە تېخىمۇ چوڭايدى. شۇڭا «دۆلەت بەرگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان يەرلىك قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ، ئۇنى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە شىنجاڭچە تەرەققىيات يولى» [4]نىڭ تۈپ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

(2) ئاپتونومىيە نىزامىنى قانۇن چىقىرىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ئاپتونوم رايونلارغا ئاپتونومىيە نىزامىنى تۈزۈش ھوقۇقى بېرىلگەن، بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىسى. ئاپتونومىيە نىزامىنىڭ «كىچىك ئاساسىي

قانۇن»[5] دېگەن نامى بار. بۇنىڭدىن مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلاردا يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئاپتونومىيە نىزامىنى تۈزۈشنىڭ مەقسىتى ئاساسىي قانۇننىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ئاپتونوم رايون بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ يۈكسەك ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈشلەشكەن يولغا قويۇش چارىلىرىنى تېزدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ دۆلەت قانۇنلىرىدىكى «ئۆز ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىش كىرگۈزسە ۋە تولۇقلىسا بولىدۇ» دېگەن (جانلىق) بەلگىلىمىلىرى بويىچە، يۇقىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان قارار، بۇيرۇق ۋە كۆرسەتمىلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىرىنى ئىجرا قىلىشتىن توختىتىشنى ئىلتىماس قىلىشقا بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يەرلىك قانۇن سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق، مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىنى پۇختىلىغىلى بولىدۇ.

## ئىزاھلار

[1] «خۇبېي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (پەلسەپە- ئىجتىمائىي پەن قىسمى)، 2002-يىلى 2-سان.
[2] مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۈزگەن:«جۇڭگو مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى، قانۇن نىزاملار ئومۇمىي كودېكسى»[M]، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 2002- يىلى7-ئاي، 123-بەت.
[3] چاۋ شىمىڭ:«ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئېكولوگىيە مۇھىتىغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى تەتقىقاتى»[M]، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 2009-يىلى8-ئاي، 321-بەت.
[4] ۋۇ يۈەنىڭ: «غەربىي رايونلارنى ئېچىش ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى تەتقىقاتى»[M]، شەنشى نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 2012-يىلى1-ئاي، 356-، 378 -بەتلەر.
[5] ياڭ شۆۋۇ: «غەربىي شىمالنى ئېچىش مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، قانۇنچىلىق مەسىلىسى توغرىسىدا تەتقىقات» [M]، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 2008-يىلى8-ئاي، 136-بەت.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2013)01-122-09

# تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھازىرقى كۆرگەزمە ئەھۋالى توغرىسىدا*

گۈلنۇر ھەمدۇل

(تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، تۇرپان. 838000)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** بۇ ماقالىدە، تۇرپان مۇزېيىنىڭ ئومۇمىي تارىخى كۆرگەزمىسىنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ يىل دەۋرى، ياسىلىش سەنئىتى جەملىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بۆلەكلەر بويىچە چۈشەندۈرۈلىدۇ .

**摘要：** 这篇文章通过介绍吐鲁番博物馆《吐鲁番通史展厅》论述吐鲁番地区在各时期的政治体制及社会发展。

**Abstract:** This paper mainly introduces the "General History Exhibition Hall" of the Turpan museum and discusses political system and social development status of Turpan in different periods of time .

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G268.3 ماتېرىيال بەلگىسى: A

تۇرپان مۇزېيىمىزغا كىرسىڭىز تۇنجى بولۇپ تۇرپاننىڭ ئومۇمىي تارىخى كۆرگەزمىسىنى كۆرىسىز. بۇ كۆرگەزمىدىكى مەدەنىيەت بۇيۇملىرى بىلەن تونۇشسىڭىز، تۇرپاننىڭ 4 مىڭ يىللىق تارىخى بىلەن تونۇشۇپ چىققان بولىسىز.

تۇرپان دۇنيادىكى ئەڭ مول ئۇستى ئوچۇق ئارخېئولوگىيە مۇزېيلىرىدىن بىرى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە. مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان يادىكارلىقلار ناھايىتى مول بولۇپ، كۆلىمى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىن قالسىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنچى چوڭ مۇزېي ھېسابلىنىدۇ. ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى 6000 دانىدىن ئاشىدۇ. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تۇرپان رايونىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلىرىدىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، بۇلار ھەم تۇرپان رايونىنىڭ تارىخىي پاكىتلىرىدۇر. بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچى دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى 100 گە يېقىنلىشىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا كۆرگەزمىگە قويۇلغان ۋە ساقلىنىۋاتقان غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان يەنى يىپەك يولى ئاۋاتلاشقان 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ 80% تىن كۆپرەكى تۇرپان رايونىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدۇر.

يېڭى قۇرۇلغان تۇرپان مۇزېيى تۇرپان شەھىرىنىڭ مۇنار يولىغا ئورۇنلاشقان. 2006-يىلى 12-ئايدا رەسمىي قۇرۇلۇش باشلانغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 31291.3 كىۋادرات مېتىر بولۇپ ، كۆرگەزمە مەيدانى 4126 كىۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ. يېڭى مۇزېي كونا مۇزېيدا ئەسلىي بار بولغان كۆرگەزمە زاللىرى ئاساسىدا قايتىدىن لايىھەلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن سىرت «نۇرپاننىڭ ئومۇمىي تارىخى كۆرگەزمىسى»، «كەركىدان تاشقاتمىسى كۆرگەزمىسى»، «مىڭ ئۆي تام سۈرەتلىرى كۆرگەزمىسى»، «ئالتۇن-كۈمۈش تەڭگە پۇللار ۋە يازما ھۆججەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى»، «ساياھەت مەنبەسى كۆرگەزمىسى»، «قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر كۆرگەزمىسى» قاتارلىق كۆرگەزمە زاللىرى كۆپەيتىلىپ، كۆرگەزمە مەزمۇنى زور دەرىجىدە بېيىتىلدى. كۆرگەزمە 2009 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ پۈتۈشكە باشلىدى ھەم پەيدىن-

---

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 3- ئاينىڭ 19-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور:گۈلنۇر ھەمدۇل(1972-يىلى4-ئايدا تۇغۇلغان)، ياردەمچى تەتقىقاتچى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

پەي سىرتقا ئېچىۋېتىلدى. بىرىنچى تۇركۇمدە ئامىغا ئېچىۋېتىلگەن كۆرگەزمە رايونى ئۈچ بولۇپ، بۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي تارىخى كۆرگەزمىسى»، «كەركىدان تاش قاتمىسى كۆرگەزمىسى» ۋە «ئالتۇن-كۈمۈش تەڭگە پۇللار ۋە يازما ھۆججەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى» دىن ئىبارەت.

مۇزېينىڭ سىرتقى تام يۈزىگە قاپارتما نەقىش چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، 4 بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. بۇ قاپارتما نەقىشنىڭ ھەر بىر بۆلىكى تۇرپان رايونىنىڭ ھەر مىڭ يىلىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. تۇرپاننىڭ تۆتمىڭ يىللىق تارىخى ئۆزئارا گىرەلەشتۇرۇلۇپ ئەكس ئەتتۇرۇلگەن بولۇپ، كۆز ئالدىمىزدا تۇرپاننىڭ ئۇزاق تارىخىي مۇساپىسى ۋە ھازىرقى تەرەققىياتى بىر-بىرىگە گىرەلەشكەن ھالدا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

مۇزېينىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىن زالى، ئىككىنچى قەۋىتىدە تۇرپان ئومۇمىي تارىخى كۆرگەزمە زالى، كەركىدان تاشقاتمىسى كۆرگەزمىسى زالى، ئالتۇن-كۈمۈش تەڭگە پۇللار ۋە يازما ھۆججەتلەر كۆرگەزمە زالى، ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۆيى ۋە كۆپ ئىقتىدارلىق ئۈن-سىن قويۇش ئۆيى بار. تۆۋەندە تۇرپان رايونىنىڭ ئومۇمىي تارىخى كۆرگەزمىسى زالىنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.

بۇ زال جەمئىي7 مەدەنىيەت بۆلۈمى، 8 قىسمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، زالغا كىرگەندىن كېيىنكى ئوڭ قول تەرەپكە تۇرپان مۇزېيىنىڭ قىسقىچە چۈشەندۈرمىسى چۈشۈرۈلگەن. ئىشىككە ئۇدۇل تامغا تارىختىكى دېڭىز ئۈستى يىپەك يولىنىڭ 3 چوڭ يۆرۈش لىنىيەسى ۋە قۇرۇقلۇق يىپەك يولىنىڭ 3 بۆلەك يول لىنىيەسى چۈشۈرۈلگەن. سول تەرەپكە تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئاساسلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش رايونىنىڭ تارقىلىش ئىسخېمىسى چۈشۈرۈلگەن.

ھازىر پۈتۈن ۋىلايەت دائىرىسىدە يۆتكىگىلى بولمايدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق خارابىسىدىن 208ى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 9ى ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 30ى بار.

## 1. بىرىنچى بۆلۈم: ئىلگىرىكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتىگە دائىر مەزمۇنلار

بۇ بۆلۈمدە بۇنىڭدىن نەچچە ئون مىڭ يىل ئىلگىرى تۇرپاندا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئىنسانلار تاشنى خام ماتېرىيال قىلىپ يونۇپ ـ سوقۇش ئارقىلىق ياساپ چىققان تاش قوراللار كۆرگەزمىگە قويۇلغان. بۇ تاش قوراللار ئايرىم-ئايرىم ھالدا كونا تاشقوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان يارغول غەربىي غول تەكچىلىكىدىن يىغىۋېلىنغان يونۇش ئۈسكۈنىسى، كونا تاشقوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان تۇرپان شەھىرى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن يىغىۋېلىنغان تاش ياپراقچە، يېڭى تاشقوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان پىچان ناھىيەسى كەندىر خارابىسىدىن يىغىۋېلىنغان تاش مېغىز، كونا تاشقوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان پىچان ناھىيەسى ياڭخىي قەبرىستانلىقىدىن يىغىۋېلىنغان تاش ئىشتىك، يېڭى تاشقوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان توقسۇن ناھىيەسى پارچەئوت خارابىسىدىن يىغىۋېلىنغان تاش توپ، كونا تاشقوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان يارغول غەربىي غول تەكچىلىكىدىن يىغىۋېلىنغان تاش قىرغۇچ، يېڭى تاشقوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان توقسۇن ناھىيەسى پارچەئوت خارابىسىدىن يىغىۋېلىنغان تاش گۈرجەك، يېڭى تاشقوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان پىچان ناھىيەسى كەندىر خارابىسىدىن يىغىۋېلىنغان تاش پىچاق، تۇرپان شەھىرىدىن يىغىۋېلىنغان يېڭى تاشقوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان دەستىلىك تاش ئورغاقتىن ئىبارەت . ئەينى ۋاقىتتا بۇ جايدا ياشىغان ئىنسانلار تاشلارنى يونۇش، سوقۇش ئارقىلىق ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق خىلمۇخىل ئەمگەك قوراللىرىنى ياساپ چىققان. بۇ تاشقوراللار ئاساسلىقى ئوۋ ئوۋلاشقا، ئوۋنىڭ تېرىسىنى شىلىش ۋە گۆشىنى پارچىلاشقا ئىشلىتىلگەن.

## 2. ئىككىنچى بۆلۈم: غۇزلارنىڭ مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ مەزمونلار

مىلادىيەدىن 1000 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىت ئۆيچۆرىسىدىكى غەربىي جوۋ مەزگىلىدە، تۇرپان تۇچ

(بىرونزا قورallar) دەۋرىگە كىرگەن. تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 8ـ،7ـ ئەسىردە دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە قەدەم قويغان. جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىگىلىك يارىتىش ئىشلىرىنىڭ كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى، كۆنسېرى راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شەھەر ۋە دۆلەت بارلىققا كەلدى ھەم تارىختا «غۇز» ياكى «قوش»لار بەگلىكى قۇرۇلدى ۋە شۇ نام بىلەن ئاتالدى.

بۇ بۆلۈمدە زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەينەك بىلەن يېپىلغان بىر قەبرە قويۇلغان بولۇپ، بۇ سىڭگىم ئۆتەڭ قەبرىستانلىقىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن كىچىك بالىلار قەبرىسىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن قۇرۇلمىسى بولۇپ، بۇ قەبرە سىڭگىم ئۆتەڭ قەبرىستانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، قەبرىنىڭ شەكلى تىك ئورەكلىك، يانتۇ لەھەتلىك، شىمالدىن شەرققە 80° قىيپاش قېزىلغان، قەبرە ئاغزىنىڭ ئۈستى قومساغۇ، قومساغۇ قەۋىتىنىڭ ئۈستى لاتقا توپا قەۋەت. قەبرە ئاغزى ۋە ئەتراپىدا قارا قات ۋە يىكەن قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر كۆزگە چېلىقىدۇ. قەبرە يولى سېلىندىر شەكلىدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 164 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 77 سانتىمېتىر كېلىدۇ. قەبرىنى قازغاندا دەسلەپتە لاتقا توپا قېزىلغاچقا قەبرىنىڭ ھەرتەرەپ تاملىرى ئويمان ـ دۆڭ، ئۈستى تەرىپى چوڭ، ئاستى تەرىپى كىچىك، قەبرە يولى ئاستىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 150 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 67 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 100ـ116 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ. قەبرە يولى ئاستىنىڭ جەنۇبىي تېمىغا پاكار يان ھۇجرا قېزىلغان، تەكشى يۈزى ئېللىپىس شەكلىدە، سىرتى ئېگىز، ئىچى پەس، تورۇسى قىيپاش ياي شەكلىدە بولۇپ، ئويمان ـ دۆڭ، ئۇزۇنلۇقى140سانتىمېتىر، كەڭلىكى 68 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 60 سانتىمېتىر كېلىدۇ. قەبرە ئاغزىغا سەككىز تال يۇلغۇن ياغىچى قويۇلۇپ كۆمۈۋېتىلگەن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تۆت تېلىدا شېخى بار، ئۇزۇنلۇقى 84ـ104 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى 6ـ10 سانتىمېتىر، يۇلغۇن ياغىچىنىڭ سىرتىغا بىر قەۋەت ئالقات يېپىتىلغان، قىيپاش دۆڭ شەكلىدە. قەبرىنىڭ يېنىدىن قەبرىنىڭ ئاغزىغا قەدەر تىندۇرۇلغان، قارا قات سىرتىغا 15 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ئوت ـ چۆپ يېپىتىلغان. ئوت ـ چۆپنىڭ سىرتى سېغىز توپا بىلەن قەبرە يولى ئاغزىغىچە تىندۇرۇلغان. قەبرىگە 10 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر قىز، بىر ئوغۇل بولۇپ، ئىككى بالا بىرگە دەپنە قىلىنغان. بۇ ئىككى بالا بەلكىم مەلۇم يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن يۇقۇملىنىپ ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ قەبرىدىكى ھەمدەپنە بۇيۇملىرىدىن: ياغاچ تاۋاق، ياغاچ سوغا، مارجان، تېرە قاپچۇق، ئۇزۇن تېرە ئاياغ كىيىمى، بەلباغ، ساپال رومكا، ئوق ـ يا، خورۇم تۇگمە، ياغاچ ئاياق، ئالتۇن ھالقا، قوينىڭ قوۋۇرغا سۆڭىكى قاتارلىقلار بار بولۇپ، ھەممىسى ئادەتتە تۇرمۇشتا دائىم ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملاردىن ئىبارەت.

ئىككىنچى بۆلۈم بىرىنچى ئەينەك ئىشكاپقا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئىككى ياڭخىي ئادىمىنىڭ باش ھەيكىلى ۋە ياڭخىي قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان تاش ساقىدىن باشقا يەنە پىچان ناھىيەسى ياڭخىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بىر توپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى گۇرۇپپىسى تىزىلغان. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ياڭخىي قەبرىستانلىقى I ـ نومۇرلۇق تەكچىلىكتىكى 62ـنومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلار توپى. 62 ـنومۇرلۇق قەبرىدىن جەمئىي 14 دانە مەدەنىيەت يادىكارلىقى قېزىۋېلىنغان بولۇپ، بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە ياغاچ تاۋاق، رەڭلىك ساپال ئۇرىق، رەڭلىك ساپال ئاياق، بىر قۇلاقلىق ساپال كومزەك، ياغاچ رومكا، ئىككى تال ياغاچ قوزۇق، ئىككى دانە دېڭىز قۇلۇلىسى قېپى قاتارلىقلار بار. ياڭخىي قەبرىستانلىقىI ـ نومۇرلۇق تەكچىلىكتىكى قەبرىلەر 2 ـ3 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە. يەنى مىس قوراللار (بىرونزا قوراللار) دەۋرىدىن تۆمۈر قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە مەنسۇپ[1].

ئىككىنچى بۆلۈمدىكى ئىككىنچى ئەينەك ئىشكاپقا ياڭخىي قەبرىستانلىقىدىكى1ـ، 2ـ، 3ـ نومۇرلۇق تەكچىلىكتىكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ساپال، ياغاچ، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار ۋە سۇ بېشى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال، ياغاچ، يۇڭ توقۇلما، مېتال بۇيۇم قاتارلىقلار قويۇلغان. يەنى تۆز قۇلاقلىق رەڭلىك ساپال رومكا، تىك قۇلاقلىق رەڭلىك ساپال رومكا، ھەرخىل شەكىلدىكى ساپال قاچا، ھايۋانباشلىق ئېگىز پۇتلۇق رەڭلىك ساپال قاچا، بىر

قۇلاقلىق ئېگىز پۇتلۇق رەڭلىك ساپال قاچا، تۆت پۇتلۇق ئاياق، رەڭلىك ساپال ئاياق، يولۋاس بىلەن قوي سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ياغاچ سوغا، ئۆسۈملۈك ئۇرۇقى بىلەن ھەرە چىشى شەكلى چىقىرىلغان ياغاچ سوغا، چېپىۋاتقان بۇغا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ياغاچ سوغا، بۇرمىسىمان ھەرە چىشى نۇسخىلىق ياغاچ سوغا، ياغاچ تاۋاق، قاينام نۇسخىلىق رەڭلىك ساپال كومزەك، تۆت پۇتلۇق ئاياق، بىر قۇلاقلىق رەڭلىك ساپال ئاياق، ئۈچ پۇتلۇق ساپال قاچا، دولقۇن نۇسخىلىق تېۋىت گېلەم، ئىگەر گېلىمى، جوغىلىق ساپال كومزەك قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە پىچان ناھىيەسى سۇ بېشى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان جوغىلىق ساپال كومزەك، رەڭلىك ساپال ئۇۋرىق قاتارلىقلار بار. يەنە توقسۇن ناھىيەسى بوستان قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئەگرى ساپلىق كومزەك شەكىللىك ياغاچتىن ياسالغان چۆمۈچ بار.

ئۈچىنچى ئەينەك ئىشكاپقا ئاساسەن ياڭخەي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قويۇلغان. يەنى يۇمىلاق ياغاچنى ئويۇپ ياساپ چىققان ھېجىر، مىس شارچە قويۇپ ياسالغان تۆمۈر تۇگمە، ھايۋاناتلارنىڭ سۆڭىكىدىن ياسالغان سۆڭەك بىگىز (تۇگۈننى يېشىش ئۈسكۈنىسى)، يۇمىلاق شەكىللىك ئوتتۇرىسى تۆشۈك مىس تۇگمە، ياغاچ ساپلىق مىس بىگىز، يۈگەن، مىس ئېغىزدۇرۇق، تۆمۈردىن ياسالغان ئات جابدۇقى، قامچا، ئوق-يا، قاينام شەكىللىك نەقىش ئويۇلغان ياغاچ تىرەك، تېرە ئويماق، ئەگرى تاياق، ياغاچتىن ئوت چىقىرىش ئەسۋابى، ئىككى دانە ياغاچ تارغاق، تېرە قاپلانغان ياغاچ داس، ئىككى دانە مىس ئىشتىك، لايدىن ياسالغان شامال ئۆتكۈزۈش تۇرۇبىسى، 3 دانە مىس قوڭغۇراق، ساپلىق مىس پالتا، مىس يالمان، قىزىل-كۆك رەڭلىك يول-يول نۇسخىلىق كىيىم، يول-يول نۇسخىلىق ئۇزۇن كۆڭلەك، ئۈچ دانە ئورچۇق، يۇمىلاق شەكىللىك ئالتۇن ھالقا، سېرىق يانتۇ قوڭۇر رەڭلىك، تېگى قىنىق بېغىر رەڭلىك ئىلما ئىشتان، توقۇلما بەلباغ، ئۈچ دانە ھەرخىل شەكىلدىكى مىس پىچاق قاتارلىقلار بار. بۇ ئىشكاپتا يەنە پىچان ناھىيەسى سۇبېشى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان يانتۇ يوللۇق قىزىل سېرىق رەڭلىك يۇڭ توقۇلما بۇيۇمۇ بار.

تۆتىنچى ئەينەك ئىشكاپتا ياڭخەي قەبرىسقانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان12دانە سەدەپ زىننەت بۇيۇمى، ھەرخىل مارجانلار، غۇڭقا (تەقلىدىي بۇيۇم)، توقۇلما بەلباغ، پىچان ناھىيەسى سۇ بېشى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بىرجۈپ ئالتۇن قاپلانغان يولۋاس شەكىللىك مىس تەستەك، ھايۋان باشلىق مىس زىننەت بۇيۇمى قاتارلىقلار بار. تۇرپان شەھىرى ئايدىڭكۆل قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ھايۋان شەكىللىك مىس تەستەك، قوينى چىشلەپ تۇرغان يولۋاس شەكىللىك مىس تەستەك قاتارلىقلار بار.

بۇ بۆلۈمدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىرى ئىچىدە پىچان ياڭخەي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئاساسەن بىر دەۋرگە تەۋە بولۇپ، غەربىي جوۋ دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىلىگە مەنسۇپ[2]. ئەينى چاغدا بۇ جايدا ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىز مېتال تاۋلاش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ ئالتۇن، مىس، تۆمۈر قاتارلىق مېتاللاردىن ھەرخىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ چىققان.كۇلالچىلىق تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ كۆركەم، سىپتا، ئەپچىل ساپال بۇيۇملارنى ياسىغان. توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ رەڭگارەڭ يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرىنى توقۇپ چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە بىزگە قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇرغان.

## 3. ئۈچىنچى بۆلۈم: غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى ئىگىدارچىلىقىدىكى غۇزلار

بۇ بۆلۈمنىڭ باشلانغان قىسمىدا يارغول شىمالىي غول قەبرىستانلىقىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن قەبرە ئىگىسى ئۈچۈن ھەمدەپنە بۇيۇمى قىلىپ كۆمۈلگەن ئات ئورىكى بار .

بۇ بۆلۈمدە كۆرگەزمىگە قويۇلغىنى خەن دەۋرىدىن ۋېي، جىن دەۋرىگە تەۋە بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولۇپ[3]، ئۇلار پىچان ياڭخى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ساپال رومكا، مىس كۆرگۈ، پىچان ئۈچ كۆۋرۈك قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان هايۋانات مۈڭگۈزىدىن ياسالغان بىر قۇلاقلىق مۈڭگۈز رومكا، پىچان ناهىيەسى دالانكارىز قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئىچى قىزىل سىردا سىرلانغان سىرلىق تاۋاق، يارغول شىمالىي غول قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان يوغان قورساقلىق يۇمىلاق تەگلىك ساپال قاچا، يارغول غەربىي غول قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بەش سەرلىك يارماق ۋە تۇرپان شەھىرىدىن يىغىۋېلىنغان قىزىل، يېشىل تاشتىن كۆز قويۇلغان ئالتۇن هالقا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇ بۆلۈمدە كۆرگەزمىگە قويۇلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئەينى دەۋردىكى تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ قول هۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىنى شۇنداقلا تۇرپان ئويمانلىقى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ئوتتۇرىسىدىكى هەرتەرەپلىمە مۇناسىۋەتنىڭ خېلىلا قويۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 4. تۆتىنچى بۆلۈم: قوچۇ ۋىلايىتى ۋە كۈي جەمەتىدىكىلەرنىڭ قوچۇ دۆلىتى

مىلادىيە 327ـ يىلى ئالدىنقى لياڭ خاندانلىقى تۇرپاندا قوچۇ ۋىلايىتىنى تەسىس قىلىپ، زېمىن (田地) ناهىيەسىنى قۇرۇپ، ۋىلايەت، ناهىيە تۈزۈمىنى يولغا قويغان. شۇنىڭدىن باشلاپ سىياسىي مەركەز يارغولدىن قوچۇغا يۆتكەلگەن. 4ـ، 5ـ ئەسىرلەردە هۇن، خەنزۇ، چاڭ قاتارلىق مىللەتلەر قۇرغان ئالدىنقى لياڭ، ئالدىنقى چىن، كېيىنكى چىن، غەربىي لياڭ ۋە شىمالىي لياڭ قاتارلىق تەپرىقىچى هاكىمىيەتلەر ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ قوچۇغا هۆكۈمرانلىق قىلدى. 460ـ يىلى ئاۋارلار شىمالىي لياڭنى يوقىتىپ كەنبوجۇنى خان قىلىپ تەيىنلىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قوچۇ دۆلىتى دەپ ئاتالدى. جاڭ مېڭمىڭ، مارۇ، كۈيجيا قاتارلىقلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى خانلىق تەختتە ئولتۇردى. كۈي جەمەتىدىكىلەر 502ـ يىلى قوچۇ دۆلىتىنى قۇرۇپ، 640ـ يىلى زاۋاللىققا يۈزلەندى. بۇ قوچۇ دۆلىتى تارىخىدا دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن بولغان هاكىمىيەت يۈرگۈزۈش بولۇپ، تارىختا كۈي جەمەتىدىكىلەر خاندانلىقى دەپ ئاتالدى.

بۇ بۆلۈمدىكى بەش مۇستەقىل ئەينەك ئىشكاپقا ئايرىم-ئايرىم هالدا تۇرپان شەهرى مۇنار قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئۈچ پۇتلۇق هايۋان تۇيىقى شەكىللىك ئويما گۈللۈك ساپال ئاياق، تۇرپان شەهرى باداملىق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئۈستىخاندىن ئىشلەنگەن ئويما بۇيۇم ، تۇرپان شەهرى مۇنار قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان خاسىيەتلىك هايۋان نەقىشلەنگەن مىس كۆرگۈ ، تۇرپان يارقۇت (يارغول)دىن تېپىلغان هايۋان باش ئۈچ پۇتلۇق ئويما گۈللۈك ساپال ئاياق، تۇرپان شەهرى باداملىق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان «قوچۇ ئېلى» مىس يارمىقى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قويۇلغان.

بۇ بۆلۈمدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق ئەينەك ئىشكاپقا تۇرپان شەهرى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال داڭقان، تۇرپان شەهرى باداملىق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان رەڭلىك ساپال داڭقان، يارغول غەربىي غول قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان رەڭلىك ساپال كومزەك، تۇرپان شەهرى باداملىق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ياغاچ ئۆدەك، تۇرپان شەهرى قاراغوجا قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان يەن چاڭنىڭ 40ـيىلىغا تەۋە فۇزىيۇ قەبرە تېشى، يارغول غەربىي غول قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان يەن چاڭنىڭ 35ـيىلىغا تەۋە كاڭ فامىلىلىكنىڭ قەبرە تېشى، تۇرپان شەهرى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئەسكىرىي پىرقىنىڭ ئات سېتىۋېلىش مەلۇماتنامىسى، تۇرپان شەهرى باداملىق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئوتتۇرىسىغا مارجانگۈل ئېلىنغان توڭگۇز بېشى نۇسخىلىق سېرىق دۇردۇن، بۇددا ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن شىر نەقىشلىك كۆك تاۋار، رەڭلىك ساپال ئاياق، تۇرپان سايكارىز قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئۈچ پۇتلۇق رەڭلىك ساپال ئاياق قاتارلىقلار تىزىلغان.

ئىككىنچى نومۇرلۇق ئەينەك ئىشكاپقا تۇرپان

شەھىرى مۇنار قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان قوش قۇلاقلىق ساپاق كومزەك، ساپال كوزا، مىس كۆزقاپ؛ تۇرپان شەھىرى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان قۇلاق شەكىللىك ياغاچ قەدەھ، ساپال ئاياق، قورۇق چىلان، چىگىت، تاۋا كاكچىسى، بەنشە، بور (ئۈزۈم)، نان، پېچىنە ـ پىرەنىك، بۇغداي، نەشپۈت قېقى، دەرەخ نۇسخىلىق يىپەك يۇز ياپقۇ؛ يارغول غەربىي غول قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان يەن چاڭنىڭ 33ـ يىلىغا تەۋە سوغدىلارنىڭ ئەۋلادى بولغان كاڭ فامىلىلىكنىڭ قەبرە تېشى[4]، تۇرپان شەھىرى باداملىق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئۈزۈن پۇتلۇق رەڭلىك ساپال قاچا، شايىغا سىزىلغان ئادەمئاتا ـ ھاۋا ئانىنىڭ رەسىمى قاتارلىقلار تىزىلغان.

ئۈچىنچى نومۇرلۇق ئەينەك ئىشكاپقا ياغىخي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان تۆت دانە لايدىن ياسالغان رەڭلىك قوغىدىغۇچى ھەيكىلى ۋە بىر دانە لايدىن ياسالغان رەڭلىك ئات ھەيكىلى، تۇرپان شەھىرى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال كومزەك، ئىككى ئايال ياغاچ قونچاق، ئىككى ئەر ياغاچ قونچاق، تىزىقلىق مارجان، دېڭىز قۇلۇلىسى، كۈمۈش چاچ تۇرگۈچ، ياغاچ كالا، يىپەك خانىم ھەمدەپىنە بۇيۇملىرى تىزىملىكى، قىزىل رەڭلىك ئويما نۇسخىلىق شايى، ئۈچار قۇش ـ ھايۋانات سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن قىزغۇچ كۆك رەڭلىك تاۋار، ئەجدىھا قۇش نۇسخىسى كەشتىلەنگەن قىزىل شايى، پىچان ناھىيەسى چوڭ ھاسا قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال رومكا، تاق قۇلاقلىق ساپال قۇتا، ساپال سۈيدۈك قاچىسى (يەنە بىر نامى ساپال يولۋاس) قاتارلىقلار تىزىلغان .

بۇ بۆلۈمدە كۆرگەزمىگە قويۇلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ يىل دەۋرى كۆپ جەمەتىدىكىلەر قوچۇ دۆلىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىن تاڭ سۇلالىسى غەربىي ئوبلاست دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە (502ـ 640ـيىلى) تەۋە بولۇپ[5]، يارغول غەربىي غول قەبرىستانلىقىدىكى سوغدىلارنىڭ جەمەت قەبرىستانلىقىنىڭ بايقىلىشى ئەينى چاغدىكى سوغدىلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى يېڭى ماتېرىيال بولسا، تۇرپان شەھىرى مۇنار قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان خاسىيەتلىك ھايۋان نەقىشلەنگەن مىس كۆرگۈنىڭ سۈي ـ تاڭ دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا كەڭ تارقالغان خاسىيەتلىك ھايۋان نەقىشلەنگەن مىس كۆرگۈ بىلەن ئوخشىشىپ كېتىشى ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. تۇرپان شەھىرى باداملىق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بۇددا ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن شىر نەقىشلىك كۆك تاۋا، ئىچىگە نىلۇفەر گۈل نۇسخىسى سىزىلغان رەڭلىك ساپال ئاياقتىن بۇددا دىنىنىڭ بۇ مەزگىلدە ئەڭ يۇقىرى باسقۇچقا يېتىپ، بۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى تۇرمۇش بۇيۇملىرىغىمۇ بۇددانىڭ كۇرسى بولغان نىلۇفەرگۈل نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەنلىكىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ[6]. تۇرپان شەھىرى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان قورۇق چىلان، تاۋا كاكچىسى، بەنشە، بور(ئۈزۈم)، نان، پېچىنە ـ پىرەنىك، بۇغداي، نەشپۈت قېقى قاتارلىق يېمەكلىكلەر تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە شايىغا سىزىلغان ئادەمئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ رەسىمى ۋە رەڭلىك لاي قونچاقلار كۆپ جەمەتىدىكىلەرنىڭ قوچۇ دۆلىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىن تاڭ سۇلالىسى غەربىي ئوبلاست دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى (502ـ640ـ يىلى)دىكى تۇرپان رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

## 5. بەشىنچى بۆلۈم: غەربىي ئوبلاستنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى

مىلادىيە 640ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى قوچۇنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، غەربىي ئوبلاستنى تەسىس قىلىپ ، ئوبلاست، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت مەمۇرىي تۈزۈمنى يولغا قويغان. يارغولدا غەربىي تىنچلاندۇرۇش ھىراۋۇل مەھكىمىسىنى قۇرغان. 658ـ يىلى قوچۇدا غەربىي ئوبلاست تۆتۈق مەھكىمىسىنى

قۇرغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ تۈزۈملىرىدىن: نوپۇس روىخېتى، ھەربىي، يەر، ئىجارە ۋە قاتناش قاتارلىق تۈزۈملىرى ئۇنۇملۇك يۈرگۈزۈلگەن.

بۇ بۆلۈمدىكى ئۈچ مۇستەقىل ئەينەك ئىشكاپقا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تۇرپان شەھىرى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان قەبرە مۇئەككىلى، بېزەكلىك مىڭ ئۆيدىن قېزىۋېلىنغان قۇرۇلۇش ئەسلىھەسى قوشقىراق، يارغول غەربىي غول قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئۈچ پۇتلۇق ئويما گۈللۈك رەڭلىك ساپال ئاياق قاتارلىقلار قويۇلغان. بۇ بۆلۈمدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق ئەينەك ئىشكاپقا تۇرپان شەھىرى باداملىق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان «كەيىۋەن تۇڭباۋ» مىس تەڭگىسى، لايدىن ياسالغان رەڭلىك ئات ھەيكەل، شايى سومكا، يارغول غەربىي غول قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئۈچ پۇتلۇق ساپال تاۋاق، تۇرپان شەھىرى مۇنار قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان تۆت پۇتلۇق رەڭلىك ساپال ئاياق، تۇرپان شەھىرى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ياغاچ كالا ھارۋىسى، لايدىن ياسالغان رەڭلىك ئايال قونچاق، ئوتتۇرىسىغا مارجانگۈل ئېلىنغان قۇش نۇسخىلىق تاۋار، گۈل ـ گىياھ، ئۇچار قۇشلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن شايى، گۈللۈك گاز رەخت پارچىسى، رومبا شەكىللىك گۈل بەرگى چۈشۈرۈلگەن گاز رەخت پارچىسى، تېگى سېرىق يۇملاق گۈللۈك تاۋار گۈل دەرەخ جۈپ قۇش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يىپەك، 3 تال موي قەلەم بىلەن ياغاچ قەلەم، گۇرۇچ ئاقلاۋاتقان قونچاق، لاي تۆگمەن تېشى، ئېگىز پۇتلۇق ياغاچ قاچا، بۇغداي، تېرىق، ئەر كىشىنىڭ رەسىمى، چاچ تور قاتارلىقلار تىزىلغان.

ئىككىنچى نومۇرلۇق ئەينەك ئىشكاپقا تۇرپان شەھىرى بادامىلىق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان سىرلىق پەرداز قۇتىسى، ئۈزۈم نۇسخىلىق مىس كۆزگۈ، سۆڭ ۋۇخۇەن قەبرە تەزكىرىسى، ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان 2 دانە سۇ ئۆتكۈزگۈچ ساپال تۇرۇبا، تۇرپان شەھىرى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان شايى ئاياغ كىيىم، كەيىۋەننىڭ 19 ـ يىلى غەربىي ئوبلاست لۈكچۈن ناھىيەسى گاۋنىڭ يېزىسىنىڭ تەۋەلىك خاتىرىسى، چىگە ئاياغ كىيىم، سىرلىق قۇتا، يارغول غەربىي غول قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان جېن گۈەننىڭ 14 ـ يىلىدىكى كاڭ يىشاڭ قەبرە تېشى قاتارلىقلار تىزىلغان.

بۇ بۆلۈمدە كۆرگەزمىگە قويۇلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ يىل دەۋرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي ئوبلاست دەۋرىگە (640 ـ 792 ـ يىلى) تەۋە بولۇپ، تۇرپان شەھىرى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ياغاچ كالا ھارۋىسى، گۇرۇچ ئاقلاۋاتقان قونچاق، لاي تۆگمەن تېشى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسە، ئەر كىشىنىڭ رەسىمى، چاچ تور قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان 2دانە ساپال تۇرۇبا بولۇپ، بۇنىڭدىن تاڭ سۇلالىسى غەربىي ئوبلاست دەۋرىدىكى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ سۇ ئىنشائاتى تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەنلىكىنى، ئەسلىھەلىرىنىڭ خېلىلا مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## 6. ئالتىنچى بۆلۈم: قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى

مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئۇيغۇرلار قوچۇدا ھاكىمىيەت تىكلەپ قوچۇ دۆلىتىنى قۇردى، بۇ دۆلەتنىڭ نامى قوچۇ ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى دەپ ئاتالدى. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئەمەلىيەتتە ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى، ئۇلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدا ياشىغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى سەۋەبلىك ئۈچ يول ئارقىلىق كۆچكەن، بىر بۆلىكى بۇ جايدا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. ئۇيغۇرلار بۇ يەردە بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى ئاستىدا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، بېزەكلىك مىڭئۆيى تاش غارىدا خان ۋە خانىش ئىستىقامەت قىلىدىغان مەخسۇس غار ياساتقان. شۇنداقلا تىلماچلارنى تەشكىللەپ، كۆپ مىقداردىكى بۇددا نوملىرىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

بۇ بۆلۈمدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق ئەينەك ئىشكاپتا بېزەكلىك مىڭ ئۆيدىن قېزىۋېلىنغان

كۆكتات ئۇرۇقى، قۇرۇق چىلان، كۈنجۈت، تۆمۈر ساپان چىشى قاتارلىقلار بار. ئىككىنچى نومۇرلۇق ئەينەك ئىشكاپىقا تۇرپان شەھىرى قاراغوجا قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئۇقدان،7 دانە ئوق ۋە يا قويۇلغان. ئۈچىنچى نومۇرلۇق ئەينەك ئىشكاپقا تۇرپان شەھىرى قاراغوجا قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان گۈل كەشتىلەنگەن پاختا رەخت تولۇم، بېزەكلىك مىڭ ئۆيىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە يېزىق ئارىلاش كۆچۈرۈلگەن بۇددا نوم پارچىسى، فارفۇر چىنە قاتارلىقلار قويۇلغان. تۆتىنچى نومۇرلۇق ئەينەك ئىشكاپقا بېزەكلىك مىڭ ئۆيىدىن قېزىۋېلىنغان گۈل كەشتىلەنگەن پاختا رەخت قولياغلىق ، پىچان ناھىيەسى لۈكچۈن يېزىسىدىن قېزىۋېلىنغان ئادەم سۈرىتى توقۇلغان زەر كىمخاپ قاتارلىقلار قويۇلغان. بەشىنچى نومۇرلۇق ئەينەك ئىشكاپقا بېزەكلىك مىڭ ئۆيىدىن قېزىۋېلىنغان ئۇستىرا، بېزەكلىك مىڭ ئۆيىدىن قېزىۋېلىنغان راھىب بىكشۇرنىڭ باش ھەيكىلى قاتارلىقلار قويۇلغان.

زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا ۋۇۋېي ۋېنمياۋ بۇتخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «قوچۇ ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» نىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى بىلەن تۇرپان شەھىرىدىن يىغىۋېلىنغان ساپال ئىدىش قويۇلغان.

بۇ بۆلۈمدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى 9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 13-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا مەنسۇپ بولۇپ، بېزەكلىك مىڭ ئۆيىدىن قېزىۋېلىنغان كۆكتات ئۇرۇقى، قۇرۇق چىلان، كۈنجۈت، تۆمۈر ساپان چىشى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە زىرائەت ئۇرۇقلىرى ئەينى چاغدىكى كىشىلەرنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرسە، تۇرپان شەھىرى قاراغوجا قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئۇقدان،7 دانە ئوق ۋە يا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن كۆچۈپ بۇ جايغا كەلگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇش ئادىتىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقى ئارىلاش كۆچۈرۈلگەن بۇددا نوم پارچىسى ئەينى ۋاقىتتا بۇ جايدا ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە يېزىقلارنىڭ تەڭ قوللىنىلغانلىقىنى ھەم غەربىي رايوندىكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرسە، فارفۇر چىنە، گۈل كەشتىلەنگەن پاختا رەخت قولياغلىق ، پىچان ناھىيەسى لۈكچۈن يېزىسىدىن قېزىۋېلىنغان ئادەم سۈرىتى توقۇلغان زەر كىمخاپ قاتارلىقلار ئەينى دەۋردىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## 7. يەتتىنچى بۆلۈم: چىڭ دەۋرىدىكى تۇرپان ئىنانچى خانلىقى

مىلادىيە 15-ئەسىرلەرگە كەلگەندە، تۇرپاننىڭ يەرلىك ئاقساقاللىرى سۇلتان دەپ ئاتالدى ھەمدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. چىڭ دەۋرىدە تۇرپان بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۇرپان، پىچان، لۈكچۈن، سىڭگىم، قاراغوجا، توقسۇن ئالتە شەھەر قۇرۇلۇپ، لۈكچۈن ۋاڭلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش يولغا قويۇلدى. 1762 ـ يىلى چىڭ خاندانلىقى ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى باشقۇردى. تۇرپانمۇ شۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولدى. بۇ مەزگىلدە يېزا ئىگىلىكى، سۇ ئىنشائاتى، كانچىلىق ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ ئاھالىسى كۆپەيدى. تۇرپاندا ئىشلەپچىقىرىلغان ئۈزۈم، قوغۇن، پاختا قاتارلىقلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە داڭق چىقاردى.

بۇ بۆلۈمدە پەقەت بىرلا ئەينەك ئىشكاپ بار بولۇپ، ئىمىن ۋاڭ مۇنارىنىڭ ياسىلىش جەريانى، سەۋەبى خاتىرىلەنگەن خاتىرە تاشنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى بار ھەم تۇرپان شەھىرىدىن يىغىۋېلىنغان كۆن تۇلۇم، تۆمۈر قۇلۇپ، سىدىقنىڭ ئۆي سېتىۋېلىش ۋەسىقىسى، ئاسما زىننەت بۇيۇملىرى، 2 دانە تۆمۈر تارازا تېشى، 2دانە مىس ئۈزەڭگە، مىس چۆگۈن، كۈمۈش يامبۇ، گۈل كەشتىلەنگەن ئۇزۇن قونچلۇق ئاياغچە ئۆتۈك قاتارلىقلار قويۇلغان.

15-ئەسىرگە كەلگەندە تۇرپاندىكى خەلقلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەرەب يېزىقىنىمۇ قوبۇل قىلىپ ھاكىمىيەت يېزىقى قىلىپ ئىشلەتتى ھەم بۇ يېزىقتىن پايدىلىنىپ مۇھىم ھۆججەتلەرنى يېزىپ قالدۇردى. سۇلايمان ۋاڭ

مۇنارىدىكى خاتىرە تاش ئابىدىمۇ شۇ مۇھىم ھۆججەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنىڭغا 1777-يىلى سۇلايمان خوجىنىڭ ئاتىسى ئىمىن خوجىنىڭ 80 ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەپ، ئاللاھنىڭ ھىممىتىگە ھەم چيەنلۇڭ خاننىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ئۆز يېنىدىن 7000سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ بۇ مۇنارنى سالدۇرغانلىقى ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە يېزىقتا خاتىرىلەنگەن. بۇ يەرگە ھەم سىدىقنىڭ ئۆي سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى ۋەسىقىسى قويۇلغان. ۋەسىقە چىڭ دەۋرىدە بېكىتىلگەن ئۆي-مۈلۈك سېتىش ۋە سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى ۋەسىقە بولۇپ، چوقۇم ئىككى تەرەپنىڭ ئىسىم فامىلىسى، سودىلاشقان ئۆي مۈلۈكنىڭ سانى، پۇل سانى ھەم تاپشۇرغان باج ئېنىق يېزىلىشى شەرت. سىدىقنىڭ ئۆي سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى بۇ توختام ، چىگە قەغەزنى ماتېرىيال قىلغان، ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغان. 165 دانە خەنزۇچە خەت پۈتۈلگەن. يەنە بىر ۋاراق قەغەزگە 10 قۇر ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان بولۇپ، خەنزۇچە باسما خەتنىڭ يېنىغا چاپلاپ قويۇلغان. ئۈچ يەرگە قىزىل سۇرۇخ بىلەن قول بېسىلغان، ئۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ پەرمەنبەردار بېگىنىڭ تامغىسىمۇ بار، توختامدا تۈيۈقلۇق سىدىق توختىنىڭ بېغىنى 16 سەر كۈمۈشكە سېتىۋالغانلىقى ھەمدە باجنى تاپشۇرغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن بىز ئەينى دەۋردىكى ئېلىم-بېرىم ئىشلىرىنىڭ تۈزۈملەشكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بۇ بۆلۈمگە قويۇلغان ئېگىز قونچلۇق، كەشتىلەنگەن خۇرۇم ئۆتۈكنىڭ چەمى بىلەن ئېگىز پاشنىسى كالا خۇرۇمىدا تىكىلگەن، ئىچىگە يۇمشاق قوي تېرىسى قويۇلغان، ئۆتۈكنىڭ يۈزىگە قارا رەڭلىك لاتا ئىشلىتىلگەن بولۇپ قىزىل، سارغۇچ، سېرىق، سۇزۇق سېرىق رەڭلەر ئىشلىتىلگەن. يىڭنە بىلەن كەشتىلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، گۈل بەرگى نەقىشلىرى چۈشۈرۈلگەن، ئۆتۈكنىڭ يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەرە چىشى شەكلى كەلتۈرۈلگەن. ئۆتۈكنىڭ يان يۈز قىسمىغا ئوت-چۆپ گۈل بەرگى چۈشۈرۈلگەن. تىكىلىشى ناھايىتى سىپتا، كەشتە نەقىشلىرى چىرايلىق، رەڭلىرى جايىدا بولۇپ، يول ماڭغاندا زىننەتلەنگەن قىزىل يىپ پوپۇكچىلەر ئۈچۈپ تۇرىدۇ، ھەقىقەتەنمۇ چىرايلىق، رەڭگا - رەڭ ھەم سېھرىي كۈچكە باي بولۇپ، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ. بۇ چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى خەلقىمىزنىڭ كىيىم-كېچەك ئۆرپ-ئادىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ قالغۇسى.

قىسقىسى، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي تارىخى كۆرگەزمىسى زالىدىكى كۆرگەزمە بۇيۇملىرى تۇرپاننىڭ 10مىڭ يىللىق تارىخى جەريانىدا ، ئەقىل-پاراسەتلىك، ئەمگەكچان ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراستىگە تايىنىپ ئىجاد قىلغان قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلار بولۇپ، بۇ مىراسلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھەم تۇرپان رايونىنىڭ شانلىق تارىخىنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

## ئىزاھلار

[1] 《吐鲁番学研究》 2004 年，第一期，第 26 页.
[2] 《吐鲁番学研究》 2004 年，第一期，第 26 页.
[3] 《交河沟西—1994-1996 年度考古发掘报告》，一、沟西台地，第 43 页，新疆文物考古研究所.
[4] 《考古》，2006 年，第十二期，第 23 页.
[5] 《考古》，2006 年，第十二期，第 23、44、67 页.
[6] 《考古》，2006 年，第十二期，第 67 页.

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2013)01_131_04

# يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن مىراس ـــــ كارىز*

رۇقىيەگۈل مەخمۇت

(فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى مەدەنىي يادىكارلىق ۋە مۇزېيشۇناسلىق فاكۇلتېتى، شاڭخەي. 200433)

قىسقىچە مەزمۇنى: كارىز جۇڭخۇا سۇ ئىنشائات مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم نامايەندىسى، شۇنداقلا قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى. بۇ ماقالىدە كارىزنىڭ قىسقىغىنە يېرىم ئەسىر مابەينىدە زور دەرىجىدە ئازلاپ، يوقىلىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنلىكى، كارىزنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要:** 坎儿井是中华水利工程文化的重要表现之一，是祖辈为人类文明做出的一份贡献。这篇论文中，本人探讨近半个世纪以来坎儿井大量退化，并到消失的原因，论述保护坎儿井的重要性。

**Abstract:** Karez is an important part of great water conservancy project of China. It is a significant contribution for human civilization from our ancestors. In this paper, the author mainly discusses the threat that responsible for rapid decrease of Karez and puts forward the importance of protecting it.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I207.45　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

كارىز قەدىمكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ قۇرغاق ئويمانلىق ئېكولوگىيەسىگە ماسلىشىپ، دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن ئىجاد قىلغان مۆجىزىلىك سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىدىكى ئۇلۇغ ئىختىرا. كارىز ئېلىمىزدە ئاساسلىقى تۇرپان ئويمانلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، 2000 يىلدىن ئارتۇق ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇ سەددىچىن سېپىلى، بېيجىڭ ـ خاڭجۇ قانىلى بىلەن بىرگە ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى ئۈچ ئۇلۇغ قۇرۇلۇشى دەپ تەرىپلىنىدۇ.

كارىزنىڭ 2000 يىللىق ئۇزۇن مۇساپە جەريانىدا ئىزچىل تەرەققىي قىلىپ، تا ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ ۋە مۇكەممەللىشىپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىنسانلارغا ئورنىنى ئالغىلى بولمايدىغان ھالەتتە نەپ بېرىشى، ھازىر ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى»، «تەبىئەت بىلەن بىرگە ياشاش»، «ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناقلىقى» قاتارلىق قاراش ۋە تەشەببۇسلارغا تولىمۇ مۇناسىپ كېلىدۇ.

بىراق، يېقىنقى يېرىم ئەسىر مابەينىدە ھەر خىل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئامىللار سەۋەبىدىن كارىزلار شىددەت بىلەن قۇرۇپ، ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا كارىزلارنى تەتقىق قىلىش ۋە قوغداش تولىمۇ تەخىرسىز مەسىلىگە ئايلاندى.

## 1. كارىز ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى

تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، ئىقلىمى تىپىك ئىچكى قۇرۇقلۇق چۆل ئىقلىمىغا تەۋە. شۇڭا يەر ئاستى سۈيى بۇ جاينىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن ئاساسلىق سۇ مەنبەسى بولۇپ قالغان. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز يەر ئاستى سۈيىنى يەر ئۈستىگە باشلاش ئۈچۈن، ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىدىكى يانتۇ يانباغىردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، يەر ئاستى سۇ يولى ـــ كارىزنى قازغان.

* بۇ ماقالە 2012-يىلى 9- ئاينىڭ 10-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: رۇقىيەگۈل مەخمۇت (1984- يىلى 10- ئايدا تۇغۇلغان)، ماگىستىرانت، ئارخېئولوگىيە ۋە مۇزېيشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تارىختا تۇرپان ئويمانلىقى بىر مەھەل يىپەك يولىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت، ئىقتىساد مەركىزى بولغان. بۇ رايوننىڭ ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كارىز قۇرۇلۇشىمۇ سان جەھەتتىن كۆپىيىپلا قالماي، سۈپەت جەھەتتىنمۇ تاكامۇللىشىپ، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سۇ ئىنشائات سىستېمىسى بولۇپ شەكىللەنگەن. كارىز تۇرپان بوستانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ۋە ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقى ئۈچۈن ھېلىمۇ ھەم ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. كارىزنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ قېزىلغاندىكى تويا چىقىرىلىش مىقدارى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئازايتىلغان، مەشغۇلات پىرىنسىپى ئاددىي ۋە ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ شۇ زامانغا نىسبەتەن خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كارىزنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. يەنى، بەزىلەر كارىز تېخنىكىسىنى چەت ئەلدىن كىرگەن دەپ قارايدۇ، بولۇپمۇ ئىراندىن كىرگەن دېگەن قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ. يەنە ئېچكىرى ئۆلكىلەردىن كىرگەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قېزىلغان دەپ قارايدىغانلارمۇ بار. بىراق، يەرلىكتىكى جۇغراپىيەلىك ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر كارىزنىڭ يەرلىك خەلقنىڭ ئىجادىيىتى ئىكەنلىكىنى بەكرەك قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇ ھەقتە ئۇستاز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» ناملىق كىتابىدا: «كارىزچىلىق ئاسىيادىكى قۇرغاق رايونلار ئاھالىسىنىڭ مۇھىم سۇغىرىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ ساك قەبىلىلىرىدە خېلى ئومۇملاشقان تېخنىكا ئىدى ...» دەپ قەيت قىلىدۇ. ياپونىيە گۇڭجى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى سۇڭشىياڭ لياڭخۇەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن «كارىز مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 102 ـ يىلى يەنى خەن ۋۇدى زامانىسىدىلا قېزىلىشقا باشلىغان» دېگەن يەكۈننى چىقىرىدۇ. يۇقىرىقى قاراشلار كارىزنىڭ 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىختا ئىگە، يەنە كېلىپ قۇرغاق رايوندىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىجادىيىتى ئىكەنلىكىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

## 2. كارىز دۇچ كېلىۋاتقان يوقىلىپ كېتىش خەۋپى

كارىز ئۇزاق تارىخقا ئىگە مۆجىزىلىك سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسى، شۇڭا كارىزنى قوغداش تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيەسى ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ئۈچۈن مۇھىم بولۇپلا قالماي، يەنە مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ۋەھالەنكى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كارىزلار تېز سۈرئەتتە چېكىنىپ كېتىپ بارماقتا. كارىزنى قوغداش ۋە قۇتقۇزۇپ قېلىش نۆۋەتتە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ ئالدىغا قويۇلغان تەخىرسىز مەسىلە بولۇپ قالدى. ئىستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 يىللىرىنىڭ بېشىدا تۇرپاندا 1200 دىن ئارتۇق كارىز بار بولۇپ، شۇ چاغدىكى ئەڭ ئاساسلىق سۇغىرىش ئەسلىھەسى ئىدى.

1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا تۇرپاندا ئىشلىتىلىۋاتقان كارىز 1084 بولۇپ، يىللىق سۇ چىقىرىش مىقدارى 508 مىليون 100 مىڭ كۇب مېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 289 مىڭ 900 مو ئىكەن. 1962 ـ يىلى بولسا كارىزنىڭ سانى 1100 ئۆپچۆرىسىدە ، ئومۇمىي سۇغىرىش كۆلىمى 31 مىليون 130 مىڭ كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، شۇ چاغدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 67% تىنى ئىگىلىگەن. 70 ـ يىللارغا كەلگەندە كارىز ئازىيىپ 924 كە، 80 ـ يىللىرى 736 گە، 90 ـ يىللاردا 400 گە چۈشۈپ قالغان، 2009 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە تەكشۈرۈپ تىزىمغا ئېلىنغان كارىز 1108 بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئىچىدە سۈيى بار كارىزدىن ئاران 278 ى قالغان، باشقا 830 كارىزنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كەتكەن[1] . يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلاردىن مەلۇمكى، قىسقىغىنە يېرىم ئەسىردە كارىز شىددەت بىلەن ئازىيىپ، يوقىلىش گىردابىغا كېلىپ قالغان. ئەگەر تېزدىن تەدبىر قوللانمىغاندا كەلگۈسى 20 يىلدا كارىز پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىشى مۇمكىن.

كارىزنىڭ بۇنچە تېز سۈرئەتتە چېكىنىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى ئالدى بىلەن يەنىلا تۇرپان

بوستانلىقنىڭ ئېكولوگىيەسىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. سۈنئىي ھەمراھتىن پايدىلىنىپ يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق شۇ ئېنىقلاندىكى، مەزكۇر رايوننىڭ چۆللىشىش ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، چۆللەشكەن يەرلەر ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 46.87% تىنى ئىگىلىگەن. سۇ بايلىقى يىلسېرى ئازلاپ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنىمۇ تۆۋەنلەپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن كارىزنىڭ ئېقىم مىقدارىمۇ ئازلاپ كەتكەن. مەزكۇر رايوننىڭ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى تېزلەشكەندىن كېيىن، توك قۇدۇقلىرى كۆپلەپ قېزىلغان، توك قۇدۇقلىرىغا كېتىدىغان سەرپىيات تۆۋەن، ئۈنۈمى يۇقىرى، ئىشلىتىش ئەپچىل بولغانلىقتىن، كارىزلار ئىشلىتىلىشتىن قېلىپ قالغان، چۈنكى كارىزنى قوغداش ۋە ئاسراشقا كېتىدىغان سەرپىيات توك قۇدۇقىغا سېلىشتۇرغاندا خېلىلا يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خالىغان جايغا توك قۇدۇقى قازغىلى بولغان بىلەن، كارىز قازغىلى بولمايدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت تۇرپان - قومۇل نېفىتلىكىنى ئېچىش سالمىقى يىلسېرى زورايتىلغانلىقتىن، نېفىتلىككە زور مىقداردا سۇ لازىم بولغان، بۇ رايوندىكى بىر نېفىت قۇدۇقىغىلا يىلىغا 5 مىليون كۇب مېتىر سۇ كېتىدىكەن. نېفىت قۇدۇقىغا كېتىدىغان سۇ ناھايىتى كۆپ بولغانلىقتىن، نەتىجىدە سۇ قۇدۇقلىرى تېخىمۇ چوڭقۇر قېزىلىپ، كارىزلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان يەر ئاستى سۇ مەنبەسىنىڭ ۋاستىلىك ئازلاپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بولۇپمۇ نېفىت قۇدۇقىغا يېقىن جايدىكى كارىز سۈيى بۇلغىنىش خەۋپىگە يولۇققان، 1997-يىلى تۇرپان - قومۇل نېفىتلىكىنىڭ كارىزنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى نېفىت قۇدۇقى بىلەن كارىز يولى تۇتاشقان جايدا نېفىتنىڭ سۇغا ئارىلىشىپ كېتىشىدەك ئەھۋال كۆرۈلگەن. ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈش ۋاستىلىرى بولمىغاچقا، نۆۋەتتە نېفىت قۇدۇقىنىڭ چوڭقۇر قاتلامدىكى يەر ئاستى سۈيىگە بولغان تەسىرىنى ئېنىقلاپ بېكىتىش قىيىن. دېمەك، نۆۋەتتە كارىز يوقىلىش گىردابىغا بېرىپلا قالماي، يەنە سۈيىنىڭ بۇلغىنىش خەۋپىگىمۇ دۇچار بولماقتا.

## 3. كارىزنى قوغداش تەدبىرلىرى

تۇرپان رايونىدىكى كىشىلەر ئۇزاق يىللار جەريانىدىكى كارىز قېزىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش داۋامىدا كارىزغا ئالاقىدار نۇرغۇن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا ئۇ ئىنتايىن يۇقىرى بولغان تارىخىي قىممەتكە ۋە ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە[2]. ئېكولوگىيەلىك ئېچىش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كارىز ناھايىتى يۇقىرى بولغان مۇھىت قىممىتىگە ئىگە. ئۇ يەنە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇھىم ساياھەت بايلىقى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. مۇبادا بۈگۈنكى كۈندىكى سەل قاراشلىرىمىز تۈپەيلى، كارىزدىن ئىبارەت ئىنسانىيەتنىڭ بۇ مەدەنىيەت بايلىقى يوقىلىپ كەتسە، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا يۈز كېلەلمەيمىز.

كارىز جۇڭخۇا مىللەتلىرى سۇچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم نامايەندىسى، كارىز بولمىسا تۇرپانمۇ بولمىغان بولاتتى، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا تۇرپان بوستانلىق مەدەنىيىتى بولمىغان بولاتتى. شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، كارىز ھېلىمۇ تۇرپان بوستانلىقىنىڭ ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشتا مۇھىم رول ئۆتەپ كەلمەكتە، ئۇ تۇرپان بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ ھاياتىنى ساقلىغۇچى قان. شۇڭا كارىزنى قوغداش يەرلىكنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كارىزنى قوغداش ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن باشلاپ ھۆكۈمەت كارىزنى تەتقىق قىلىش، قوغداش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ھۆكۈمەت بىلەن جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە بىرلىشىپ، «كارىزنى قوغداش جەمئىيىتى» قۇرۇپ، تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بارغان.

2007-يىلىدىن باشلاپ دۆلەت كارىزنى قوغداش تەتقىقاتى ۋە رېمونت ئىشلىرىغا يىلىغا 20 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، بۇ قەدىمىي قۇرۇلۇشنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. بىراق، بىر قىسىم كارىزلار ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىتىلمەي تاشلىنىپ قالغاچقا، ۋاقتىدا رېمونت

قىلىنماي، گۆمۈرۈلۈپ كەتكەن. يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن يەرلىك ھۆكۈمەت توك قۇدۇقلارغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بىر قىسىم توك قۇدۇقلىرىنى ئىشلىتىشنى چەكلىگەن ۋە تىندۇرۇۋەتكەن. يەرلىك ھۆكۈمەت يەنە كۆپلىگەن يوللار ئارقىلىق مەبلەغ ۋە ئەمگەك كۈچى توپلاپ، كارىزلارنى قوغداشنى كۈچەيتكەن. ھازىرقى بار بولغان كارىزلارنى رېمونت قىلغان ۋە مۇستەھكەملىگەن. نۆۋەتتە رېمونت قىلىنغان ۋە مۇستەھكەملەنگەن كارىزلار 80 گە يېتىپ، رېمونتقا مۇھتاج كارىزلار ئومۇمىي سانىنىڭ %90 ىدىن ئاشقان. 2006-يىلى 5-ئاينىڭ 25-كۈنى كارىز گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى تورىگە كىرگۈزۈلگەن، شۇ يىلى يەنە دۇنيا مەدەنىيەت يادىكارلىقلار تورىگە يوللاش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن. دۆلەت ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى كارىزنى قوغداش ۋە ساقلاپ قېلىشقا يېڭى ئۈمىد ئاتا قىلغان. ھازىرغىچە دۆلەت ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ كارىزنى ئاسراش ۋە قوغداشقا سالغان مەبلىغى 200 مىليون يۈەندىن ئاشقان.

كارىزنى قوغداش ۋە ئاسراش ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت، شۇڭا يالغۇز ھۆكۈمەتنىڭ كۈچىشى بىلەنلا مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. ھۆكۈمەتنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، ھەر ساھە بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ تىرىشىپ ئىشلىگەندىلا، ئاندىن مەسىلىنى تۈپ يىلتىزىدىن ياخشى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىش، كارىزنى قوغداشقا سېلىنغان مەبلەغنى يەنىمۇ زورايتىش، كارىزنى ئىلمىي باشقۇرۇش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، ئومۇمىيۈزلۈك بولغان كارىزنى تەبىئىي قوغداش رايونى بەرپا قىلىش، كارىزنى قوغداش توغرىسىدىكى يەرلىك بەلگىلىمىلەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، تەشۋىقات تەربىيە خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش زۆرۈر.

كارىزنىڭ مەۋجۇتلۇقى قەدىمىي تۇرپان مەدەنىيىتىنىڭ شانۇ - شەۋكىتى، تۇرپان بوستانلىقىنىڭ ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقى ئۈچۈن قانداق رول ئوينىغان بولسا، بۈگۈنمۇ ئاشۇ قەدىمىي مەدەنىيەتنى قايتا جۇلالاندۇرۇش، بۇ بوستانلىقنى داۋاملىق ياشارتىپ تۇرۇشتا يەنە شۇنداق مۇھىم رول ئۆتەيدۇ. شۇڭا كارىزنى قوغداش بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئىزاھلار

[1] ئابدۇل ھەمدۇل نىياز: «ئۇلۇغ كەشپىيات كارىز»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 - يىلى 2- ئاي نەشرى، 30، 31 - بەتلەر.

[2] ئامانگۈل ھەبىبۇل: «نۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ كارىزغا مۇناسىۋەتلىك ئېتقاد ئادەتلىرى»، « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)»، 2010 -يىللىق 2 - سان، 9 -بەت.

## پايدىلانمىلار

1. 《干旱地区坎儿井灌溉国际学术讨论会文集》,新疆人民出版社，1993年，第134,136,148,149页。

2. غوپۇر نۇردۇن تولىمبوك : « شىنجاڭدىكى يەر ئاستى سۇ قۇرۇلۇشى - كارىز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007- يىلى 11- ئاي، 1- نەشرى.

2. 《新疆地方志》，1994年02 期，第38,39页。

3. 力提甫 · 托乎提 论kariz及维吾尔人的坎儿井文化 《民族语文》2003年04期，第45页。

6.刘祚.保护坎儿井文化振兴吐鲁番经济——评《吐鲁番坎儿井》一书.《新疆地方志》1994年,02期第38—39页。

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2013)01-135-06

# كۇتۇپخانىلاردا مىللىي تىل-يېزىقتىكى كىتاب-ماتېرىياللارنى باشقۇرۇشتا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر توغرىسىدا*

رېپقەت ئابدۇرېشىت

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، نۆۋەتتە كۇتۇپخانىلاردا مىللىي تىل-يېزىقتىكى كىتاب-ماتېرىياللارنى تۈرگە ئايرىش، رەتلەش، ساقلاش قاتارلىقلاردا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ ھەمدە ئۇلارنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلدۇ.

**摘要：** 这篇文章提出了目前图书馆民文图书的分类、整理、馆藏等方面存在的一些问题以及讨论了解决的措施。

**Abstract:** In this paper, the problems met in classifying, arranging and colleting of books in Uyghur are discussed. The solution methods and the research direction are given .

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I207.7    ماتېرىيال بەلگىسى: A

دۇنيا تەرەققىياتى ھازىر پەن-تېخنىكا جەھەتتە كېيىنكى سانائەت دەۋرىدە، مەدەنىيەت جەھەتتە، كېيىنكى زامانىۋىلىق يەنى «پوستمودېرن» دەۋرىدە تۇرۇۋاتىدۇ. كېيىنكى زامانىۋىلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئىپادىسى شۇكى، 18- ئەسىردىن باشلاپ غەلىبە قازانغان ۋە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئاساسىي ئېقىمغا ئايلانغان مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىيات نىشانى ئاساسەن ئورۇندىلىپ بولدى. ئىنسانىيەت ئەقلىيلىك ۋە ئىجتىمائىي ۋىجدان ئەنئەنىسىنى ئاساس قىلغان بۇ مەرىپەتچىلىكنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن يېڭىراق نەرسە ئېھتىياجى تۇغۇلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئەقلىيلىك ۋە ئىجتىمائىيەتنى ئاساس قىلىدىغان قىممەت قارىشىغا بولغان ئىشەنچتە تەۋرىنىش بولدى. ئىنسان قىممىتىنىڭ ياتلىششى بىلەن تەڭ ماددىي قىممەت ۋە ئىجتىمائىي قىممەتنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى تەكىتلىنىشىنى بەلگە قىلغان يېڭى ئاساسىي ئېقىم بارلىققا كەلدى، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى بۇ خىل يۈزلىنىش كېيىنكى زامانىۋىلىق دەپ ئاتالماقتا.

كېيىنكى زامانىۋىلىق دەۋرىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى رامكىسىزلىنىش ۋە مەركەزسىزلىنىشتۇر. كۇتۇپخانىچىلىق ئىشلىرى ھەر قايسى دەۋرلەردە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ مۇھىم بىر قانىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەدەنىيەتتىكى بارلىق ئۆزگىرىش ۋە يېڭى ئېقىملارنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلدى. شۇڭا كۇتۇپخانىلار ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىۋاتقان ھەم ھەممە ئېقىملار ئۆزىنى مەركەز قىلىپ، ئۆز خاسلىقى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى زامانىۋىلىق دەۋرىدە، ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن تەرەققىيات قەدىمىنى ئۆزىگە خاس ئۇسۇلدا بېسىپ كەلمەكتە، ئەمما تەرەققىيات داۋامىدا ، كېيىنكى زامانىۋىلىققا ماس كەلمەيدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلانماقتا، ئۇنى بىرقانچە نۇقتىدا يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

## 1. كۇتۇپخانىلار كىتاب-ماتېرىياللارنى تۈرگە ئايرىشتا

كىتاب-ماتېرىياللارنى تۈرگە ئايرىش كۇتۇپخانىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى ئۆلچەشتىكى تۈپ ئۆلچەم. شۇڭا بۇنى ياخشى ئىشلەش كۇتۇپخانا ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ

* بۇ ماقالە -يىلى - ئاينىڭ -كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: رېپقەت ئابدۇرېشىت (1978-يىلى 5-ئايدا تۇغۇلغان)، ياردەمچى باشقۇرغۇچى.

ئالدىنقى شەرتى. ئەمما كۇتۇپخانىلاردا كىتاب-ماتېرىياللارنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتىدە نۆۋەتتە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە مەسىلە ساقلانماقتا.

1) سۇبيېكتىپچىلىق. كىتاب-ماتېرىياللارنى تۈرگە ئايرىشتا ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بىرلىككە كەلگەن بىر تۇتاش تۈرگە ئايرىش قائىدە-تۈزۈملىرى ۋە ئۆلچەملىرى بېكىتىلگەن، لېكىن كۇتۇپخانىلاردا بۇ جەھەتتىكى پىرىنسىپلارغا ئەمەل قىلماي، كىتاب-ماتېرىياللارنى خالىغانچە تۈرگە ئايرىشتەك سۇبيېكتىپچىلىق خاھىشلىرى ساقلانماقتا. بۇ خىل خاھىشنىڭ ئىپادىلىرى بىر كىتابنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى ئوخشاشمىغان كۇتۇپخانىلاردا ئوخشاش بولماسلىق، بىر كۇتۇپخانىدا بىر كىتابنىڭ ئىككى خىل تۈرگە ئايرىلىشىدەك ئەھۋاللار مەۋجۇت. مەسىلەن؛ «زۇنۇن قادىر ئەسەرلىرىدىن تاللانما» بىردە I291.5477 مۇنداق ھالەتتە ئۇيغۇرچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھېكايىلەر تۈرىگە مەنسۇپ قىلىپ ئايرىلغان بولسا، كېيىن يەنە I291.5 قىلىپ، ئۇيغۇرچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئەدەبىي توپلام قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن. «كەلىلە ۋە دىمنە» ئىلگىرى I351 قىلىپ ئايرىلىپ، ئەرەب ئەدەبىي ئەسەرلىرى تۈرىگە تەۋە بولغانىدى، كېيىنكى نەشرىدە بولسا B82-49 قىلىپ پەلسەپە، دىن، پىسخولوگىيە، ئەدەب-ئەخلاق، دىداكتىك مەزمۇندىكى كىتابلار، تۈرىگە ئايرىلغان. بۇنداق مەلۇم بىر شەخس مەلۇم بىر ئوقۇرمەننىڭ سۇبيېكتىپ قارىشى بويىچە تۈرگە ئايرىلغان ئەھۋاللار خېلىلا كۆپ ساننى تەشكىل قىلىدۇ.

2) ئابىستراكتلىق. كۇتۇپخانىلاردىكى كىتاب ـ ماتېرىياللارنى تۈرگە ئايرىشتا ھەر بىر كىتابنىڭ كونكرېت مەزمۇنى، تىلى، ئاپتورى ۋە ئۇنىڭ مىللىتى، دۆلەت تەۋەلىكى قاتارلىقلار ئاساس قىلىنىدۇ. بىر خىل مەزمۇندىكى كىتابلارنى تۈرگە ئايرىغاندا بولسا كىتابلارنىڭ ژانىرى ئاساس قىلىنىدۇ. بۇ دېگىنىمىز: ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرگە دائىر كىتابلار بىر تۈردىكى كىتابلار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، ئەدەبىي ئەسەرلەر يەنى رومان، پوۋېست، ھېكايە، شېئىر، سەھنە ئەسەرلىرى ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى، قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى، چەت ئەل ئەدەبىياتى دېگەندەك ئوخشاشمىغان بىرقانچە خىل نۇقتىلاردىن چىقىپ، ئوخشاشمىغان بۆلەكلەرگە بۆلۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئەمما نۆۋەتتە كۇتۇپخانىلاردا كونكرېتلىققا ئەھمىيەت بەرمەي، ئومومىي نۇقتىدىنلا ئابىستراكت ئۇقۇم بويىچە تۈرلەرگە ئايرىپ، كىتابنىڭ ھەجمى، ئىسمى قاتارلىق سىرتقى كۆرۈنۈشكە قاراپ تۈرلەرگە ئايرىپ قويۇشتەك ئەھۋاللار مەۋجۇت. مەسىلەن؛ خۇيزۇ يازغۇچى خۇ دا يازغان رومان «مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىكى» ئۇيغۇرچە رومان كىتابلار تۈركۈمىگە تەۋە بولۇپ قالغان. ئەمەلىيەتتە بۇ كىتاب خۇيزۇ ئەدەبىياتىنىڭ رومان تۈرىگە ياكى خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان رومانلارغا تەۋە بولۇشى كېرەك.

بۇ خىل ئەھۋال بولۇپمۇ تارىخىي رومانلاردا، تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەرجىمھاللىرىدا، كۆپرەك ئۇچرايدۇ، شۇڭا «ئىدىقۇت ئوغلانلىرى» ناملىق تارىخىي رومان بەزى كۇتۇپخانىلاردا ئۇيغۇرچە رومانلار تۈرىگە، بەزى كۇتۇپخانىلاردا تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەرجىمھالى تۈرىگە ئايرىپ قويۇلغان. ھەتتا بىر كۇتۇپخانىدا ئىككى خىل تۈر بويىچە تەڭلا مەۋجۇت بولۇشتەك ئەھۋاللارمۇ كۆپلەپ ئۇچراپ تۇرىدۇ.

## 2. كىتاب-ماتېرىياللارنى ساقلاشتا

كىتاب-ماتېرىيال ساقلاش كۇتۇپخانىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى ئاشۇرۇشتىكى يەنە بىر مۇھىم ئۆتكىلى. كۇتۇپخانىدىكى كىتاب-ماتېرىياللارنىڭ ساقلىنىشىدا سان بىلەن سۈپەتكە ئوخشاش ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ماتېرىياللار سان جەھەتتىن تولۇق ھەم كۆپ بولۇپلا قالماي، بەلكى سۈپەتلىك، ئىلمىي، سىستېمىلىق ساقلىنىشى كېرەك. نۆۋەتتە كۇتۇپخانىلاردا كىتاب-ماتېرىياللارنى ساقلاشتا تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل ئەھۋال مەۋجۇت.

1) مەخسۇسلىشىش ئىشقا ئاشمىغان. كىتاب ـ ماتېرىيال جۇغلانما بايلىقى كۇتۇپخانىلارنىڭ فۇنكسىيەلىك ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ مەخسۇسلىشىشى كۇتۇپخانىغا زور ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىپ بېرىدۇ، مەخسۇسلىشىش دېگەندە

كۆتۈپخانىدا ساقلانغان كىتاب-ماتېرىياللارنىڭ ئوخشاشمىغان تۈرلەر بويىچە مەخسۇس پەن، كەسىپ، تىل-يېزىق، ۋاقىت ۋە باشقا ھەر خىل تەتقىقات تۈرلىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مەخسۇس تېمىلار بويىچە تۈرلەرگە ئايرىلىپ ساقلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. نۆۋەتتە كۆتۈپخانىلاردا مەخسۇسلىشىش پەقەت كەسىپ ۋە تىل- يېزىق، ۋاقىت قاتارلىقلار بىلەنلا چەكلىنىۋاتىدۇ، مۇمكىن بولسا كۆتۈپخانىلاردا ھەر بىر پەن ۋە شۇ پەن تۈرلىرىگە ئائىت مەخسۇس قىرائەتخانا، داڭلىق شەخسلەر ۋە ئۇلار توغرىسىدىكى مەخسۇس قىرائەتخانا قاتارلىق تۈرلەر تولۇق بولۇشى كېرەك. مەسىلەن؛ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىرەر كۆتۈپخانىدا «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تەتقىقاتى مەخسۇس قىرائەتخانىسى»، «ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ تىل، تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتى مەخسۇس قىرائەتخانىسى»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى مەخسۇس قىرائەتخانىسى» ، «كۇسەنشۇناسلىق تەتقىقاتى مەخسۇس قىرائەتخانىسى» دېگەنگە ئوخشاش قىرائەتخانا ياكى مەخسۇس جازىلارنى تەسىس قىلىشتەك كونكرېت تۈرلەر تولۇق بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا كۆتۈپخانىنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

2) ئېچىۋېتىش ئىشقا ئاشمىغان. كۆتۈپخانىدا كىتاب-ماتېرىيال جۇغلانما بايلىقىنىڭ مول بولۇشى كۆتۈپخانا ئۈچۈن ئەۋزەللىك ھېسابلانسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىشقا ئاشمىسا، ئۇ ھالدا كۆتۈپخانىنىڭ جۇغلانما بايلىقىنىڭ ھېچقانچە قىممىتى بولمايدۇ، ئۇ پەقەت پايدىلىنىلغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ ھەقىقىي قىممىتى بولىدۇ، ئەمما كۆتۈپخانىلاردا ئېچىۋېتىش دېگەندەك ئەمەلىيلەشمىگەن، تۈرلەرگە ئايرىلىش كونكرېت بولماسلىق، ئەسلىھەلەر تولۇق بولماسلىق، ئۇچۇر ئامبىرى بولماسلىق، رەسمىيەتلەر كۆپ ۋە مۇرەككەپ بولۇشتەك تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى پايدىلىنىش ناھايىتى قىيىن، ئۈنۈمسىز .

## 3. كەسىپلىشىشتە

كۆتۈپخانىلاردا كەسىپلىشىش قۇرۇلمىسى پۇختا ئەمەس. بۇنى مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

1) ئىختىساسلىقلار قوشۇنى مۇكەممەل ئەمەس، كۆتۈپخانىلاردا كۆتۈپخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ كەسپىي سەۋىيەسى كۆتۈپخانا مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلەيدۇ. لېكىن نۆۋەتتە كۆتۈپخانىلاردا خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسى تولۇق كۇرستىن تۆۋەن. كۆتۈپخانا كەسپىنى پۈتتۈرگەن كەسپىي سەۋىيەدىكىلەرنىڭ سانى تېخىمۇ ئاز.كومپيۇتېر ئۇچۇر تېخنىكىسىنى بىلىدىغان ۋە بىمالال مەشغۇلات ئېلىپ بارالايدىغانلارنىڭ سانى چەكلىك.

2) ئەسلىھەلەر تولۇق ئەمەس. زامانىۋى ئۇچۇر ۋاسىتىلىرى كۆتۈپخانىلارغا زور ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ، نۆۋەتتە كۆتۈپخانىلار تېخى تولۇق سىفىرلىشىپ كېتەلمىدى، زامانىۋى ئۇچۇر ۋاسىتىلىرى كۆتۈپخانىلارغا تېخى تولۇق كىرەلمىدى ھەم كىرگەنلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلمىدى. ئاپتوماتلىشىش ياكى يېرىم ئاپتوماتلىشىش ھالىتى تېخى تولۇق شەكىللىنىپ بولمىدى.

3) كۆلەملىشىش ئىشقا ئاشمىدى. كۆتۈپخانىدا كىتاب-ماتېرىيال كىرگۈزۈش، ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇش ۋە ئۇنى ساقلاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كۆتۈپخانىنىڭ مۇھىم ئىش ھالقىلىرىدۇر، ھەر بىر ھالقىدا نۇرغۇن خىزمەتلەر بولىدۇ. مەسىلەن: ماتېرىيال ساقلاشتا ، ماتېرىياللارنى ئۆز تەرتىپى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىش، ئۇنى تۈپلەش كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆتۈپخانىدا تۈپلەش سېخى بولۇشى، كەسىپلەشكەن خادىملار ئۇنى پىششىقلاپ قايتا ئىش قوشۇپ ئىشلىشى كېرەك، بۇنداق بولمىغاندا كىتاب-ماتېرىياللارنى ساقلاش خىزمىتىدە سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆتۈپخانىلاردا ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قول ماتېرىياللار قۇرۇلۇشى يوق دېيەرلىك. بۇ كۆتۈپخانىغا كىرگۈزۈلگەن ماتېرىياللارنىڭ شۇ پېتى تۇرۇپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ يېڭى ئۇچۇر يېڭى ماتېرىيال ھاسىل قىلىنمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن: مەخسۇس تېمىدىكى ئىندېكس، كاتالوگلارنى ئىشلەش، مۇندەرىجە تۇرغۇزۇش، مەخسۇس تېمىلار

بويىچە يېڭى قىرائەتخانىلارنى بەرپا قىلىش دېگەنگە ئوخشاش قايتا ئۇچۇر ھاسىل قىلىش ئەمگىكى بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كەسپلىشىش قۇرۇلمىسى كۇتۇپخانىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى ئالدىن بېسىش زۆرۈر بولغان مۇھىم قەدەم.

كۇتۇپخانىلار مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، زامانىۋىلاشقان بۈگۈنكى كۈندە، زامانىۋىلىقنىڭ تۈپ بەلگىسى بولغان مەركەزسىزلىشىش ۋە رەڭدارلىقنى كۇتۇپخانا خىزمەت مېخانىزمىنىڭ مۇھىم بەلگىسى قىلسا بولاتتى. لېكىن بۇ مۇتلەقلەشتۈرۈشكە كۆنۈپ قالغان كىشىلەر ئۈچۈن ناھايىتى ئازابلىق. مۇتلەقلەشتۈرۈش تەرەققىياتنى چەكلەش بىلەن بىرگە يەنە كونىنى سېغىنىش تۇيغۇسى بىر قەدەر كۈچلۈك بەزى كىشىلەر ئۈچۈن خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ، شۇڭا بۈگۈنكى دەۋردە مۇتلەقلەشتۈرۈش مۇتەئەسسىپلىك ۋە قالاقلىققا، ئۇنىڭ ئەكسىچە مەركەزسىزلەشتۈرۈش ئىلغارلىققا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مۇتلەقلەشتۈرۈپ ئېيتىلغان سۆزلەر كۆپ بولغان جەمئىيەت تەرەققىي قىلمىغان جەمئىيەتتۇر. مەدەنىيەت ساھەسىدە مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش، مۇئەييەنلەشتۈرۈۋېتىش، رامكا بەلگىلەشتەك بۇ خىل قىممەت قارىشىغا كۆپ دۇچار بولىمىز. مەلۇم قىممەتنىڭ مۇتلەقلەشتۈرۈلۈشى ئۇ ھەقتىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلارنىڭ داۋاملىشىشىنى چەكلەيدۇ. ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلارنىڭ داۋاملىشىشىغا يول قويغۇچى ئۆزىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى مۇتلەقلەشتۈرمەستىن، ئۇ ھەقتىكى ھەرخىل پەرەز ۋە گۇمانلارنىڭ بولۇشىغا يول قويىدۇ.

بىز يوقىرىدا ئېيتقان كۇتۇپخانىچىلىقتىكى مەركەزسىزلەشتۈرۈش تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا، كۇتۇپخانىچىلىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدىكى خىلمۇخىل قىممەت قارىشىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويۇش بولۇپ، بۈگۈنكى دەۋردىكى ھەتتا جۇڭگودىكى ئاساسلىق مەدەنىيەت نەزەرىيەسىگە ئايلانغان مەدەنىيەتتىكى كۆپ خىللىق دەل مۇشۇ ئىدىيەنىڭ مەھسۇلىدۇر. بىز مۇشۇ نۇقتىدىن چىقىپ تۇرۇپ كۇتۇپخانا ۋەكىللىكىدىكى مەدەنىيەت ساھەسىگە مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسى ھەققىدىكى نەزەرىيەلەرنى تەتبىقلىيالايمىز.

كۆپ خىللىق ۋە رەڭگارەڭلىك مەدەنىيەتنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسى ھەرقانداق بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ چەتكە قېقىلىشى بىلەن بۇزۇلىدۇ. بۇ خىل بۇزۇلۇش خۇددى تەبىئەت ئېكولوگىيەسىنىڭ بۇزۇلۇشىدەك ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا كۈچلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇقى تەرەققىياتنىڭ ئاساسى. ئوخشاشلا كۇتۇپخانىچىلىقتا تەڭپۇڭلۇقنىڭ (كىتاب ـ ماتېرىياللارنىڭ سان، سۈپەت ۋە مۇلازىمەت جەھەتتە) بۇزۇلۇشىمۇ كۇتۇپخانا ساھەسىگە زور ئىجتىمائىي زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. كۇتۇپخانىدا تۈرلۈك خىزمەت ۋە مۇھىتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىمۇ كۇتۇپخانىچىلىق ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى ۋە تۈپ كاپالىتى.

كۇتۇپخانىچىلىقتىكى كۆپ خىللىق بىر تەرەپتىن ئوخشىمىغان ئىش ھالقىلىرىنىڭ تەڭ ۋە باراۋەر ئاساستا مەۋجۇت بولۇشىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئېنىقسىزلىقتىن، تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. مەلۇم بىر كۇتۇپخانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى مۇتلەقلەشتۈرۈش ئىككى خىل ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇنىڭ بىرى، ئاشۇ كۇتۇپخانىنىڭ خىزمەتلىرىنى مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىرىش ۋە ئۇنى ئۈلگە قىلىش؛ يەنە بىرى، ئاشۇ كۇتۇپخانىنىڭ خىزمەت ئەندىزىلىرىنى مۇتلەقلەشتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي لەززەتلىنىش ئىستىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

كۇتۇپخانىچىلىق ساھەسىدىكى مەركەزسىزلەشتۈرۈش بەزىدە مەدەنىيەت سالاھىيىتى جەھەتتىكى ئېنىقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. مەدەنىيەت سالاھىيىتى جەھەتتىكى ئېنىقسىزلىق ئىجتىمائىي جەھەتتىن بىر مىللەتنىڭ سىياسىي ئورنىنىڭ ئۇنىڭ مەدەنىيەتتىكى سالاھىيىتى بىلەن چىقىشالماسلىقى سەۋەبىدىن ئورۇن ئالمىششى بولۇپ، بۇنداق ھادىسىلەر ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن رۇس، ئۇكرائىن، تاتار، ئۆزبېك يازغۇچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە

قىلىنغان نۇرغۇن كىتابلىرى بىزگە كىرگەن ۋە مىللىي تىل-يېزىقتىكى كۆتۈپخانىلارنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى سالغان. ئۇ كىتاب-ماتېرىياللارنى تىلى جەھەتتىن ئۇيغۇرچىغا تەۋە قىلىش كېرەك، ئەلۋەتتە. ئەمما ئاپتورى جەھەتتىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەۋەسىگە كىرگۈزۈش كېرەك. سىياسىي جەھەتتىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە بولغان بۇ ئاپتورلارنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇر بولۇپ، بۇلار ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يازغان. بۇ ئاپتورلارنىڭ بىر قىسمى يەنە تەبىئىي پەنگە ئائىت كىتابلارنى يېزىپ، كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن بىزنى تەمىن ئەتكەن. بۇ كىتاب-ماتېرىياللار ئومۇمەن ئۇيغۇرلارغا تەۋە قىلىنىپ تۈرلەرگە ئايرىلغان ۋە شۇ بويىچە مۇئامىلە قىلىنغان. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل ئايرىپ ساقلاش توغرا ئەمەس. بۇ خىل بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا تۈرگە ئايرىش، مەدەنىيەتنى مەركەزسىزلەشتۈرۈش ئېقىمىغا قارشى. كۆتۈپخانىچىلىقتىكى مەركەزسىزلەشتۈرۈش بىر تەرەپتىن مەدەنىيەت سالاھىيىتىدىكى ئېنىقسىزلىققا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەرخىل كەسىپلەر ئارىسىدىكى چېگرانى بۇزۇپ تاشلاشتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. كۆتۈپخانىدا شۇنداق كىتاب-ماتېرىياللارمۇ باركى، ئۇلاردا ئاپتور ئوخشاشمىغان پەنلەرنىڭ كېسىشمە نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يەكۈنلەپ چىقىدۇ، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ئېستېتىكا، ئاسترونومىيە، تېبابەت، پەلسەپە قاتارلىق پەنلەرنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلىنىپ، بەلگىلىك ئۇقۇم، چۈشەنچىلەر ئارقىلىق، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ تۈرلۈك كۆز قاراش ۋە ئوي-پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كۆپچىلىككە سۇنىدۇ. مەسىلەن، مەھمۇت كاشغەرى ۋە ئۇنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام»، ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «مەۋجۇتلۇق تەئەججۈپنامىسى»، «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا» قاتارلىق كىتابلاردا ھەم لۇغەتلىك ھەم تارىخلىق قىممەت، ھەم ئۆرپ-ئادەتلىك قىممەت ھەم ئاپتورنىڭ كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرى، تەسىراتلىرى ، دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ قوللانغان تىلى، تارىخى، سىياسىي، ئىدېئولوگىيەسى، پەن- تېخنىكىسى، جۇغراپىيەسى، ئىقلىمى، مەمۇرىي رايونلىرى دېگەندەك نۇرغۇن ئۇچۇرلار مۇجەسسەملەنگەن.

بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە ھەرخىل پەنلەر ئارىسىدىكى پەرقلەر ئېنىقسىزلىشىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئېنىقسىزلىق پەنلەر بىلەن پەنلەرنىڭ بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى ۋە بىر-بىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق بولماقتا. پىسخىك ئانالىزچىلار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبە ئوبيېكتى قىلغان بولسا، پەلسەپە پىسخىك ئانالىز نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىنىڭ قىممىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى تەڭشىدى. دېمەك پەنلەر بىلەن پەنلەر ئۆزئارا سىڭىشتى ۋە ئارىلىشىپ كەتتى. ئىلگىرىكى دەۋرلەردە كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئىنتايىن ئاسان ئىدى. ھەتتا كىتابلارنى ماۋزۇسىغا قاراپلا تۈرگە ئايرىغىلى بولاتتى.كېيىنكى زامانىۋىلىقنىڭ ئېنىقسىزلىق پىرىنسىپى پەنلەر بىلەن پەنلەر ئارىسىدىكى چېگرانى بۇزۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، كۆتۈپخانا خادىملىرى كىتابلارنى تۈرگە ئايرىشنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىپ، يېڭىچە ئۇسۇل ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. مەسىلەن، «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» دېگەن كىتابنى قايسى تۈرگە تەۋە قىلىش ئىنتايىن قىيىن مەسىلە. بۇ كىتابتا ھازىرقى دۇنيا سىياسىيسى تەھلىل قىلىنىلغان بولسىمۇ، ئۇنى سىياسىي كىتابلار قاتارىدا كۆتۈپخانىدا بىر جايغا قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ كىتابتا مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىنىڭ ئاساسى بولغان دىن، مەدەنىيەت، سىياسىي ۋە پىسخىكا ھەققىدە توختالغان جايلار خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنى مەدەنىيەتلەر تەتقىقاتىغا تەۋە كىتابلار ئارىسىغا قويۇشقىمۇ بولمايدۇ، دىنىي كىتابلار قاتارىغا تىزىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى مەخسۇس دىنىي تەتقىق قىلغان كىتاب ئەمەس. بۇ كىتابتىكى تەھلىل ئۇسۇلى يەنە بىر تەرەپتىن پىسخىك تەھلىل بولۇپ، مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى پىسخىك ئاساس نەھايىتى ئىنچىكە تەھلىل قىلىنغان، لېكىن ئۇنى پىسخولوگىيە توغرىسىدىكى كىتابلار بىلەن بىر تۈرگە تەۋە قىلىش خاتا، چۈنكى ئۇنىڭدا يەنە

جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىمۇ خېلىلا كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. كېيىنكى زامانىۋىلىق دەۋرىدىكى ھادىسە بولغان مەدەنىيەتلەرنىڭ توقۇنۇش ھادىسىسىنىڭ ئۆزىلا كېيىنكى زامانىۋىلىق دەۋرىنىڭ ھەممە خىل ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان. بۇ توقۇنۇش بىر تەرەپتىن غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت توقۇنۇشىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئوخشىمىغان ئىككى خىل سىياسىي ئىدېئولوگىيە ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي توقۇنۇشنى ۋە يەنە ئوخشىمىغان دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا مەدەنىيەتنىڭ توقۇنۇش ھادىسىسىنىڭ ئۆزىلا كېيىنكى زامانىۋىلىق دەۋرىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ رېئاللىقتىكى ئۇنىۋېرسال كېسەللىكى بولۇپ، ئۇنى ياكى دىنىي ئىش ياكى سىياسىي ئىش ۋە ياكى مەدەنىيەتتىكى توقۇنۇش دەپ كېسىپلا بىرىگە تەۋە قىلغىلى بولمايدۇ. نوقۇل سىياسىي ئۇچۇن ئېلىپ بېرىلغان باشقا ئۇرۇشلار توغرىسىدىكى كىتابلارغىمۇ ئوخشىتىشقا بولمايدۇ.

«نىكاھ ۋە جىنسىيەت »، «ئاياللار ۋە قان تېپى»، «ئاياللار ۋە بەختلىك ئائىلە» دېگەنگە ئوخشاش بىر مۇنچە كىتابلاردا ئاياللار پسىخىكىسى توغرىلىق، ئاياللىق گىگىېناسى توغرىلىق، نىكاھ توغرىلىق ھەم جىنسىيەت توغرىلىق توختالغان، ئۇنى نىكاھ توغرىسىدىكى كىتابلارغا تەۋە قىلىشمۇ ياكى تۇرمۇش بىلىملىرى توغرىسىدىكى كىتابلارغا تەۋە قىلىشمۇ ۋە ياكى تېبابەت توغرىسىدىكى كىتابلارغا تەۋە قىلىشمۇ مۇمكىن. بەزىلەر بۇلارنىڭ ھەممىسى جىنسىيەت توغرىسىدىكى كىتاب بولغان ئىكەن، كۇتۇپخانىلاردا جىنسىيەت توغرىسىدا ئايرىم جاھازا تۇرغۇزۇپ، شۇ يەرگە تىزىش زۆرۈر دەپ قارىماقتا. لېكىن بۇنداق ئايرىش بىلەنمۇ مەسىلە ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى بۇنداق تۈرگە بۆلسەك، قانۇن توغرىسىدىكى كىتابلارنى باشقا ساھەلەرگە چېچىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئورمانچىلىق قانۇنى توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئورمانچىلىق بىلىملىرى قاتارىغا، مائارىپ قانۇنى توغرىسىدىكى كىتابنى مائارىپ ۋە ئوقۇ- ئوقۇتۇش توغرىسىدىكى كىتابلار قاتارىغا كىرگۈزۈش دېگەندەك. شۇنىڭ بىلەن ئاساسىي پەنلەر خاس تۈر بولۇشتىن قېلىپ، كىچىك ئاتالغۇلار ئاساس بولۇپ كېتىدۇ.

بىز كېيىنكى زامانىۋىلىق دەۋرىنىڭ ئېنىقسىزلىق پىرىنسىپى ۋە رېئاللىققا ماس ھالدا كۇتۇپخانىلاردا كىتابلارنى تۈرگە ئايرىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىشىمىز زۆرۈر. نۆۋەتتە تۈركۈم-تۈركۈملەپ نەشردىن چىقىۋاتقان نۇرغۇن كىتابلار بار، يېقىندا نەشردىن چىققان يالقۇن روزى ۋە ئابدۇقادىر جالالىدىن قاتارلىق كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىپ ، يازغۇچى، تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ يېڭىدىن نەشردىن چىققان يۈرۈشلۈك كىتابلىرى بۇنداق تۈرگە ئايرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى يەنە بىر قېتىم ئېسىمىزگە سالماقتا، مەدەنىيەتلەرنىڭ توقۇنۇشىشى، تۈرلۈك بىلىملەرنىڭ ئۆزئارا كېسىشىشى بۈگۈنكى دەۋرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى بولغان ئىكەن، جەزمەن كۇتۇپخانىلاردىكى كىتاب- ماتېرىياللارمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا تۈرلەرگە ئايرىلىشى، تېخىمۇ كونكرېت ۋە تېخىمۇ ئېنىقلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ ھەل قىلغىلى بولمايدىغان مەسىلە ئەمەس. ھازىرقى يۇقىرى تېخنىكا، كومپيۇتېر ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسى ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بۇ بىزنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھاكىمە قىلىشىمىزنى، بۇ ساھەدە تېخىمۇ كۆپرەك ئىزدىنىشىمىزنى، تەرەققىيات داۋامىدا يېڭىچە يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشىمىزنى، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىشىمىزنى، يېڭىلىق يارىتىشىمىزنى كۈتمەكتە.

## پايدىلانمىلار


1.王岳川，尚水：《后现代主义文化与美学》，北京大学出版，1992 年 2 月.

2. 李光成：《文化的结构于灭亡》，上海文美出版社，1998 年 2 月.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

# Journal of Xinjiang University

(Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)

Vol.34, Iss.1 (Total:133) Mar 2012

## Contents

A Discussion on the Way of "Establish the People Satisfied, Quality-First" University............... ....................*Tashpolat Teyip*(1)

A Discussion on the Party's Correct Leadership and the Nation's Prosperity........*Ablikim Hasan*(6)

An Analysis on the Three Famous Pomes in 18th Century Uyghur Literatu.........*Gh. O. Utghur* (15)

A Study on Uyghur Traditional Diet Culture in Kashgar.................................................... ....................*Cheman Najimden, Mamatzunun Abdukerim*(24)

A Discussion on Ideological Reformism in Modern Uyghur Literatur......*Abudushukur Mollek*(31)

A Discussion on Changing of the Narration Form in the Modern Uyghur Prose........................ ....................*Sulayman Keyyum*(37)

An Analysis on Consumption View and Consuming Behavior of Present Minority College Students....................*Abdulla Esmayil*(43)

A Research on Defect of Enterprise's "Stock Option Plan" and Its Solution..........*Askar Anwar*(50)

An Introduction to the Fuyu—Kirgiz Language and Its Related Languages............................... ....................*Muhammad Olmaz, Zamire Ahmed (Translator)* (54)

An Analysis on Morphological Characteristics of "Irk Bitig" in Old Turkic............................ ....................*Ababakre Abdureshed*(68)

A Comparison Study on Chinese and Uyghur Birds' Names Motivation.......*Hayur Abdukader*(73)

A Discussion on Place Names and Structural Features of Uyghur Place Name......*Kheyum Mijit*(79)

Discussion about the Uyghur Traditional Bazar from the Point of Time and Space....*Halida Islam*(83)

A Discussion on the Necessity of Artistic Appreciation in Spiritual Life................................ ....................*Abdurusul Kecheknahun*(88)

An Analysis on Children's Images in the "Desert Season"............................*Bulbul Akram*(93)

A Study on Creative Characters of Modern Uyghur Novel and the Connection between Classic Uyghur Literature....................*Maryem Khurban*(104)

An Introduction on a Famous Language Artist in the 20th Century ............*Shawket Elahun*(109)

A Discussion on Enhancing the Basis of Legal System of the Leapfrog Development in Xinjiang....................*Ahmed Mamut*(116)

An Introduction to Present Condition of Cultural Heritages in Turpan Museum.................... ....................*Gulnur Hamdul*(122)

A Discussion on a Heritage under the Threat --- Karez.........................*Rukiyegul Mehmut*(131)

A study on the Existing Problems in Library Management.....................*Repket Abdureshed* (135)

# ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА

(Трёхмесячный журнал философи и общественной науки на уйгурсом языке)

**№.1.2013г (Общий: № 133)**

**Содержание**

Идея о постройке университета высокого качества, которым доволен весь народ ……………………………………………………………………………………Ташполат Тайип

Правильное руководство__основа возвышения государства……………..….Аблыким Хасань

О трёх стихах в истории уйгурской литературы 18 века ………………Хайратджань Осман

Изучение культурных особенностей традиционного питания уйгуров, проживающих в Кашгаре СУАР……………………………Чимэнь Нажмидинь, Маматзунунь Абдикирим

Мысль инновации в современной уйгурской литературе………………Абдушкурь Моллак

Изменение способа описания в уйгурской прозе…………………………. Сулайман Кейим

Понимание и виды потребления студентов национального меньшинства…………………… ……………………………………………………………………………………Абдулла Исмаиль

Анализ проблем, существующих в плане «Опционы на акции» и способы их решения……………………………………………………………………………Аскарь Анварь

Киргизский язык ФуЙу и другие языки…..….Мэхмад Олмфэз, Зэмирэ Эхмад (переводчик)

Морфологический анализ произведения «Ерик бетик» на древнем тюркском языке…………………………………………………….. ……………Бэкри Абдуршит

Орфографический анализ существительных, обозначающих птиц в китайском и уйгурском языках…………………………………………………………………………Гайур Абдукадырь

Географические названия и анализ топонимики в уйгурском языке……..……Кейум Мижит

Культура оазиса и уйгурские базары……………………………………………..Халида Ислам

Наслаждение искусством _____спрос моральной жизни…………..Абдурусуль Кечыкахунь

Образ детей в произведении «Песочный сезон»……………………………..……..Булбуль Екрамь

Творческие особенности уйгурских романов и их связь с классической уйгурской литературой ……………………………………………………………… Мэрйэм Курбань

Художники в 20 веке………………………………………………………………. Шокат Илахунь

Законодательный строй в развитии СУАР……………………………….. Ахмад Мамут

Положение выставки культурных ценностей в городе Турфан……………Гульнурь Хамдуль

Охрана культурного наследия колодца Турфанский Карыз……………Рукиягуль Махмуд

Исследование проблем, существующих в управлении литературой на языках национального меньшинства в библиотеке…………………………………Рыпкат Абдурэшит

# دوتسېنت ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات

# 艾西热甫 • 阿布都拉副教授



ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات، ئۇيغۇر، 1962 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى توقسۇن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، دوتسېنت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات 1970 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە توقسۇن ناھىيەسىنىڭ يىلانلىقتىكى بوستان باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدە، 1980 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆزى ئوقۇغان فاكۇلتېتقا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. 1991 ـ يىلىدىن 1992 ـ يىلىغىچە ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى تەشكىللىگەن ئالىي مەكتەپ تايانچ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيەلەش سىنىپىدا، 1999 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پارس تىلى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىدا ئوقۇغان. 2004 ـ يىلى دوتسېنتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات 30 يىلغا يېقىن ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى جەريانىدا ماگىستىر ئاسپىرانتلارنىڭ دىسسېرتاتسىيە تېمىسىنى ئېچىش ۋە دىسسېرتاتسىيەسىنى باھالاش خىزمەتلىرىگە قاتناشقاندىن سىرت، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيەلەش لايىھەسى»نى، «كەسپىي ئوقۇتۇش لايىھەسى»نى تۈزۈشكە قاتناشقان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نۇقتىلىق ئىجتىمائىي پەن تۈرى سەرخىل دەرس «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»نى نۇقتىلىق ئۆتكەندىن باشقا، «ئۇيغۇر پەلسەپە ئىدىيە تارىخى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئېپىك ئەسەرلەر تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ژانىر تەتقىقاتى»، «فارابىيشۇناسلىق»، «‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› تەتقىقاتى»، «‹قۇتادغۇ بىلىك› تەتقىقاتى»، «قوچۇ ئىدىقۇت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، «سۆھبەتشۇناسلىق» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. ش ئۇ ئا ر نىڭ «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ۋە مىللىي تىل ـ يېزىقتىكى دەرسلىك پىلانى تۈرى»گە كىرگۈزۈلگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (2012 ـ يىلى نەشرى) كىتابىنى، يەنە «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ئۈچىنچى تومى (1993 ـ يىلى نەشرى)، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (1998 ـ يىلى نەشرى)، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (ئىككى توم، 2002 ـ يىل نەشرى)، «ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىياتى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (2002 ـ يىل نەشرى) قاتارلىق كىتابلارنى يېزىشقا قاتناشقان. «‹ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى› دەرسىنى ئۈنۈملۈك ئۆتۈش توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىغا دائىر ئون چوڭ مەسىلە» قاتارلىق تېمىلاردىكى بىرقاتار ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ۋە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا «خەمسە ۋە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ‹خەمسە›نى يېزىشىغا دائىر مەسىلىلەر»، «‹قۇتادغۇ بىلىك›تىكى يارقىن تەسەۋۋۇر، ئۈچ تۈۋرۈكلۈك ھاكىمىيەت باشقۇرۇش شەكلى» قاتارلىق 100 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ۋە «ئەسىرلەر ئابىدىلىرى ــ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ناملىق مەخسۇس تەتقىقات ئەسىرى نەشر قىلىنغان. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات تۈرى «يېزىقنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ھەققىدە تەتقىقات»، «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى «ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» قاتارلىقلارغا قاتناشقان. ئۇنىڭدىن باشقا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئىشلىگەن «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى» تۈرىنىڭ كىتابى «ئۇيغۇر كىشى ئىسىم ـ فامىلە قوللانمىسى»نى، «دۆلەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرۇش» ناملىق كىتابنى يېزىشقا قاتناشقان. بېيجىڭ قاتارلىق شەھەرلەردە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق، مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشقان. ماقالىلىرى «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى مۇھاكىمە ماقالىلىرىدىن تاللانما»، «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە ــ ‹قۇتادغۇ بىلىك›»، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالە توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىغا دائىر 400 تەتقىقات تېمىسى بىلەن فارابى، گابائىن خانىم، خېۋىر تۆمۈر قاتارلىق ئالىم، ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىيوگرافىيەسىنى ئېلان قىلغان. ئۇ ئىستۇدېنتلارنى يېتەكلەپ قەشقەر، نىيە، چاقىلىق، لوپنۇر، غۇلجا قاتارلىق جايلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەت، بۇيۇملىرىنى توپلاپ، بۇيۇملارنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى يېزىشقا قاتنىشىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «211 قۇرۇلۇشى»دىكى مۇھىم بىر تۈر بولغان «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى»نىڭ قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقان. ئۇ يۇقىرىقى نەتىجىلىرى بىلەن ئىككى قېتىم مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، ئۈچ قېتىم مۇنەۋۋەر سىنىپ مەسئۇلى دېگەن شەرەپلەرگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان.

ئۇ ھازىر جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ كارىز تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# 新疆大學學報

Journal of Xinjiang University

哲学社会科学维吾尔文版

季刊（1980年创刊）

第34卷 第一期 2013年3月1日出版

主管・主办：新疆大学（乌鲁木齐胜利路14号）

主　　编：阿布里克木・亚森

编辑出版：新疆大学学报编辑部

印　　刷：乌鲁木齐光大印刷厂

邮政编码：830046

电　　话：0991-8582927

电子邮箱：xju13@xju.edu.cn

国内发行：全国各地邮政局

国外发行：中国国际图书贸易总公司（北京399信箱）

国际标准刊号：ISSN 1005-5878

国内统一刊号：CN65-1034/G4-W

国内代号：58-13

国外代号：5798（QR）

定　　价：6.00元

ISSN 1005-5878

04>

9 771005 587001

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

پەسىللىك ژۇرنال (1980 - يىلى چىقىشقا باشلىغان)

2013 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى (34 - يىللىق 1 - سان)

باشقۇرغۇچى، مەسئۇل ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

باش مۇھەررىر: ئابلىكىم ياسىن

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىراتى نەشر قىلدى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 - قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830046 تېلېفون: 0991 - 8582927

ئېلخەت ئادرېسى: xju13@xju.edu.cn

باسقۇچى: ئۈرۈمچى گۇاڭدا باسما مەركىزى

مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتا ئىدارىلىرى تارقىتىدۇ

جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى خەلقئاراغا تارقىتىدۇ

(بېيجىڭ 399 - خەت ساندۇقى)

خەلقئارالىق ئۆلچەم نومۇرى: ISSN 1005 - 5878

مەملىكەتتە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN 65 - 1034/G4 - W

خەلقئارالىق ۋاكالەت نومۇرى: 5798(QR)

مەملىكەت ئىچىدىكى ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 13

باھاسى: 6 يۈەن